# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学

1

阿布都里木提于素甫太毛拉吉木





تۇرپاننىڭ بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملەردىن تاللانمىلار

1-، 2 - رەسىم: تارما (بۇددا قانۇنى)نى تەفسىر قىلىش (ئۈستىدە بىراھما
يېزىقىدىكى يېغىشلىما بار، 5-، 9 - غار)

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel: 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul

# مۇندەرىجە

دېموكراتىيە تارىخى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە پەلسەپەۋى پىكىر يۈرگۈزۈش
........................................ شاۋچۈن 1
ۋ. ئى. لېنىننىڭ «مىللەتلەر توغرىسىدىكى ياكى ئاپتونوملاشتۇرۇش
توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر» دېگەن ئۈچ پارچە خېتى توغرىسىدا
مۇلاھىزە ........................................ توقتارخان 15
بىلىشنىڭ يىگانىلىقتىن باغلىنىشلىقلىقا، تۇرغۇن ھالەتتىن ھەرىكەتلىك ھالەتكە
تەرەققىي قىلىشى ........................................ جاڭ لىيەنشياڭ 40
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ............... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 62
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى توغرىسىدا ..............
........................................ مەخمۇت يۈسۈپ 77
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى
ئىزدىنىش ........................................ يۈسۈپ ئەلى 90
شىنفۇجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات ............... چېيەن بوچۈەن 111
چاغاتاي خانلىقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ............... ليۇ جىڭشياۋ 137
شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات ..............
........................................ تىيەن ۋېيجياڭ 166
شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا ............... لىن گەن 186

# 目　录

关于民主历史考察和哲学思索
……………………………………………………………邵　纯　（艾则孜玉素甫译）
学习和探讨列宁《关于民族或民族自治问题的三封信》
………………………………………………………………………………托乎塔尔汗
认识——从孤立到联系和从静态到动态的发展
……………………………………………………………………张连祥　（瞿马洪译）
玉素甫·哈斯·哈吉甫与维吾尔文学
…………………………………………………………………………阿·乌铁库尔
试论《福乐智慧》的改革思想
………………………………………………………………………麻合木提玉素甫
关于玉素甫·哈斯·哈吉甫法学观点的初探
…………………………………………………………………………玉素甫江艾里
新复州回鹘研究
…………………………………………………………钱伯泉　（肉孜吐尔地译）
论察合台汗国
……………………………………………………………………………………刘志霄
北匈奴西迁考
…………………………………………………………林幹　（阿瓦汗萨克译）
关于新疆蒙古都格拉特部的研究
……………………………………………………田卫疆　（阿布来提努尔东译）

# دېموكراتىيە تارىخى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە پەلسەپەۋى پىكىر يۈرگۈزۈش

شاۋچۈن

( 1 )

دېموكراتىيە — بۇ بىر سىناق تېشى. خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلىكى ئادەملەر دېموكراتىيىنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ؛ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ماختىنىدىغانلىكى ئادەملەر دېموكراتىيىنى مەگسىتمەيدۇ؛ قولىدا ھەقىقەت بولمىغانلىكى رەھبەرلەر دېموكراتىيىدىن قورقىدۇ ۋە دېموكراتىيىنى بوغىدۇ؛ سەممىي نىيەت بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىكى ئادەملەر دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنى مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىدۇ.

بۇ سىناق تېشى كىشىلەرنىڭ مەۋقەسى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىسى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ تارىخقا بولغان چۈشەنچىسىنى، رېئاللىققا بولغان چۈشەنچىسىنى ۋە كەلگۈسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دېموكراتىيە، بىر مىليارد نوپۇسقا ئىگە، يەنە كېلىپ ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغان بۇنداق بىر چوڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىملىق، ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇڭا، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىش — مەملىكىتىمىزدىكى پۈتۈن خەلقىمىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە بىرلىكتە تەتقىق قىلىشقا، بىرلىكتە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك زور تېما بولۇپ قالدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار» ىدا: «يۈكسەك دېموكراتىيە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ نىشانلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دۆلەت ھاياتىدىكى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مۇھىم ئىپادىسى.» «دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. يۈكسىلىش بىلەن نىشان

بېكىتىلدى، لېكىن رېئاللىقتىن كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىش ئىزدىنىش داۋامىدا ئىلگىرى-لەش، ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنتايىن مۇرەككەپ شەيئىلەر ئۈستىدە، كىمىكى ئالدىراپلا ھەقىقەتنى جاكالايدىكەن، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تاسادىپىيلا ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. قەتئىي ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى — بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر تەرەپتىن خۇلاسىلاپ، پەيدىنپەي غايىۋى مەنزىلگە يېتىش. ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئارقىغا نەزەر سېلىپ قاراپ بېقىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، تارىختا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئادەم ۋە ھەممە ئىش ئارتۇقچە بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى ھامان ئەنە شۇنداق دىئالېكتىكا بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئالدى بىلەن بىز، دېموكراتىيىنىڭ قاپ يېرىپ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيانقى تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىچە تەكشۈرۈپ ئۆتەيلى، بۇنىڭدىن مەقسەت، بىز تارىخىي ۋەقەلەردىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈن يېتەكچى قىلىشتىن ئىبارەت.

( 2 )

مەملىكىتىمىزدە فېئوداللىق جەمئىيەت ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان، پىشىپ يېتىلگەن كاپىتالىزم باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن شارائىتتا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. شۇڭا، مەملىكىتىمىزدە دېموكراتىيە ئەنئەنىسى كەم. بۇ ئالدى بىلەن دېموكراتىيە دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ جەھەتتە ھەتتا ئويغىتىش خاراكتېرلىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. خېلى كەڭ ئامما ئىچىدە، دېموكراتىيە دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىغا نىسبەتەن بىر خىل ساددا ئەمما بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە مەۋجۇت. ئۇلار گويا ئوچۇق چىراي، خۇش پېئىل بولۇپ، ئىشلار ئۈستىدە باشقىلار بىلەن كۆپرەك مەسلىھەتلەشسىلا، بۇ خېلى ئوبدان دېموكراتىيە بولغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ياق، بۇنداق قاراش باللارچە دېموكراتىيە قارىشى بولۇپ، دەرەخنىڭ شېخىنى دەرەخنىڭ غولى دەپ خاتا ھېس قىلغانلىق. دېموكراتىيە — ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر خىل شەكىل، ئىستىبداتلىققا قارىمۇقارشى بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈم. ھەممىدە پۈتۈنلۈكتىن قىسمەنلىككىچە بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمى. مانا مۇشۇ

ئومۇمىي ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، دېموكراتىك پرىنسىپ، دېموكراتىك ئۇسۇل، دېموكراتىك ئىستىل، دېموكراتىك هوقۇق، دېموكراتىك كەيپىيات ۋە هاكازالار هاسىل بولغان.« دېموكراتىيە » بىلەن« دۆلەت » بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق. دۆلەت — بۇ بىر تارىخىي كاتېگورىيە، دېموكراتىيىمۇ بىر تارىخىي كاتېگورىيە، هەر ئىككىسىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش جەريانى بولىدۇ.

بىز، ئىنسانلار بېسىپ ئۆتكەن ئىزنى بويلاپ، دېموكراتىيىنى ماكرو تارىخ جەھەتتىن تەكشۈرگىنىمىزدە، دېموكراتىيە تەرەققىياتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. دېموكراتىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۆزلىنىشى گويا مۇزىكا نوتىسىدىكى تەدرىجىي كۈچىيىش بەلگىسىگە ئوخشاش، تارلىقتىن كەڭلىككە قاراپ كۈنسايىن كېڭىيىپ بارىدۇ. بىراق، مۇزىكا نوتىسىدىكى تەدرىجىي كۈچىيىش بەلگىسى ئىككى تۈز سىزىقتىن هاسىل بولغان، دېموكراتىيىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىش بەلگىسى بولسا ئىككى ئەگرى سىزىقتىن هاسىل بولغان، خالاس. دېموكراتىيە تەرەققىياتىنىڭ كەينىگە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ چەكلىگۈچى كۈچى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان. لېنىن دېموكراتىيە تارىخىنى مۇنداق يەكۈنلىگەن: دېموكراتىيە قەدىم زاماندىكى ئۇندۇرمە هالەت دەۋرىدىن تارتىپ، نەچچە مىڭ يىللىق جەريان ئىچىدە، دېموكراتىيىنىڭ شەكلى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئالماشتى. قەدىم زاماندىكى يۇناننىڭ هەر قايسى جۇمهۇرىيەتلىرىدە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى هەر قايسى شەهەرلەردە، تەرەققىي قىلغان هەر قايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، دېموكراتىيىنىڭ شەكلى ۋە قوللىنىلىش دەرىجىسى تۈرلۈكچە بولدى » ①.

لېنىن ئېيتقان « قەدىم زاماندىكى ئۇندۇرمە هالەت » باشلانغۇچ جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا سىنىپمۇ، دۆلەتمۇ بولمىغاچقا، هەقىقىي دېموكراتىيىمۇ يوق ئىدى، پەقەت دېموكراتىيىنىڭ ئۇندۇرمە هالىتىلا مەۋجۇت ئىدى. ئېنگېلس بۇ خىل هالەتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن:« ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى نېمە دېگەن گۈزەل تۈزۈم - هە! ئارمىيە يوق، ژاندارما ۋە ساقچى يوق، ئاقسۆڭەكلەر، پادىشاه، ئەمىر، يەرلىك ئەمەلدار ۋە سوتچى يوق، تۈرمە، ئەرز - دەۋا ئىشلىرى يوق، هەممە ئىش ئۆز تەرتىپى بىلەن بولىدۇ »②. ئەپسۇسكى بۇ گۈزەل تۈزۈم يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان ماددىي مەدەنىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى بىر خىل جاهالەتلىك، پۈتۈنلەي دېگۈدەك تەبىئىي هالەتتىكى ئۆزىچە دېموكراتىيە ئىدى، شۇڭا ئېنگېلس ئۇنى «تەبىئىي ئۆسۈپ چىققان دېموكراتىيە تۈزۈمى» دەپ ئاتىغان.

ئىشىنچە مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قۇللۇق جەمئىيەتتە، قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇچىغا چىققان ئىستىبداتلىقتىن باشقا، ھېچقانداق دېموكراتىيىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن سودا، سانائەت بىر قەدەر راۋاجلانغان رايونلاردا، ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولغان ئاددىي خەلقلەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەن بەرمەي كۈرەش قىلغانلىقتىن، قەدىمكى يۇناندا ئافىنا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بارلىققا كېلىپ، قۇللۇق جەمئىيەت دېموكراتىيىسى يولغا قويۇلغانىدى. بۇ تۈزۈمدىكى دېموكراتىيە ھوقۇقى قۇلدارلارغا ۋە ئەركىن خەلققە مەنسۇپ بولۇپ، ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان قۇللاردا قىلچە دېموكراتىيە ھوقۇقى يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى ئافىنا 100 ئاپتونومىيە رايونىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ رايون باشلىقى، مالىيە تەپتىشى ۋە سوتچىلىرىنى سايلاپ چىققان. 10 ئاپتونومىيە رايونى بىر چوڭ سايلام رايونى بولۇپ، ھەربىر چوڭ سايلام رايونىدىن 50 نەپەر ۋەكىل سايلاپ، پۈتۈن ئافىنانىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى — «500 كىشىلىك كېڭەش» تەشكىل قىلىنغان. بۇ 500 كىشى يەنە 10 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، نۆۋەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ھەر كۈنى چەك تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چەك چىققان كىشى شۇ كۈنى رەئىسلىكنى ئۆتىگەن. قۇلدارلار بىلەن ئەركىن خەلقلەرنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئېنگېلس «يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دۆلەت شەكلى» دەپ ئاتىغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ يىراق قەدىم زامان دەۋرىدە ياۋ، شۈن، يۈلەرنىڭ «ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن» لىكى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار، ئەمما «ئۆتۈنۈپ بېرىش» نىڭ ئورنىنى ۋارىسلىق تۈزۈمى ئالغان. «ئەدەپنامە» دە: «ئەڭ ئالىي غايە شۇندىن ئىبارەتتۇركى، دۆلەت ئومۇمنىڭ بولۇش، ئاقىللارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش، ئىشەنچ - ئىناۋەتنى ساقلاش، ئىناق - ئىتتىپاق بولۇش» دېگەن خاتىرىلەر بار. ئەمما قۇللۇق جەمئىيەت دېموكراتىيىسى توغرىسىدا بىرەر نەرسە دېيىلمىگەن.

فېئوداللىق جەمئىيەتتە، خان ياكى پادىشاھلار ئاغزىدا «دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرىمەن» دېيىشەتتى. فېئوداللىق بىلەن دېموكراتىيە «قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز» بولۇپ، ئىككىسى ئوت بىلەن سۇ چىقىشالمىغاندەك، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيىتىدە، بىرمۇنچە ئىلغار مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پات - پاتلا دېموكراتىيە ئۇچقۇنلىرى

چاقناپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن دېموكراتىيە تۈزۈمى زادىلا رېئاللىققا ئايلىنالمىغانىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان فېئودالىزمنىڭ قالدۇق ئاڭلىرى دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىغا يەنىلا ئېغىر ھالدا توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا.

دېموكراتىيە مەسىلىسىدە، بۇرژۇئازىيىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى ھەقىقەتەن كىچىك ئەمەس. XVII ــــ XVIII ئەسىردىكى جامائەت پىكرى تەييارلىقىدىن XIX ئەسىردە كاپىتالىستىك تۈزۈم ھەقىقىي ئورنىتىلغانغا قەدەر، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك توغرىسىدىكى چۇقان - سۈرەنلەر باشتىن - ئاخىر ئۈزۈلمىدى. مونتېسكيۇ «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فېئوداللىق ئىستىبدات ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ باققان؛ ۋولتېر «تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى» نى جاكالاپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغ ئۇچىنى توپ - توغرا پاپىغا قاراتقان، پاپىنى «ئىككى پۇتلۇق ھايۋان» دەپ سۆككەن؛ رۇسسو «ئىجتىمائىي شەرتنامە نەزەرىيىسى» دە ھەتتا مەمۇرىي باشلىقلارنى خەلق تەيىنلەش، خەلق نازارەت قىلىش، خەلق ئېلىپ تاشلاش دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ دىدېرونى ۋەكىل قىلغان «قامۇسچىلار» ئەقىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇستەبىتلىككە قارشى ئومۇميۈزلۈك تەنقىدنى قانات يايدۇرغان. ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىسى ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە يەنىلا قىممەتلىك بولۇپ كەلمەكتە. جېففېرسون يېزىپ چىققان ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامە» سى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالغان. بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق ئىدىيىلىرى ئىنسانلارنىڭ بىر قېتىملىق زور مەنىۋى ئازادلىقى ئىدى. لېكىن دېموكراتىيە ھوقۇقى مەۋجۇت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىغا قويغان دېموكراتىيە نەزەرىيىسى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن زىت بولغاچقا، ئۇنىڭ نەتىجىسى پەقەت ئازسانلىق مۈلۈكدارلارنىڭ دېموكراتىيىسى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دېموكراتىيىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئوتتۇرا ئەسىرچىلىككە قارىغاندا تارىختا بىر چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىر، يەنە كېلىپ كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا تار، تولۇقسىز، ئادەم ئالدايدىغان دېموكراتىيىدىن ئىبارەت بولماسلىقى، بايلار ئۈچۈن جەننەت، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن، نامراتلار ئۈچۈن دوزاق ۋە ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس»[8]. لېنىن بۇ سۆزنى 1918 - يىلى ئېيتقان. 70 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر دېموكراتىيە مەسىلىسىدە ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى

www.uyghurkitap.com



ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ كەلمەكتە. پەن تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىگە بولغان دېموكراتىيە هوقۇقى سەل-پەل كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە لېنىننىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمى ئۆزىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تېخى يوقاتقىنى يوق.

ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى پۈتۈن ئۆمرىنى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئۇ «ئەدەپنامە» دېگەن بەزى سۆزلەرنى ئۆز قولى بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ كۆچۈرگەن، ئۇ بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ قەدىم زامانىدىكى مۇتەپەككۇرلىرى تەسۋىرلىگەن «دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى» نى ئارزۇ قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب دۆلەتلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، جۇڭگودا بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولغانىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى چىڭ خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپە ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگودا ئۆزى ئارزۇ قىلغان دېموكراتىيە تۈزۈمىنى بەرپا قىلالمىدى، نەتىجىدە مىلىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇشۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى تىكلەندى.

«4-ماي» ھەرىكىتىدە دېموكراتىيە ۋە ئىلىم-پەن ساداسى كۆتۈرۈلدى، ئىجتىمائىي دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار «دې ئەپەندى» (دېموكراتىيىچى) دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلاپ بەردى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب «يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب» دەپ ئاتالدى. دېمەك، دېموكراتىيە — ئىنقىلابنىڭ يادرولۇق مەسىلىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش مۇساپىسىنى باشلىدۇق. بۇ مۇساپە ئەگرى-توقاي بولۇپ، بىز ئىنتايىن كۆپ جەبىر-جاپا ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەقىقىي سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئەمدى باشلىدۇق.

( 3 )

1918-يىلى، لېنىن: «پرولېتارىيات دېموكراتىيىسى ھەرقانداق بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىگە قارىغاندا مىليون ھەسسە دېموكراتىك بولىدۇ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئەڭ دېموكراتىك بولغان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىگە قارىغاندا مىليون ھەسسە دېموكراتىك» دېگەنىدى.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، لېنىننىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇشى لازىم، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئورۇنلاش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياكى جۇڭگودا بولسۇن، دېموكراتىيىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان تارىخىي ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. ستالىننىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىقنى بۇزغانلىقىدىكى ساۋاقلار بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىزنى قوزغىمىدى، ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » فېئودال فاشىستلىق دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزگەن زورتراگېدىيە يۈز بەردى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ پارلاق دەۋرنى ئېچىپ كەلدى، ۋەھالەنكى، ئەڭ پارلاق بۇ دەۋر ئون يىللىق زۇلمەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يوللارنى ئەسلەپ ئۆتۈش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ« سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار » ىدا تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، مۇنۇ ئىككى نۇقتىنىلا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسەتكەن:« بىرىنچىدىن، كۈچ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىلمىدى، ئىككىنچىدىن، دېموكراتىك سىياسىي ھەقىقىي تۈردە بەرپا قىلىنمىدى.» نېمە ئۈچۈن كۈچ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىلمىدى ؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى — سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەۋجۇت بولىدىغان « سىنىپىي كۈرەش» ئاساسىي زىددىيەت دەپ قارالدى. پارتىيىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا:« ئەمدى مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تېز راۋاجلاندۇرۇش تەلىپى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى؛ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى كۈچنى توپلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى پەيدىنپەي قاندۇرۇشتىن ئىبارەت؛ سىنىپىي كۈرەش ھېلىمۇ مەۋجۇت بولسىمۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى يەنە كۈچەيتىش زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت » دەپ كۆرسىتىلگەن. 8 - قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن فاڭجېن توغرا ئىدى، چۈنكى ئۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ توغرا فاڭجېن

بىر ياقتا قايرىلىپ قېلىپ، خاتا نەرسىلەر كۈندىن-كۈنگە يامراپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ 20-قۇرۇلتىيىدا ستالىن تەنقىد قىلىندى، ۋېنگرىيە ۋەقەسى يۈز بەردى، 1957-يىلى ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز 8-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن فاڭجېندىن تەۋرەندى. 8-قۇرۇلتايدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت 8-قۇرۇلتاينىڭ فاڭجېندىن چەتنەپ كەتتى، «سىنىپىي كۈرەش» جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئاساسىي رىتىمگە ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا پەدە بارغانسېرى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى، پېڭ دېخۇەي قاتارلىق يولداشلارنىڭ خاتا پىپەن قىلىنغانلىقى، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈنئىي ياساپ چىقىلغان «سىنىپىي كۈرەش» بولۇپ، بۇ كۈرەشلەردە «پەللىمۇ پەللە شاللاش» يەنى زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، بىر تۈركۈم پۈرسەتچىلەر، قارا نىيەتلەر، سۇيىقەستچىلەرنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇھىم ئورۇنلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ، ياخشىلارنى خارلاپ، يامانلارنى ئەتىۋارلاش ئەھۋالى شەكىللەندى. «چوڭ دېموكراتىيە» شوئارى ئاستىدا، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ئوپ-ئوچۇق يۈرگۈزۈلۈپ، ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپلا قالماستىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمۇ ھامان بىر كۈنى «سىنىپىي كۈرەش» ياكى «لۇشيەن كۈرىشى» نىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى، مۇقەررەر يوسۇندا دېموكراتىيىنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

سىنىپىي كۈرەشنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى نېمە ئۈچۈن ئۇزاققىچە تۈزىتىۋېلىنمىدى؟ دېگەن مەسىلىنى ئىلگىرىلەپ ئويلىغىنىمىزدا، دەرۋەقە، بۇنىڭ بىر تەرىپى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە تەكەببۇرلىشىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ۋە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن يەنە باشقا تەرەپلەردىكى تۈرلۈك سەۋەبلەرمۇ بار. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى مەسىلىسىدە دىكتاتۇرا تەكىتلىنىپ، دېموكراتىيىگە سەل قارالغان؛ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى مەسىلىسىدە مەركەزلەشتۈرۈش تەكىتلىنىپ، دېموكراتىيىگە سەل قارالغان؛ ئوڭچىلارغا قارشى

كۈرەشتىن كېيىن، پارتىيە رەھبەرلىكى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىلىپ، مەلۇم رەھبەرنىڭ ياخشى ياكى يامان، ماقۇل ياكى ياق دېيىشى پارتىيىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارالغان، بىر ياچېيكا شۇجىسى ئۆزىنى پارتىيىنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان. يۈكسەك دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلەن دېموكراتىيە ئاستىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئايلىنىپ قالغان. ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر كىشىلەرنى گويا نېپىز مۇز تۇتقان دەريادىن ئۆتكەندەك، ياكى چوڭقۇر ھاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك ۋە ياكى مىنا كۆمۈلگەن يەردىن ئۆتكەندەك ھالغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغداشقا، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يولداشلاردىن گۇمانلىنىش ۋە باشقىلارنى «پاش قىلىش» ئارقىلىق «سىنىپىي كۈرەش» ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا مەجبۇر قىلغان. مانا مۇشۇنداق سىياسىي كەيپىيات ۋە روھىي ھالەت ئاستىدا، دېموكراتىيە ئارتۇقچە بىر نەرسىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، ھەتتا كىشىلەر ئېغىز ئېچىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان چەكلەنگەن رايونغا ئايلىنىپ قالغان.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشتە بىز يەنە تارىخىي مەنتىقە جەھەتتىكى خاتالىقنى ئۆتكۈزدۇق. جۇڭگو ئىككى مىڭ يىل فېئوداللىق جەمئىيەتنى ۋە يۈز يىلغا يېقىن يېرىم مۇستەملىكە-يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، پىشىپ يېتىلگەن كاپىتالىزم تارىخىي باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، لېكىن، بۇرژۇئازىيە ھەممە جىنايەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارالدى، كىمكى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىكەن ياكى بىرەر ئىش، بىرەر ئىدىيە خاتا دەپ قارىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ كاساپىتى دېيىلدى ھەتتا «كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشى» دەپ ھۆكۈم قىلىندى، گويا سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئاز-پاز ئېغىش يۈز بەرسىلا چوقۇم كاپىتالىزم ئازگىلىغا دومىلاپ كېتىدىغاندەك. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئوڭاي ئىش نەدە بولسۇن! كاپىتالىزم — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، فېئودالىزم ئىنكار قىلىنغان بىر قېتىملىق چوڭ سەكرەش. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دە، بۇرژۇئازىيە — «ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىكى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى.» «بۇرژۇئازىيە بۇنداق تەرەققىياتنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا مۇناسىپ سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.» «بۇرژۇئازىيە تارىختا ئىنتايىن ئىنقىلابىي رول ئوينىغان» دېيىلگەن. بىزنىڭ جۇڭگودا يۇقىرىقى تارىخىي جەرياننىڭ ئاساسى كەم، ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۆپ مىقداردا مەۋجۇت بولغىنى فېئودالىزمنىڭ تەسىرى، مەسىلەن مۇستەبىتلىك،

ھاكىم مۇتلەقلىق، بيۇروكراتلىق، پاترىئارخاللىق، جىسمانىي بېقىندىلىق، ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلى، ئىمتىياز ئىدىيىسى، مەزھەپچىلىك، شەخسكە چوقۇنۇش ھەممە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس خىسلەتۇ خىسىل ناچار ئادەتلەر. شۇڭا بىز، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرى ۋە رەزىل ئىدىيولوگىيىسىنىڭ تەسىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز، شۇنداقلا فېئودالىزمنىڭ تۈرلۈك زەھەرلىك قالدۇقلىرىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن تازىلىشىمىز لازىم، بۇنداق قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارشى تۇرغىنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»، «ئالدىنى ئالىمىز» دېگىنى «كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشى» ئىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى فېئوداللىق فاشىزمنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولدى. مانا بۇ ئەھۋال ئىدىيولوگىيە ساھەسىدە بىزنىڭ ئاساسلىقى زادى نېمىگە قارشى تۇرۇشىمىز ۋە نېمىنى پىپەن قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىلگىرى «دىكتاتۇرا» ۋە «مەركەزلەشتۈرۈش» بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەنگەنلىكتىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ ئۆلۈك ھالدا بىر تۇتاش قىلىۋېتىپ، يۇقىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى، ھەدېسىلا «تارقاقچىلىق» قا قارشى تۇرۇلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يەنە «كۆپ مەركەزچىلىك — مەركەزسىزلىكدۇر» دېگەن جىنايى نام توقۇپ چىقىلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە كارخانىلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى كەم بولدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەشەببۇسكارلىقى پۈتۈنلەي يوقالدى. مەدەنىيەت ئىشلىرىدا سەككىز «ئۆلگە تىياتىر» پۈتۈن مەملىكەت سەھنىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك غەلىتە ئەھۋال ئەۋج ئالدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە مىسلىسىز جانلىنىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە يېڭى بۆسۈپ ئۆتۈشنىڭ بولۇشى كۈتۈلمەكتە. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان رامكىلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەپ تۇرماقتا. ھەتتا كىتاب سېتىۋېلىش، كىتاب ئوقۇش جەھەتتىمۇ دەرىجە چەكلىمىسى مەۋجۇت. غەرب ئەللىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئەسەرلىرى ( شەھۋانىي - سېرىق كىتاب ژۇرناللار ئەمەس) نىڭ دۇنيادا بازىرى ئىتتىك، تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ، ئەمما بىزدە «ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ» دەپ رامكىلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنداق ئەسەرلەرگە رەسمىي ماركسىزم مەيدانىدا تۇرۇپ باھا بەرمەكچى ياكى ئۇ ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلماقچى بولغان تەقدىردىمۇ تۈرلۈك ئەگرى - توقايلىقلار، قاتمۇقات ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ھەتتا بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ

باقمىغان كىشىلەر« ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ» ياكى « ئىچكى قىسمىدا ئېلان قىلىشقىلا رۇخسەت» دەپ تەستىق سېلىپ يوليورۇق بېرىدۇ. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دېموكراتىيە ھوقۇقى ئادەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ، شەكىللىك ياكى شەكىلسىز توساقلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىۋېتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كىشىگە بىر تەرەپتىن، دېموكراتىيىنىڭ مۇھىملىكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۈكسەك دېموكراتىيىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، غايەت زور ۋە ئۇزۇن مۇددەت تىرىـ شىپ كۈرەش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

( 4 )

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلاپ، دېموكراتىيە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭكۈن تەرتىپىگە قويۇلدى. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى كۈرەش نىشانى : يۈكسەك دېموكراتىيە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىـ ۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېموكراتىيە توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەردە ئېلىمىز رېئالىيـ لىرىنىڭ سادىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە. لېكىن بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن بىلىشىمىز لازىمكى، دېموكراتىيە ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، شۇنىڭدەك يەردىنمۇ ئۈنۈپ چىقمايدۇ، دېموكراتىيە ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ، ئۇ مەلۇم ئىقتىسادىي بازىستىن ھاسىل بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ماركسىزملىق قائىدىدىن چەتلەپ كەتـ كەندە، ھېلى ھەر قانچە گۈزەل قىلىپ لايىھەلەنگەن دېموكراتىيە بىناسى بولسىمۇ، ئۇ پەقەت قەغەز ئۈستىدىكى چېرتيوژ بويىچىلا قالىۋېرىدۇ.

بىز، جۇڭگودا دېموكراتىك ئەنئەنە كەم دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئۆزىمىزمۇ ھەمىشە شۇنداق دەيمىز. جۇڭگودا دېموكراتىك ئەنئەنە نېمە ئۈچۈن كەم؟ جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق ئىستىبدات تۈزۈمىنى ياقـ تۇرامدۇ؟ ياق! مەملىكىتىمىز پىشىپ يېتىلگەن كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي بازىس بولمىغان تارىخىي شارائىتتا سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قەدەم قويغان، شۇڭا بىزـ دە دېموكراتىك ئەنئەنە كەم. دېموكراتىيە مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشەققەتلىكمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ. دېموكراتىيە بىلەن باراۋەرلىك بىر - بىرىگە

www.uyghurkitap.com



باغلىنىشلىق ئۇقۇم، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى — كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىر بەرتەرەپتىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي تۇرمۇشتىكى دېموكراتىيىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم، روشەنكى، بۇ بىر خىل زىددىيەتلىك ھادىسە. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار» ىدا، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ مول پەلسەپىۋى قائىدىلىك مۇنداق بىر ئابزاس بايان بار: «ھەممە ئىشتا ئېغىشماستىن قۇرۇلۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارنى خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادىي روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، خەلقنىڭ مەدەنىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا، ئىدىيىۋى ـ ئەخلاقىي قۇرۇلۇش ۋە مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە قارىتىش، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىش كېرەك.» بۇ بىر ئابزاس باياندىكى «ھەممە ئىشتا ئېغىشماستىن قۇرۇلۇشنى نەزەردە تۇتۇش» ۋە «تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىش كېرەك» دېگەن بۇ ئىككى جۈملە سۆز — يۈكسەك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشنىڭ ھالقىسى، دېموكراتىيىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنىڭ تۈپ ئاساسى.

ئۇنداق بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ئاندىن دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەمدۇ؟ ياق. تارىخ دىئالېكتىكىسى كىشىلەردىن تارىخىي تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق تەشەببۇسكارلىق ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە زىددىيەتلىك ھەرىكىتى داۋامىدا ئىپادىلىنىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىتالىيە زۇڭلىسى كىراكسىس ۋە پروفېسسور چېن سىڭشېن بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ قىلغان سۆھبىتىدە، بىزنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىمىزنى قىسقا ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئېنىق كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەلۇم ۋاقىتقا يېتىپ بارغاندا، مۇقەررەر ھالدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتىكى بىرىنچى نىشانىمىز — ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش.» يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1980 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست ـ

تا قىلغان «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى سۆزىدىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئالدىن كۆرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى، كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاساسلىق ئىللەتلەر بيۇروكراتلىق، ھوقۇقنى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈۋېلىش، ئائىلە باشلىقلىق، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقىۋەندىلىك ۋە ھەر خىل ئىمتىيازچىلىق ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت.»[2] يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا، بيۇروكراتلىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى ۋە زىيانلىرى: «يۇقىرىدا تۇرۇۋېلىش، ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش، ئاممىدىن ئايرىلىش، سۆلەتۋازلىق قىلىش، قۇرۇق گەپ سېتىش، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قېلىش، كونا قائىدە-يوسۇنلارغا يېپىشىۋېلىش، ئاپپاراتلار كېلەڭسىز بولۇپ كېتىش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، ئىشتا سۆرەلمىلىك قىلىش، ئىش ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ئەۋزىدە تۇرماسلىق، خەت ئالاقىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈش، بىر-بىرىگە بەس سېلىش، شۇنىڭدەك ئەمەلدارلىق كىبىرىنى كۆرسىتىش، ھەدېسىلا كىشىلەرگە تەنبىھ بېرىش، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش، دېموكراتىيىنى بېسىش، يۇقىرىنى ئالداش-تۆۋەندىن يوشۇرۇش، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ پارا بېرىش، پارا يەپ قانۇننى بۇزۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت»[3] دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھوقۇقنى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈۋەتمەسلىكنى، قوشۇمچە ۋەزىپە ۋە مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىدىكىلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكنى، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىماسلىق، ھۆكۈمەت ئىشىنى پارتىيە ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىش مەسىلىسى ۋە كادىرلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇقىرىقىلارنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. «ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، كادىرلارنى سايلاش، ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، سىناش، ئەيىبلەش، ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل رەھبىرىي كادىرلار (جۈملىدىن سايلامدا ۋۇجۇتقا كەلگەن، تەيىنلەنگەن ۋە تەكلىپ قىلىنغان كادىرلار) نىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ۋە دەم ئېلىشقا چىقىش، پېنسىيىگە چىقىش ئىشلىرىدا، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مۇۋاپىق ۋە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىش لازىم. ھەر قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەھبىرىي كادىرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىي چەكسىز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.»⑨ يولىداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بايانلىرى لېنىنىزم بىلەن تومۇرداش. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ 10 كۈندىن كېيىنلا، لېنىن شەخسەن ئۆزى «ئېلىپ تاشلاش - قالدۇرۇش ھوقۇقىغا دائىر ئەمر - پەرمان لايىھەسى» نى يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ كەينىدىنلا لېنىن يەنە «ئېلىپ تاشلاش - قالدۇرۇش ھوقۇقى توغرىسىدا دوكلات» بېرىپ، «تارىختىكى ھەممە ئىنقىلاب دەۋرلىرىدە، ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن بارلىق تۈزىتىشلەرگە مۇنداق بىر ئاساسىي روھ، يەنى ئېلىپ تاشلاش - قالدۇرۇش ھوقۇقى سىڭدۈرۈلگەن»⑩ دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن. بىز «تۆمۈر تاۋاق» نى چېقىپ تاشلايمىز دېيىشكەنمىز، ئالدى بىلەن «تۆمۈر ئورۇندۇق » نى سۇندۇرۇپ، ئۆلچەمگە توشمايدىغان، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كادىرلارغا ئورۇننى بوشاتقۇزۇپ، لاياقەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇش لازىم. ياش سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان يولداشلاردىن باشقا، ھەر قانداق ياشتىكىلەر يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولۇشى، كادىرلار قوشۇنىمۇ ئېقىن سۇدەك سېسىمايدىغان ئىشىكنىڭ مۈلگۈچىكىدەك چىرىمەيدىغان بولۇش لازىم. ئاپپاراتلارنىڭ ھاياتىي كۈچى كادىرلارنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن كېلىدۇ؛ كادىرلارنىڭ ھاياتىي كۈچى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا باغلىق. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە مانا شۇ.

ئىزاھلار:

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» III توم، خەنزۇچە نەشرى ، 723 - بەت.
② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» III توم، خەنزۇچە نەشرى ، 92 - بەت .
③ لېنىن «پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە خائىن كائۇتسكىي»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 27 - 28 - بەتلەر .
④ يۇقىرىقى كىتاب، 39 - بەت.
⑤ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 26 - بەت.
⑥ ماركس - ئېنگېلس: «گوگچە نداڭ خىتابنامىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 47 - 48 - بەتلەر.
⑦ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 494-495، 503-بەتلەر.

ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# ۋ. ئى. لېنىننىڭ «مىللەتلەر توغرىسىدىكى ياكى ‹ئاپتونوملاشتۇرۇش› توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر» دېگەن ئۈچ پارچە خېتىنى ئۆگىنىشتىكى تەسىراتىم

توختارخان ئەخمەتجان

ئۇلۇغ لېنىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كاتىپلارغا ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىر نەچچە ماقالە ۋە خەت قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەر داڭلىق سەككىز پارچە ماقالە ۋە بىر نەچچە پارچە خەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ شانلىق ئەسەرلەر ئۆزى قىسقا بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن ماركسىزم - لېنىنىزمنى راۋاجلاندۇرغان، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى يورۇتقان، نەزەرىيە، سىياسەت، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتلەردىن سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى قوراللاندۇرغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت بولدى. بۇ ھۆججەتلەردە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ بىر نەچچە يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا، ۋە ئىنقىلاب بىلەن قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە شۇ چاغدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئاساسەن، سوتسىيالىزمنىڭ بىر ئەلدە غەلىبە قىلىش مۇمكىنلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنى زادى قانداق قۇرۇش قاتارلىق ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردە نەزەرىيە جەھەتتىن زور ئىلگىرىلەش ياسىدى. سوتسىيالىزمنى تونۇش جەھەتتە دەۋر بۆلگۈچ يېڭىلىق ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمەلىي جەھەتتىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى كۆزلەپ، ستراتېگىيە، تاكتىكا ۋە تەشكىلىي مەسىلىلەر بويىچە بىر مۇنچە مۇھىم ئاكتۇئال مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھىم يوليورۇقلار بەردى. بۇ مۇھىم خەتلەرنى لېنىن 1922 - يىل دېكابىردىن 1923 - يىل يانۋارغىچە يازدۇرغان. بۇ خەتلەرنىڭ مۇھىملىرى: 1922 - يىل 23 - دېكابىردىن 26 - دېكا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرغىچە يېزىلغان «قۇرۇلتايغا خەت» دېگەن ماۋزۇدىكى ئۈچ پارچە خېتى، 27-دېكابىردىن 29-دېكابىرغىچە يېزىلغان «دۆلەت پىلان كومىتېتىغا قانۇن چىقارغۇچىلىق فۇنكسىيە بېرىش توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇدىكى تۆت پارچە خېتى، 29-دېكابىردا يېزىلغان «مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى بۆلۈمگە دائىر» ماۋزۇلۇق خېتى، 30-ۋە 31-دېكابىردا يېزىلغان «مىللەتلەر-توغرىسىدىكى ياكى ‹ئاپتونوملاشتۇرۇش› توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر» دېگەن ماۋزۇدىكى ئۈچ پارچە خېتى بولۇپ جەمئىي 11 پارچە خەتتىن ئىبارەت. بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى لېنىننىڭ 1923-يىل ئاپرېلدا ئېچىلغان ر ك پ (ب) XII قۇرۇلتىيىغا ئاتاپ يازغان تەكلىپنامىسى ئىدى. لېنىن «قۇرۇلتايغا خەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا: «مەن شۇ قۇرۇلتايدا سىياسىي تۈزۈمىمىزدە بىر قانچە ئۆزگىرىشلەر قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ناھايىتى مۇھىم ھېسابلىغان مۇلاھىزىلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمەن» ① دەيدۇ. لېنىننىڭ بۇ خەتلىرى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ XII قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي لۇشيەنىنى تۈزۈشتە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان پروگرامما خاراكتېرلىك مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولدى.

مەن بۇ ماقالىدە يۇقىرىدا دېيىلگەن 11 پارچە خەت ئىچىدىكى «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ياكى ‹ئاپتونوملاشتۇرۇش› توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر» دېگەن ئۈچ پارچە خېتىنى ئۆگىنىشتىكى تەسىراتلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن. بۇ خەتلەرنى لېنىن ئاغرىقى ئېغىر بولغاچقا ئۆزى بىۋاسىتە يازالماي كاتىپلارغا ئېيتىپ بېرىپ يازدۇردۇ. خەتلەرنى يېزىۋالغۇچى «م. ۋ» نامىلىق كىشى بولىدۇ. لېنىننىڭ بۇ خېتى روسىيىدە ئەسلىدە مۇھىم بولغان مىللىي مەسىلە تېخىمۇ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن زور مەسىلىگە ئايلانغان جىددىي پەيتتە يېزىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى، بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشقا توسقۇن بولۇۋاتقان چوڭ رۇسچىلىق، بولۇپمۇ سىياسەت بەلگىلەش مەسىلىسىدىكى چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ تۈزىتىش ۋە توغرا ماركسچە سىياسەت بەلگىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. لېنىننىڭ بۇ تەنقىدىي خېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى بەزى چوڭ رەھبەرلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئالاقىدار بولغان ئىككى چوڭ مەسىلىدىكى خاتالىقلىرىغا قارىتىپ يېزىلغان. ئۇنىڭ بىرسى — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس كومىسسىيىسىنىڭ 1922-يىل سىنتەبىردە ستالىننىڭ تەكلىپى بويىچە قوبۇل قىلغان «ر س ف س ر نىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىـ

ري توغرىسىدىكى بەلگىلىمە لايىھىسى» دىكى مۇستەقىل سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ روسىيە سوۋېت فېدېراتسىپ سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسىغا ئاپتونومىيە ئاساسىدا كىرىش يولى بىلەن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسى (بۇ ئىدىيىگە «ئاپتونوملاشتۇرۇش» دەپ نام بېرىلگەن)؛ يەنە بىرسى — شۇ چاغدا «سوتسىيال مىللەتچى گۇرۇھ» دەپ ئاتالغانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن گرۇزىيىگە ئەۋەتىلگەن دزېرژىنسكى باشچىلىقىدىكى كومىسسىيىنىڭ خاتالىقى ئىدى.

بۇ خەتلەرنىڭ ھەجمى چوڭ ئەمەس، پەقەت سەككىز باسما بەتلا كېلىدۇ. خەتتە يۇقىرىدىكى ئىككى كونكرېت خاتالىق قاتتىق ۋە پرىنسىپال تەنقىد قىلىنىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىش يوللىرى كۆرسىتىلىپلا قالماي، روسىيىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دائىر مۇھىم نەزەرىيە، سىياسەت، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەتتە ئالغا سۈرۈلگەن نۇقتىئىنەزەر، مەيدان ۋە ئۇسۇللار ھەممە ئۇنىڭ ئاساسىي روھى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئۇ، روسىيىدىكى مىللىي مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشتىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇش بىلەنلا قالماي، ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە، مۇستەملىكە مەسىلىسى ۋە دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرغان شانلىق ئەسەر بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋ. ئى. لېنىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن جەڭگىۋار ھاياتىدا، مىللىي ۋە مۇستەملىكە مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرىشى ۋە روسىيىدەك كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتتىكى مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي ئېزىلىشكە قارشى كۈرەشنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئاساسەن، مىللەت ۋە مۇستەملىكە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكا ۋە سىياسەت مەسىلىلىرىنىمۇ يورۇتۇپ بەردى. لېنىن مىللىي ۋە مۇستەملىكە مەسىلىسى توغرىسىدا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە II ئىنتېرناتسىئونال ئوپپورتۇنىزمچىلىرى ۋە دۆلەت ئىچىدە پادىشاھ روسىيىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان چوڭ رۇسچىلىق بىلەن پرىنسىپال، جىددىي كۈرەش ئېلىپ باردى.

شۇ چاغدا روسىيىدە ئەسلىدىلا مۇھىم بولغان مىللىي مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن بىر پەيت ئىدى. 1917 - يىل ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە، بىر مۇنچە مىللەتلەر روسىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، بەزىلىرى سوتسى-

يالىستىك دۆلەت، بەزىلىرى بۇرژۇئا دۆلىتى قۇرغان ئىدى. تېخى بۆلۈنۈپ كەتمىگەن مىللەتلەر ئىچىدە روسسىيىدىن ئاجرىلىپ چىقىش كېرەكمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي كۆرەش كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە روسسىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ بۇرژۇئا مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان ئىدى. لېكىن ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، روسسىيىنىڭ مەركىزىدە ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى، مىللىي رايونلاردىكى ئەمگەكچىلەر بىلەن رۇس پرولېتارىياتىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىرلىكى، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھۇجۇمى بىلەن ئىمپېرىيالىزمنىڭ قورشاۋىغا تاقابىل تۇرۇش يولىدىكى ھەربىي ۋە دىپلوماتىك كۆرەشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ۋە لېنىننىڭ توغرا ئىزچىل مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتى سەۋەبىدىن، دەل شۇ چاغدا بۆلۈنۈپ كەتكەن مىللىي سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر «بۆلۈنگەننى بۆرى يەيدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇپ، روسسىيە بىلەن بىرلىشىشنى جىددىي تەلەپ قىلغان ھەمدە تېخى بۆلۈنۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن تېخىمۇ كۆپ مىللەتلەر بۆلۈنمەي روسسىيىدە قېلىشقا بەل باغلىغان بىر ۋاقىت ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش شۇ چاغدا روسسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولدى. بۇنداق شارائىتتا، يەنى بۆلۈنگەنلەر بىرلىشىدىغان، بۆلۈنمىگەنلەر روسسىيىدە تۇرۇۋېرىدىغان شارائىتتا، رۇسلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك بىر چوڭ دۆلەتتە ئىنتېرناتسىئونالىزمنى ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىنى دۆلەت تۈزۈمىدە ۋە كونكرېت سىياسەتتە قانداق گەۋدىلەندۈرۈش لازىم؟ بولۇپمۇ بۆلۈنۈپ كەتكەن مىللەتلەرنى روسسىيىگە قانداق ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك؟ ئۇلاردىنمۇ سانى جىق بولغان، تېخى بۆلۈنۈپ كەتمىگەن، ئەمدىلىكتە روسسىيىدە قېلىشنى خالايدىغان مىللەتلەرنىڭ دۆلەتتىكى ئورنى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدا قانداق ئۇسۇل ۋە شەكىل قوللىنىش لازىم؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم ئىدى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى دېگەن مەسىلە، ماھىيەتتە، مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش مەسىلىسى. ئەمدى دېموكراتىيە دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى سىنىپىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ نەرسە. شۇڭا لېنىن: «دېموكراتىيە دېگىنىمىز — دۆلەت شەكلىدىن ئىبارەت» ② دېگەن ئىدى. شۇنداق ئىكەن، مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي دېموكراتىك ھوقۇق دېگىنىمىز، ماھىيەتتە، مىللەتلەرنىڭ دۆلەت مۇئەسسەسەلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىدىن ئىبارەت ھەمدە ئۇ يەنە مەلۇم دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت قانۇنى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلۈشى

لازىم بولىدۇ. روسسىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، لېنىن مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش، يەنى بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا مىللىي دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسىنى، بۆلۈنۈپ چىقىشنى خالىمايدىغان مىللەتلەرگە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە بۇنى «تۈرلۈك مىللەتلەر ياشىغان ھەممە جۇغراپىيىۋى ۋە باشقا شارائىتلىرى ھەر خىل بولغان ھەر بىر دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي، ئۇنىۋېرسال پرىنسىپى» ③ دەپ ئاتىدى. ئالدىنقىسىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئاددىي — ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش، كېيىنكىسىنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىل مەسىلىسى مۇرەككەپ ۋە قىيىن مەسىلە ئىدى. لېنىن ھېلىقى خەتنى يازغىچە روسسىيىدە ئاپتونومىيىنىڭ ئۇسۇل، شەكىل ۋە مەزمۇنى مەسىلىلىرى ئەمەلىي سىياسەت تەرىقىسىدە تېخى ھەل بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يېڭى بىر مۇھىم مەسىلە — بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئەمدىلىكتە روسسىيىگە بىرلىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى قوشۇلدى ھەممە ئالدى بىلەن دەل بۇ مەسىلىنى تېزراق ھەل قىلىش كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. بۇ ھەقتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچىدە تالاش - تارتىش بولدى. بۇ تالاش - تارتىش، ماھىيەتتە، روسسىيىدە مىللىي مەسىلىگە ماركسىزم نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى چار پادىشاھدىن قالغان رۇس چوڭ مىللەتچىلىكى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلە ئىدى. لېنىننىڭ بۇ خەتلىرىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان، جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كاشىلا بولۇۋاتقان چوڭ رۇسچىلىق خاتالىقى كەسكىن تەنقىد قىلىنىپ، مەسىلىنى ماركسىزملىق پرىنسىپ — مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان، شۇڭا ئۇ، مىللىي مەسىلىدىكى تالاش - تارتىشتا ماركسىزم مەيدانىدا، پرولېتارىياتلىق ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى مەيدانىدا قەتئىي، ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، چوڭ رۇسچىلىق كەيپىياتىغا قەتئىي زەربە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ۋە مۇستەھكەملىگەن، ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرغان شانلىق ئەسەر بولۇپ، روسسىيىدە مىللىي مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ، كۆپ مىللەتلىك، چوڭ، كۈچلۈك تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ پروگراممىلىق رولىنى ئويىنىدى. ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بىلەن ر س س ف ر ۋە بۆلۈنۈپ كەتكەن بىر نەچچە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر بىرلىشىپ بىر پۈتۈن فېدېراتسىپ دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقىدەك تۇنجى كۈچلۈك سوتسىيالىستىك دۆلەت بەرپا بولدى. روسسىيىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۆلۈنۈپ كەتمىگەن مىللەتلەرنىڭ روسىيىدە قېلىپ رۇس پرولېتارىياتى بىلەن مۇستەھكەم بىرلىشىشىنى تەمىن ئەتتى. بۇ سىياسەت ۋاستىلىك ھالدا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ بۆلۈنۈش خاھىشىنى توسۇش رولىنىمۇ ئوينىدى. لېنىن ئۆز خېتىدە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خاتالىقنى ئىنتايىن پرىنسىپال ۋە زىيانلىق بولغان تىپىك چوڭ رۇسچىلىق خاتالىقى دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەن. خەتنىڭ بېشىدىلا ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چامىسى، رەسمەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر دەپ ئاتىلىدىغان بەدنام ئاپتونوملاشتۇرۇش دېگەن مەسىلىگە يېتەرلىك دەرىجىدە غەيرەت ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە كەسكىنلىك بىلەن ئارىلاشمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن روسىيە ئىشچىلىرى ئالدىدا قاتتىق جىنايەتكار بولسام كېرەك.» ④

لېنىن خېتىدە، بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق تەنقىد ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشنىڭ نەزەرىيە، پرىنسىپ، سىياسەتلىرىنى سىزىپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن.

1) مىللىي باراۋەرلىككە خىلاپ بولغان «ئاپتونوملاشتۇرۇش» ئىدىيىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، بۇ لايىھەنى بىكار قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر تەڭ، باراۋەر ئەزا سۈپىتىدە قاتنىشىدىغان فېدېراتسىيە ئاساسىدىكى بىرلىشىش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت مىللىي مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرنى روسىيىگە بىرلەشتۈرۈش ۋە روسىيىدىكى مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ستالىن رەھبەرلىكىدە مەخسۇس كومىسسىيە تەيىنلەيدۇ. كېسەل سەۋەبىدىن لېنىن بۇ كومىسسىيىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «ياز پەسلىدە، بۇ مەسىلە قوزغالغان چاغدا مەن كېسەل ئىدىم، كېيىن بولسا كۈز پەسلىدە، ئۆزەمنىڭ ساقىيىشىمغا، ئۆكتەبىر ۋە دېكابىر پلېنۇملىرى ماڭا بۇ مەسىلىگە ئارىلىشىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت بېرىشكە ھەددىدىن تاشقىرى ئۈمىد باغلىغان ئىدىم. بىراق، ھالبۇكى، مەن ئۆكتەبىر پلېنۇمىدىمۇ (شۇ مەسىلە ئۈستىدىن) دېكابىر پلېنۇمىدىمۇ بولالمىدىم، شۇنداق قىلىپ بۇ مەسىلە مېنىڭ دېگۈدەك مۇتلەق ئىشتىراكىمسىز ئۆتۈپ كەتتى.» ⑤

مەخسۇس كومىسسىيە 1922 - يىل ياز ئايلىرى جىددىي تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا، شۇ يىل سېنتەبىردە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلىدىغان پلېنۇمىغا تەستىقلىتىش ئۈچۈن «ر س ف س ر نىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن

ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى» دېگەن ھۆججەتنى ئىشلەپ چىقىدۇ ۋە بېكىتىدۇ. بۇ «قارار لايىھىسى»نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى — شۇ چاغدا روسسىيىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئۇكرائىنا س س ر، بېلو روسسىيە س س ر ۋە كاۋكازىيە فېدېراتسىيىلىرىنى رۇسلارنى ئاساس قىلغان چارروسسىيىنىڭ مەركىزىي رايونى — ر س ف س ر (روسسىيە سوتسىيالىستىك، فېدېراتسىيىلىك سوۋېت رېسپۇبلىكىسى) غا ئاپتونومىيە ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. لېنىن بۇ لايىھىنى ماركسىزمغا يات، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى بۇزىدىغان، مىللىي مەسىلىگە چار پادىشاھنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەڭسىز ئورۇنغا، ئۆزلىرىنى بولسا يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان، «ئۇلۇغ» رۇسلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىدىغان مىللىي شوۋىنىزملىق لايىھە دەپ ھېسابلايدۇ ۋە مەسىلىنى پرىنسىپال رەۋىشتە باشقىچە ھەل قىلىشنى — بارلىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن ر س ف س ر نىڭمۇ تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساسىدا سوۋېت جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت يېڭى دۆلەت گەۋدىسىگە ئىختىيارىي يوسۇندا بىرلىشىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆزىمىزنى ئۇكرائىنا س س ر ى ۋە باشقىلار بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق دەپ بىلىشىمىز ۋە ئۇلار بىلەن بىللە باپباراۋەر يېڭى ئىتتىپاققا، يېڭى فېدېراتسىيىگە كىرىشىمىز لازىم.»⑥ لېنىن 1922-يىل 27-سېنتەبىردە سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىغا يازغان خېتىدە يۇقىرىقى لايىھىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. مەركىزىي كومىتېت كومىسسىيىسى لېنىننىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، «قارار لايىھىسىنى» قايتىدىن ئىشلەپ چىقىدۇ ۋە بۇ يېڭى لايىھە ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي كومىتېت پلېنومىدا تەستىقلىنىدۇ. بۇ قارار ئاساسىدا جۇمھۇرىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش يولىدىكى تەييارلىق خىزمىتى قىزىپ كېتىدۇ ۋە شۇ ئاساستا شۇ يىل دېكابىردا سوۋېتلەرنىڭ پۈتۈن ئىتتىپاق تۇنجى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى (س س س ر نى) تۈزۈش ھەققىدە تارىخىي قارار قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ قاراردا ئاساسىي مەسىلە توغرا ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، بەزى نامۇۋاپىق سۆزلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە مۇستەقىل مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتىكى بەزى مەسىلىلەرگە، مەسىلەن خەتتە كۆرسىتىلگەن گرۇزىيىدىكى «ماجىرا» ياكى «سوتسىيال مىللەتچىلىك» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە خاتا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن لېنىن مىللىي مەسىلىدە پارتىيىنىڭ، جۈملىدىن رەھبەرلەرنىڭ ھېلىمۇ چوڭ رۇسچىلىق ئىللەتلىرى تەسىرىدىن قۇتۇلمىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىختىيارىي بىرلىشىشىنىڭ ساغلام يول بىلەن راۋاجلاندۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



رولۇشىنى كۆزلەپ، پارتىيىنىڭ دېكابىر پلېنومى ۋە 12 - قۇرۇلتىيىغا بېغىشلاپ بايىقى ئۈچ پارچە خەتنى يازىدۇ. بۇ خەتلەر پۈتۈن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى ۋە مەركەزدىكى رەھبەرلەرنى تەربىيىلەپ ئويغاتتى. لېنىننىڭ يوليورۇقلىرى قۇرۇلتاينىڭ «مىللىي مەسىلە» توغرىسىدىكى قارارىغا نەزەرىيىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئاساس سالدى.

لېنىننىڭ يوليورۇقى ۋە شۇ ئاساستا تۈزۈلگەن قۇرۇلتاي قارارىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ر س ف س ر نى بىرلەشتۈرۈپ، فېدېراتسىيە يولى بىلەن تەشكىل قىلىنغان س س س ر نى قۇرۇش ۋە روسىيىدىن تېخى بۆلۈنۈپ چىقمىغان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتى داغدام يول بىلەن ئىنتايىن ساغلام راۋاج تاپىدۇ.

1923 - يىلى، ر س ف س ر، ئۇكرائىنا س س ر، بېلوروسسىيە س س ر ۋە زاكافكازىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئىبارەت مۇستەقىل تۆت جۇمھۇرىيەت تەڭ باراۋەر ئەزا سۈپىتىدە فېدېراتسىيە يولى بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى (س س س ر) قۇرۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ روسىيىدىن بۆلۈنمىگەن مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە بېرىش ئىشىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. ر س ف س ر ۋە باشقا بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر قارمىقىدا نۇرغۇنلىغان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلار، ناھىيىلەر قۇرۇلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇرۇش شۇندىن ئېتىبارەن ئۇزۇن تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بارىدۇ. بۇ تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدىن كېيىن، چېگرىدا جايلاشقان، ئاھالىسى بىر قەدەر كۆپ مىللەتلەر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە ئايلىنىدۇ. 30 - يىلدىن 36 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىن ئىبارەت بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇلىدۇ، بۇرۇنقى زاكافكازىيە فېدېراتسىيىسى — گرۇزىيە، ئەزەربەيجان، ئەرمەنىيىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە بۆلۈنىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا سىياسىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، لېتۋا، مولداۋىيە، لاتۋىيە، ئېستونىيە ۋە كارېلوفىنلەك بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بەرپا بولۇپ، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سانى 16 غا يەتكەن ئىدى. لېكىن 1956 - يىل كارېلوفىن ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، ئاخىرىدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سانى 15 بولۇپ مۇقىملاشتى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش ۋە بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىندى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، لېنىن يۇقىرىقى مۇستەقىل تۆت جۇمھۇرىيەتنى ئىتتىپاققا بىرلەشتۈرگەندە، مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى كۆزلەپ، «سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى پەقەت ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىنلا ساقلاپ قېلىش»⑦نى، باشقا ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزىدە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. لېكىن، كېيىنكى ئىشنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پرولېتارىيات مەنپەئىتىنىڭ بىرلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپىتالىزم قورشاۋىدا تۇرغان قىيىن شارائىتتا، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيىلا ئەمەس، باشقا چوڭ ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى بارغانسېرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى نامىدا فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت دېيىلگەن بىلەن، بارا-بارا ئەمەلىيەتتە، بىر پۈتۈن مەركەزلەشكەن دۆلەتتىن ماھىيەتلىك پەرقى يوق بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ ئاساسەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلىدىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇ يەردە «ماھىيەتلىك»، «ئاساسەن» ۋە «ئالاھىدە» دېگەن گەپلەرنى ئىشلىتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، سوۋېتنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى دەسلەپتە فېدېراتسىيە ئاساسىدا توختام — دوگوۋور شەكلى بىلەن قۇرۇلدى. ھازىرمۇ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى ۋە دۆلەت شېئىرى، دۆلەت گېربى قاتارلىقلىرى بار. سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنىدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىقىش ھوقۇقى بار، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا سوۋېتتە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋەتەننىڭ ئايرىلماس قىسمى دېگەن گەپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇكرائىنا، بېلورۇسسىيىگە ئوخشاش بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر تېخى ب د ت نىڭ ئەزاسى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ماھىيەتلىك نەرسە ئەمەس، خالاس.

2) مىللىي تەڭلىك يەنى مىللىي باراۋەرلىكنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي مۇناسىۋەتتىكى چوڭ رۇسچىلىققا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىدىن چىققان چوڭ رۇسچىلىققا قارشى ئۇزۇن مۇددەت قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم. خەتتە بۇ مەسىلە باشتىن-ئاياق مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭغا تىپىك مىسال قىلىپ مەركىزىي كومىتېتتىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ گرۇزىيىدىكى ئاتالمىش مىللىي «ماجىرا» ۋە بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مەخسۇس كومىسسىيىنىڭ خاتا پوزىتسىيىسىنى ئالىمىز. ئالدى بىلەن گرۇزىيىدىكى ماجىرا توغرىسىدا ئۇلارغا «سوتسىيال مىللەتچى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈشنى رەت قىلىدۇ. لېنىن ئېيتىدۇ:

«مېنىڭ پىكرىمچە، توغرىسىنى ئېيتقاندا، گرۇزىن مىللىتىگە نىسبەتەن شۇنداق تېپىك مىسالنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئۇنىڭدا بىز تەرەپتىن مەسىلىگە ھەقىقىي پرولېتارلارچە نەزەر بىلەن قاراپ، ناھايىتى ئېھتىياتكارلىق، تەدبىرلىك ۋە يان بېرىشلىك يولى بىلەن ئىش قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىگە مەنسىتمەي، مەنمەنلىك بىلەن «سوتسىيال مىللەتچى» لىك ئەيىبىنى ئېيتىۋېرىدىغان گرۇزىن (ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئۆزى «سوتسىيال مىللەتچى» لا ئەمەس، بەلكى قوپال چوڭ رۇسچىدۇر) ئەسلىدە پرولېتارىياتچە سىنىپىي بىرلىك — ئىتتىپاقلىق مەنپەئەتلىرىنى بۇزىدۇ.» ⑧ دېمەك، گرۇزىيىدىكىلەرلا ئەمەس، ئەكسىچە، مەركەزدىكى بەزى رەھبەر ۋە ئۇ ئەۋەتكەن كومىسسىيە (ستالىن، دزېرژىنسكىي، ئوردژونىكىدزېلەرنىڭ ھەممىسى گرۇزىن مىللىتىدىن) نىڭ ئۆزىنى «سوتسىيال مىللەتچى» ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە «چوڭ رۇسچى» دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دزېرژىنسكىي كومىسسىيىسىنىڭ پۈتۈن ئىشىنى خاتا ۋە چوڭ رۇسچىلىق دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كومىسسىيىنىڭ تەكشۈرۈشى دېگەن گەپنى قوش تىرناق ئىچىگە ئالىدۇ. لېنىن كومىسسىيە مۇئاۋىنى ئوردژونىكىدزېنىڭ گرۇزىيىدىكىلەر بىلەن مۇنازىرىدە تاكاللىشىپ مۇش تەڭلەپ سوقۇشقانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپ ... ئوردژونىكىدزې ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ جىسمانىي كۈچ ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ پاتقاقلىقتا قانچىلىك چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلىكىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ... دزېرژىنسكىي باشلىق كومىسسىيە شۇنچىلىك بىغەرەزلىك قىلغانكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوردژونىكىدزېنىڭ «مۇش تەڭلەش» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. مەن ئويلايمەنكى، تەشۋىقات تارقاتتى، ھاقارەت قىلدى دېگەننى ھەر قانچە دەسمايە قىلىش بىلەنمۇ بۇ رۇسچە مۇش تەڭلەشنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ ⑨».

لېنىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ستالىنغا ئارتىدۇ: «مەن ئويلايمەنكى، ستالىننىڭ ئالدىراقسانلىق ۋە مەمۇرىيەتچىلىككە بېرىلىپ كەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بەدنام «سوتسىيال مىللەتچىلىك» كە غەزەپلىنىشى بۇنىڭدا مەلۇم رول ئوينىغان. غەزەپلىنىش، سىياسەتتە، ئومۇمەن ئىنتايىن قەبىھ رول ئوينايدۇ.»⑩ لېنىن بۇ جايدا ئومۇمىي كوممۇنىستلار ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم قانۇنىيەتنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇكى، غەزەپلىنىش، ھېسسىياتقا (چوڭ رۇسچىلىققا) بېرىلىش — سىياسەتنى بەلگىلەشتە ۋە ئىجرا قىلىشتا ھامان ئېغىشلارغا، خاتالىقلارغا گىرىپتار قىلماي قالمايدۇ. بۇ بىر ئومۇمىي، مۇھىم قانۇنىيەت.

لېنىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي قانۇنىيەتنى ئېچىپ كۆرسەتتىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان چوڭ مىللەتچىلەر چوڭ مىللەتتىن چىققان چوڭ مىللەتچىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەسەبىي، ھەددىدىن ئاشقان، قوپال، غەرەزلىك كېلىدۇ. لېنىن: «رۇسلاشقان باشقا خەلقلەر رۇسچە كەيپىيات جەھەتتىن ھەددىدىن ئاشىدىغان كېلىدۇ» ⑪ دەپ كۆرسەتتىدۇ.

لېنىن بۇنداق چوڭ مەسىلىدە، مىللىي مەسىلىدەك سەزگۈر مەسىلىدە ئىنتايىن پرىنسىپال پوزىتسىيە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتىدۇ، يېقىن يولداشلىرىنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ. لېنىن مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ: «يولداش ئوردژونىكىدزېنى نەمۇنىلىك يوسۇندا جازالاش كېرەك (مەن بۇ گەپنى ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ ئېيتىۋاتىمەن، چۈنكى شەخسەن مەن ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىمەن ۋە چەت ئەلدە ئېمىگراتسىيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەنمەن)، شۇنىڭدەك دزېرژىنىسكىي كومىسسىيىسىنىڭ ھەممە ماتېرىياللىرىنى قايتىدىن قوشۇمچە رەۋىشتە ياكى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدا شۈبھىسىز يول قويۇلغان تولىمۇ نۇرغۇن ناتوغرىلىقلارنى ۋە غەرەزلىك مۇھاكىمىلەرنى تۈزىتىش كېرەك. ئەنە شۇ ھەقىقىي چوڭ رۇسچىلىق-مىللەتچىلىك كامپانىيىسىنىڭ پۈتۈنىسى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ستالىن بىلەن دزېرژىنىسكىينى سىياسىي جەھەتتىن جاۋابكار قىلىش كېرەك.» ⑫

لېنىننىڭ بۇ مەسىلە مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ بارغان پرىنسىپال، ئۆتكۈر ۋە ماركسچە تەنقىدى شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېتتا مەسئۇل خىزمەت ئىشلەۋاتقان ستالىن، دزېرژىنىسكىي ۋە ئوردژونىكىدزېلارغا چوڭ تەربىيە ۋە غەمخورلۇق بولىدۇ. ئۇلار بۇ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تەنقىد ۋە يوليورۇقلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ باشقا رەھبەرلەرگە ۋە پۈتۈن سوۋېت پارتىيىسىگە نىسبەتەنمۇ چوڭ تەربىيىلىك ۋە ئىلھام بەخش ئېتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن لېنىنچە مىللىي سىياسەتنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

3) مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ مىللىي سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ پارتىيىگە ۋە چوڭ مىللەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى يۇقىرى دەرىجىدە قولغا كەلتۈرۈش لازىم. لېنىن يۇقىرىدا ئېيتقان ئىككى چوڭ مەسىلە يۈز بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن، مىللىي مەسىلىگە توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلار بېرىدۇ، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالدى بىلەن لېنىن چوڭ مىللەت كىشىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېھتىياتچان، تەدبىرلىك بولۇشىنى، غەمخورلۇق قىلىپ كۆيۈنۈشىنى، يۇمشاقلىق كۆرسىتىشىنى، كەڭ بولۇشىنى، بولۇپمۇ كەمسىتىش قىلمىقلىرىدىن قاتتىق ساقلىنىپ، باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاندىن، لېنىن يەنە مىللىي مۇناسىۋەتتىكى مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراش ۋە تۇتقان مەيدانىدا، مەسىلىگە ئابستراكت ۋە شەكلەن قاراشتىن ھەمدە ئېزىلگەن ياكى ئاز سانلىق مىللەت بىلەن ھۆكۈمران ياكى چوڭ مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى نەزەرگە ئالماي بىر تاياقتا ھەيدەشتىن ساقلىنىشنى قايتا ـ قايتا ۋە قاتتىق تاپىلايدۇ. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىمدە، ئومۇمەن مىللەتچىلىك ھەققىدىكى مەسىلىنى ئابستراكت تەرزدە قويۇش مۇتلەق يارىمايدۇ، دەپ يازغان ئىدىم ... پرولېتارىياتنىڭ بىرلىكى، دېمەك پرولېتارىيات سىنىپىي كۆرىشىنىڭمۇ تۈپ مەنپەئەتى، بىزنى مىللىي مەسىلىگە ھېچقاچان شەكلەن قارىماستىن، بەلكى ئېزىلگەن (ياكى ئاز سانلىق) مىللەت پرولېتارىياتىنىڭ ئەزگۈچى (ياكى چوڭ) مىللەتكە بولغان مۇناسىۋىتىدە چەزمەن بولىدىغان پەرقنى ھەممىشە نەزەردە تۇتۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ».[13]

ئاخىرىدا، لېنىن تەڭلىك ـ باراۋەرلىك دېگەننى رەسمىيەت دەپ قارىماي، ئەمەلىي يوسۇندا چۈشىنىش ۋە ئەمەلىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىگە ئابستراكت ۋە شەكلەن قارىماسلىق كېرەك، دېگەن يولىيورۇقمۇ بۇ مەسىلىنى يەنە بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېنىن مىللىي تەڭلىك ـ باراۋەرلىك قۇرۇق گەپ بولماي، كونكرېت ۋە ئەمەلىي بولۇشنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «پرولېتارىيات ئۈچۈن نېمە مۇھىم؟ پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۆرىشىدە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىشەنچىسى بىلەن ئۆزىنى يۇقىرى دەرىجىدە تەمىنلەش پرولېتارىيات ئۈچۈن مۇھىملا ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن رەسمىي تەڭلىك كېرەك ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي ئۆتمۈشتە ‹ئۇلۇغ دۆلەت› مىللىتىنىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئىشەنچسىزلىك، ئۇلارغا گۇمان بىلەن قاراش، ئۇلارنى رەنجىتىشنىڭ ئورنىنى ئۇلارغا بىرەر تەرزدە قىلىنىدىغان مۇئامىلە بىلەن ياكى يان بېسىش بىلەن قاپلاش زۆرۈردۇر.» [14] دېمەك، مىللىي باراۋەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئەمەلىي ئىش قىلىپ مەنپەئەت يەتكۈزۈش، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقنى ئازايتىش، ئاخىرىدا يوق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. بولمىسا، مىللىي

باراۋەرلىك دېگەن قۇرۇق شوئار، قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئىستىپاقلىق، باراۋەرلىك ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشمايدۇ، مىللىي مەسىلىمۇ تولۇق ھەل بولمايدۇ.

4) ۋ. ئى. لېنىن بۇ خەتلىرىدە مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدا قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇھىم قورالى. مىللەت دېگىنىمىز — ماھىيەتتە، كىشىلەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدىن پەيدا بولغان ئورتاق گەۋدىسى. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت دېگەنلەر تىل بىرلىكىسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزم مىللىي باراۋەرلىكنى تەكىتلىگەندە، تىل باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىگەندە، مىللەتلەرنىڭ تىلىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىللە تەكىتلەيدۇ. چۈنكى تىل باراۋەرلىكى بولمىسا باشقا باراۋەرلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، تىل تەرەققىياتى بولمىسا باشقا تەرەققىياتلارنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. لېنىننىڭ مىللىي ۋە تىل باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشى ماركسىزمچى ئەمەس، ھەتتا دېموكراتمۇ ئەمەس، دېگەن ھەممىگە مەلۇم داڭلىق سۆزىمۇ بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. لېنىننىڭ تىللار باراۋەرلىكىنى چىڭ تۇرۇپ ياقلايدىغان سۆز ۋە تەشەببۇسلىرى ئىنتايىن كۆپ. لېنىن خېلى بۇرۇنلا يازغان بولشېۋىكلار فراكسىيىسى تەرىپىدىن چار پادىشاھنىڭ دۆلەت دۇماسىغا تەكلىپ قىلىنغان — «مىللەتلەرنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى قانۇن لايىھەسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۆلەتتىكى بارلىق مىللەتلەر سۆزسىز تەڭ ھوقۇقلۇقتۇر ۋە بىرەر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر تىلنىڭ ھەر قانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ ۋە بۇ خىلدىكى ئىمتىياز ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ھېسابلىنىدۇ.» [15] لېنىن مىللەتلەرنىڭ تىل باراۋەرلىكىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتىكى ئاساسىي مىللەت تىلىنى دۆلەت تىلى دەپ ئاتاشنى تىللار باراۋەرلىكى پرىنسىپىغا خىلاپ، دەپ ھېسابلايدۇ. «س. گ شاۋمەنگە خەت» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز روسىيەدە دۆلەت تىلى بولۇشىغا تەرەپدارسىز. ئۇ ‹زۆرۈر›، ئۇ ناھايىتى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، دەيسىز. زادىلا قوشۇلمايمەن.» [16]

لېنىن مىللىي تىللارنىڭ باپباراۋەرلىكى پرىنسىپىنى بۇ خەتلىرىدە داۋاملىق ياقلايدۇ ۋە تېخىمۇ كونكرېت تەلەپ قويىدۇ. لېنىن خېتىدە: «ئىستىپاقىمىزغا

كىرگەن مىللىي جۇمھۇرىيەتلەردە، مىللىي تىلنى ئىشلىتىش توغرىسىدا ناھايىتى قاتتىق قائىدىلەرنى جارى قىلىش ۋە بۇ قائىدىلەرنى بولۇپمۇ دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك» [17] دەيدۇ. لېنىن بۇ خەتلىرىدە مىللەت ۋە تىل باراۋەرلىكى توغرىسىدا قەتئىي ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇن چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھە يوقكى، تۆمۈر يول خىزمىتىنىڭ بىرلىكى باھانىسى بىلەن، قانۇن - قائىدىلەر بىرلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار باھانىسى بىلەن، بىزدە، ھازىرقى زامان ئاپپاراتىمىز شارائىتىدا كۆپتىن - كۆپ رۇسچە سۆيىئىستېمال قىلىشلار تېقىلىپ كىرىدۇ. بۇ سۇ يىئىستېماللارغا قارشى كۈرىشىش لازىملىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدا تولۇق ئىشلەنگەن قانۇنلار مەجمۇئەسى بولۇشى كېرەك. بۇنداق قانۇنلار مەجمۇئەسىنى پەقەت مەلۇم بىر جۇمھۇرىيەتتە ياشىغۇچى مىللەت كىشىلىرىلا بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۈزەلەيدۇ.» [18]

5) لېنىن بۇ خەتلىرىدە روسىيىدە مىللىي مەسىلىنى نەمۇنىلىك توغرا ھەل قىلىشنىڭ خەلقئارادا، بولۇپمۇ شەرق ئەللىرىدە دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. لېنىن كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولغان جاھانگىرلىك دەۋرىدە مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسىنى ئومۇمىي پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزم يولىدىكى كۈرىشى بىلەن زىچ باغلاپ، مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەملىكە مەسىلىسىنى دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتى بىرلىشىڭلار!» دېگەن شوئارىغا «ئېزىلگەن مىللەتلەر بىرلىشىڭلار!» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ تولۇقلىدى. شۇڭا، لېنىن روسىيىدىكى ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسىنى دۇنيا ئىنقىلابىغا، بولۇپمۇ «ئەكسىلئىنقىلابىي ئىمپېرىيالىستىك غەرب بىلەن ئىنقىلابىي ۋە مىللەتچى شەرق ئارا، دۇنيانىڭ ئەڭ مەدەنىي دۆلەتلىرى بىلەن شەرقچە قالاق ۋە لېكىن كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان كەلگۈسى ھەربىي توقۇنۇش» [19] ۋە بۇ دۆلەتلەردىكى ئىچكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەسىلىسىگە باغلاپ كەلدى. لېنىن خۇسۇسەن روسىيىدە مىللىي مەسىلىنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقىنىڭ دۇنيا ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان ئىچكى ۋە تاشقى مىللىي زۇلۇمغا دۇچ كەلگەن ئارقىدا قالغان شەرق خەلقلىرى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور دەپ قاراپ كەلدى. بۇ قېتىمقى خەتلىرىدىمۇ بۇ ئىدىيە تولۇق ئەكس ئەتكەن. لېنىن خەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «رۇس ئاپپاراتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن مىللىي ئاپپاراتنىڭ يوقلۇ-

قىدىن بىزنىڭ دۆلىتىمىز ئۈچۈن كېلىشى مۇمكىن بولغان زىيان پەقەت بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنتېرناتسىئونالىزم ئۈچۈنمۇ، يېقىن كەلگۈسىدە، بىزنىڭ كەينىمىزدىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىدىغان ئاسىيانىڭ يۈز مىليونلارچە خەلقلىرى ئۈچۈنمۇ كېلىدىغان زىياندىن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە، ھېسابسىز دەرىجىدە كەمرەكتۇر. ئەگەردە بىز شەرقنىڭ ئەنە شۇنداق سەھنىگە چىقىش ھارپىسىدا ۋە ئۇ ئويغىنىشقا باشلىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئۆزىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ھېچبولمىغاندا ئازراقلا بولسىمۇ، قوپاللىق ۋە ئادالەتسىزلىك قىلىپ ئۆز ئابرويىمىزنى تۆكۈپ قويساق، بۇ كەچۈرۈپ بولمايدىغان ئوپپورتۇنىزم بولاتتى. كاپىتالىستىك دۇنيانى ھىمايە قىلىۋاتقان غەرب ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى جىپسىلىشىش زۆرۈرلۈكى بىر مەسىلە، بۇنىڭدا شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ۋە مېنىڭ بۇ چارىلارنى سۆزسىز ماقۇللىشىم توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشۇم ئوشۇقچە. لېكىن بىز ئۆزىمىز، ھەتتا ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەردىمۇ ئېزىلگەن خەلقلەرگە نىسبەتەن ئىمپېرىيالىستىك مۇناسىۋەتلەرگە بېرىلىپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن پرىنسىپال سەممىيلىكىمىزنى، ئىمپېرىيالىزمغا قارشى كۈرەشنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن پرىنسىپىمىزنى بەربات قىلىشىمىز باشقا نەرسە، ئەتىلىك كۈن بولسا، جاھان تارىخىدا خۇددى شۇنداق كۈن تۇغۇلىدۇكى، بۇ كۈندە ئىمپېرىيالىزم تەرىپىدىن ئېزىلگەن ۋە كۆزى ئېچىلغان خەلقلەر ئۇزۇل-كېسىل ئويغىنىدۇ ۋە بۇ كۈندە بۇ خەلقلەرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قەتئىي ۋە قاتتىق جەڭ باشلىنىدۇ» ⑳.

6) بۇ خەتلەردىمۇ لېنىننىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى — مەسىلىگە قاراش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى جانلىقلىق، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى سەممىيلىك بىلەن كەمتەرلىك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېنىننىڭ مەسىلىگە قاراش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش يولىدىكى جانلىقلىقى ئۇنىڭ ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارىشى بىلەن دىئالېكتىكىلىق مېتودولوگىيىسىدىن كەلگەن. لېنىننىڭ ھەر قانداق ئىجتىمائىي مەسىلىگە قاراش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى چېۋەرلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ ھالەت بۇ خەتلەردىمۇ روشەن گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن فېدېراتسىيە مەسىلىسىنى ئالايلى، لېنىن ئەسلىدە فېدېراتسىيىدىن ئىبارەت دۆلەت شەكلى سوتسىيالىزم ئۈچۈن دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈشكە زىت كېلىدىغان يارامسىز نەرسە، دەپ قاراپ: «بىز پرىنسىپ جەھەتتىن فېدېراتسىيىگە قارشىمىز — ئۇ ئىقتىسادىي ئالاقىنى بوشاشتۇرىدۇ، ئۇ بىر دۆلەت ئۈچۈن يارىمايدىغان تىپتۇر» ㉑ دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، لېنىن

www.uyghurkitap.com



«پرىنسىپ جەھەتتە» دېگەننى ئىشلەتكەندە، مەسىلىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمىگەن. چۈنكى ئۇ، مۇتلەق شەيئى ۋە مۇتلەق دۇنيا بولمىغانلىقتىن مۇتلەق كۆز قاراش، مۇتلەق پرىنسىپ، مۇتلەق ئۇسۇل ۋە مۇتلەق شەكىل دېگەنلەرمۇ بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەس، دەپ ھېسابلىغان. شۇنداق بولغاچقا، فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنى ئالاھىدە ئەھۋالدا قوللىنىش مۇمكىن دېگەننى چەتكە قاقمىغان.

روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن ئەھۋال —— بىر نەچچە مىللىي دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كېتىش، ئاندىن قايتىدىن بىرلىشىش شارائىتىدا، نۇرغۇن رەھبەرلەر فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنىڭ يارامسىزلىقى توغرىسىدىكى كونا كۆز قاراش، كونا رامكىدىن چىقالمىغان. لېنىن تەنقىد قىلغان «ئاپتونوملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت خاتا ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشىدا بۇ كونا كۆز قاراشنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن جانلىقلىققا چېۋەر لېنىن يېڭى شارائىتتا ئۆزىنىڭ كونا كۆز قارىشىدىن دەرھال ۋاز كېچىپ، بۇرۇن ئۆزى قارشى چىققان فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن روسىيىدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇۋاپىق دۆلەت شەكلى دەپ ھېسابلىغان.

يەنە بىر مەسىلە —— لېنىن شەيئىگە ۋە كادىرلارغا قاراشتىمۇ مۇشۇ مېتودولوگىيە بويىچە ئىش كۆرگەن. لېنىن «قۇرۇلتايغا خەت» دېگەن ئەسىرىدە، پارتىيە مەركىزىدىكى ستالىن، تروتسكىي، بۇخارىن، پىياتاكوۋ قاتارلىق بىر قىسىم ئاتاقلىق رەھبەرلەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تروتسكىينى «شەخسەن ئۇ مەركىزىي كومىتېتتا ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ھەددىدىن تاشقىرى مەنمەنلىككە بېرىلىپ كەتكەن، ئۇ ئىشنىڭ ساپلا مەمۇرىيەتچىلىكىگە ھەددىدىن تاشقىرى مەپتۇن بولغان كىشىدۇر»[22] دەيدۇ. بۇخارىن توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇخارىن ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ چوڭ نەزەرىيىچى بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇنىي رەۋىشتە پۈتۈن پارتىيىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنىڭ تولۇق ماركسىزملىق قاراش بولۇشىدىن ناھايىتى كۆپ شۈبھىلىنىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا قانداقتۇر چاكىنا پەلسەپىگە ياتىدىغان نەرسە بار (ئۇ دىئالېكتىكىنى ھېچقاچان ئۆگەنمىگەن ۋە پىكىرىمچە، ئۇ دىئالېكتىكىنى تەلتۆكۈس چۈشەنگەن ئەمەس).» بۇ ئىككى ئەربابقا بېرىلگەن باھا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، لېنىن پلېخانوۋقىمۇ تارىخىي ۋە دەل باھا بېرىدۇ. ئۇنى روسىيىدە ماركسىزمنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقۇچىلارنىڭ، تارقاتقۇچىلارنىڭ، روسىيە كومپارتىيە-

سىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ چوڭ ئەربابلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېيىن ئۇنىڭ ئايىنىپ ئوپپورتۇنىزم يولىغا چۈشكەنلىكىنى تەنقىد قىلىدۇ. قىسقىسى، لېنىننىڭ پارتىيە ئەربابلىرىغا باھاسى يا پۈتۈن ياخشى يا پۈتۈن يامان دەيدىغان ياكى ياخشىلىقى بىلەن سەۋەنلىكىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان مۇتلەقلىقتىن خالىي مېتودولوگىيىسى ۋە يولداشلارغا نىسبەتەن سەمىمىي، سالماقلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھى كىشىگە ئىنتايىن چوڭ ئىلھام بەخش ئېتىدۇ ۋە زور تەربىيە بولىدۇ.

لېنىننىڭ سەمىمىيلىكى بىلەن كەمتەرلىكىگە «دۆلەت پىلان كومىسسىيىسىگە قانۇن چىقىرىش فۇنكسىيىسىنى بېرىش توغرىسىدا» دېگەن خەتتىكى تروتسكىنىڭ پىكرىنى ھىمايە قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پىكرىدىن ۋاز كېچىش توغرىسىدىكى تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوبدان مىسال بولىدۇ. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پىكىر يولداش تروتسكىي تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىلگىرى سۈرۈلگەنىدى، ئەتىمالىم مەن بۇ پىكىرگە قارشى چىققان ئىدىم ... لېكىن ئىشنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ساغلام پىكىر بار دەپ ھېسابلايمەن.»[23]

ۋ. ئى. لېنىننىڭ بۇ خەتلىرى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ گۇۋاسى. خەتلەردىكى كونكرېت مەسىلىلەر شۇ زامان ۋە كونكرېت ئەلدىكى كونكرېت مەسىلىلەرگە قارىتىلغان بولسىمۇ، بولۇپمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىللىرى روسىيىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئىدىيە، ئۇنىڭ ئاساسىي روھى، مەسىلىگە قاراشتىكى مەيدان، كۆز قاراش ۋە مېتودولوگىيە ئومۇمىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ خەتلەر كىشىگە چوڭ ئىلھام بەخش ئېتىدۇ، چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ ۋە زور تەربىيىلىك رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى خەتلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدىكى لېنىننىڭ مەيدانىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن: (1) ھۆكۈمران ۋە چوڭ مىللەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى بىكار قىلىپ، ھەر قانداق مىللىي ئېزىش ۋە كەمسىتىشنى يوق قىلىپ، مىللەتلەرنى چوڭ - كىچىك، تەرەققىي قىلغان ۋە ئارقىدا قالغان دەپ ئايرىماي، ھەممە مىللەتنى قانۇندا باراۋەر ئورۇنغا قويۇش لازىم. بۇ پرىنسىپ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باپ كېلىدىغان، ماركسىزم - لېنىنىزمچىلار قەتئىي ياقلاش ۋە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي قائىدە. بۇنىڭدىن مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا كېچىككىنە بولسىمۇ چېكىنىش ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئىشچىلار سىنىپىغا خائىنلىق قىلغانلىق بولىدۇ؛ (2) ئەمدى بىر

www.uyghurkitap.com



دۆلەتتە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت چارە-تەدبىر ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە ھەممىگە بىردەك تەييار قېلىپ بولماسلىقى لازىم ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەممە گەپ شۇنىڭدا. لېنىن پۈتۈن مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئەسىرىدە مىللەتلەرنىڭ تەڭ-باراۋەر بولۇشىنى قەتئىي ياقلاپ، ھەر قانداق مىللەتكە ئۈستۈنلۈك بېرىشنىڭ ھەر قاندىقىنى قەتئىي رەت قىلىش بىلەن بىللە، بىر ئەلنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، ھەر بىر ئەل ئۆزىنىڭ ياشىغان تارىخىي دەۋرى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، كونكرېت، جانلىق ۋە ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە لېنىننىڭ پرىنسىپال يوليورۇقلىرى ئىنتايىن جىق. بۇ جەھەتتە لېنىن «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئۆتكۈر قىلىپ يازىدۇ: «ماركسىزم نەزەرىيىسى ھەر قانداق ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەكشۈرگەندە، ئەلۋەتتە مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆز دائىرىسىدە تەكشۈرۈشنى، كېيىن، ئەگەردە گەپ بىر دۆلەت ئۈستىدە بولسا (مەسىلەن، بىر مەملىكەت ئۈچۈن مىللىي مەسىلە پروگراممىسى توغرىسىدا بولسا)، گەرچە تارىخىي دەۋرى بىر بولسىمۇ، لېكىن بىر مەملىكەتنىڭ باشقا مەملىكەتلەردىن پەرقىنى كۆرسىتىدىغان كونكرېت خۇسۇسىيەتلەرنى ئېتىبارغا ئېلىشنى قەتئىي شەرت قىلىپ قويىدۇ ... كېيىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى، ئاھالىنىڭ مىللىي تەركىبى، ھەر مىللەتنىڭ مەملىكەتتە ئىشغال قىلغان ئورنى ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ مەملىكەتلەر بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. مانا شۇ بارلىق ئومۇمىي تارىخىي ۋە ھەر بىر دۆلەتنىڭ كونكرېت شارائىتلىرىنى نەزەر-ئېتىبارغا ئالماستىن، مەلۇم بىر مەملىكەت ماركسىزمچىلىرىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىشى توغرىسىدا ھەتتا سۆز بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.» [24] بىز، پارتىيىمىزنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدىكى مەيدان ۋە ئۇسۇلىنى ئەسلەيدىغان بولساق، كۆپ ئىزدىنىش ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق لېنىننىڭ يوليورۇقلىرىنى سادىقلىق ۋە چېۋەرلىك بىلەن ئىجادىي يوسۇندا ئىجرا قىلىپ، ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللەتلەرنىڭ قەتئىي رەۋىشتە تەڭ باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدىن ئىبارەت ئومۇمىي قائىدىسىگە باشتىن-ئاياغ سادىق بولۇپ، تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەن، خارلىغان ۋە ھەتتا مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلمىغان ئەكسىيەتچىلىكىنى پاش قىلىپ ھەممە ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر چوڭ-كىچىك

بولۇشقا قارشى ھەممىسى باپباراۋەر دەپ جاكالىدى. ئۇزۇن زامان ئېلىپ
بېرىلغان قاتتىق كۈرەش ئارقىلىق، ئاخىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ
ۋە جاھانگىرلىكنىڭ زۇلۇمىنى يوق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە دېموكراتىك
ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زۇلۇمنى تەدرىجىي
يوسۇندا تۈگىتىش يولى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ئېزىشىدىن، ئىچكى سىنىپىي زۇلۇمدىن ئازاد قىلدى ۋە تاشقى مىللىي زۇلۇم خەۋ-
پىدىن ساقلاپ قالدى. مانا بۇ، مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەر بولۇشىنىڭ ئىجتىمائىي
ئاساسىنى ئورناتقانلىق ئىدى. ئەمدى مىللىي مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشنىڭ
كونكرېت چارە تەدبىرى يەنى دۆلەت تۈزۈمى مەسىلىسىدە، لېنىننىڭ يۇقىرىقى يول-
يورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تۇرغان تارىخىي دەۋرى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ
كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن توغرا سىياسەت بەلگىلەش يولىدا ئىزدەندى. ئاخىر،
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت تۈپ سىياسەت ۋە تۈپ تۈزۈمنى تېپىپ
چىقتى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇن، شەكىللىرىنى بەلگىلىدى. بۇ ئاسانلىقچە قولغا
كەلگەن ئەمەس، ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بۇ،
پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىش ۋە ئېلىمىزنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالىنى،
جۈملىدىن ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى كونكرېت
چۈشىنىش دەرىجىسىگە باغلىق بولۇپ كەلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسەتنىڭ شەكىللىنىشى
ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن، پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتى قۇرۇلغانغا قەدەر 28 يىل ۋاقىت كەتتى. بۇ جەرياننى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا
بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ — پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ زۇنيى يىغىنىغا قەدەر
بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە پارتىيىمىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش
ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئىختىيارىي يوسۇندا فېدېراتسىيىلىك دۆلەت قۇرۇشنى
ئاساسىي سىياسەت قىلدى، فېدېراتسىيىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىرخىل
شەكلى دەپ ھېسابلاپ كەلدى.

ئىككىنچى باسقۇچ — 1935-يىل زۇنيى يىغىنىدىن تارتىپ ئازادلىققا قەدەر بولغان
مەزگىل. بۇ مەزگىلدە پارتىيىمىز بۇرۇنقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە فېدېرات-
سىيىلىك دۆلەت قۇرۇش سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، كۆلىمى
ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى. «جۇڭگو تۇپرىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار» دا، دەسلەپ «... ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك رايونلىرى بەرپا قىلىنىدۇ» دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى، كېيىنچە، جۇڭخۇا سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتى 1935 - يىل دېكابىردا ئېلان قىلغان ئىچكى موڭغۇل خەلقى توغرىسىدىكى، 1936 - يىل مايدا ئېلان قىلغان خۇيزۇ خەلقى توغرىسىدىكى خىتابنامىلاردا، ئاپتونومىيىلىك جاي ۋە «ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەت» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلدى. 1936 - يىل ئاۋغۇستتا غەربكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيە تۇنجى قېتىم نىڭشيانىڭ تۇڭشىن، خەيۈەن رايونلىرىدا شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا، يۈخەي خۇيزۇ ئاپتونوم ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1946 - يىلغا كەلگەندە، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىدىيىسى تېخىمۇ روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىل مايدا ئېلان قىلىنغان «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرى» دا «چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار مىللىي رايون قىلىپ ئايرىتىلىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پرىنسىپ بويىچە، 1947 - يىل مايدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بەرپا قىلىنىپ، ئاپتونوم ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ ۋە بەك مۇھىم بىر رايوندا قۇرۇلۇشى بۇ سىياسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسەتتى، دۆلەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ نەتىجىلىك سىنىقى بولدى ۋە مۇھىم تەجرىبە توپلاندى. ئەمما 40 - يىللاردا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى بىلەن بىللە يەنە فېدېراتسىيىلىك دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەشتىن ئىبارەت كونا سىياسەتمۇ بىللە ئىشلىتىلدى، بۇ سىياسەت 7 - قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ھۆججەتلىرىگە كىرگۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدا: «مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە باي - كۈچلۈك بولغان، ئىنقىلابىي سىنىپلار ئىتتىپاقلاشقان ھەمدە ھەر مىللەت بىرلەشكەن فېدېراتسىيىلىك دۆلەت قۇرۇش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ھارپىسىدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ «ئورتاق پروگراممىسى» نى تەييارلاش جەريانىدا «فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمى» نى قوللىنىش - قوللانماسلىق مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم تەكرار مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئەڭ

ئاخىرىقى قېتىم فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى، ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىل — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۆز ۋاقتىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق رولىنى ئوينىغان سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسىغا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىتى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مىللىي رايونلاردىكى شەكلى ھەمدە تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، 1954 ـ يىلقى تۇنجى سىياسىي قانۇنغا ۋە ئۇندىن كېيىنكى ھەممە ئاساسىي قانۇنلارغا كىرگۈزۈلدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1984 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈلگەنگە قەدەر بولغان 30 نەچچە يىللىق مەزگىل. بۇ مەزگىلدە «ئورتاق پروگرامما» غا ئاساسەن، 1952 ـ يىل ئاۋغۇستتا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» تۈزۈلدى. شۇ ئاساستا پۈتۈن دۆلىتىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، جايلاشقان ئورنى قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللىي خىزمەتتىكى «سول» يېتەكچى ئىدىيىگە خاتىمە بېرىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندىن بۇيانقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئاساسىدا، 1984 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلىپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. 30 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچى زور توغرا سىياسەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تارىخنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، پارتىيىمىز دەسلەپ قۇرۇلغان گۆدەك دەۋرىدە، مىللىي مەسىلىدە جۇڭگوچە سىياسەت تۈزۈپ چىقالمىدى، كېيىنچە زور ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، ئازادلىق ھارپىسىغىچە فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىدىن ئادا ـ جۇدا قول ئۈزمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنۇلار: (1) پارتىيىمىزنىڭ گۆدەك دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئەھۋالى بىلەن مىللىي مۇناسىۋەت ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكى مۇقەررەر ئىدى؛

www.uyghurkitap.com



(2) پارتىيىمىز تارىخىدا «سول» لۇشيەن سول كۆز قاراش كۆپ قېتىم ھۆكۈمرانلىق قىلدى، «سول» چىل ئوپپورتۇنىزم ماركسىزم - لېنىنىزمغا نىسبەتەن ۋە چەتئەل تەجرىبىسىگە نىسبەتەن ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان دوگماتىزملىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. مۇنداق ئىدىيە ۋە سىياسىي لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسلانغان توغرا سىياسەت تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا لېنىننىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئايرىم ئىبارىلىرىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنى شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ قوللاندى؛ (3) 1935 - يىلىقى زۈنيى يىغىنىدىن باشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي لۇشيەنى توغرىلاندى، شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان مىللىي سىياسەت قوللىنىش جەھەتتە يېڭىدىن داغدام يول ئېچىلدى. بۇ مەسىلىدە، بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ۋە دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلتۈرگەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ھەممە مىللەت بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ بىللە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازاد رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا «مىللىي رايونلار» ۋە «ئاپتونوم ھۆكۈمەتى» قۇرۇشقا كىرىشىلدى. بۇ ئىككى جەھەتنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش، ھەتتا تارىخىي بۇرۇلۇش ئىدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ۋە سىياسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ ۋە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. لېكىن پارتىيىمىزدە «سول» نەزەرىيە، «سول» يېتەكچى ئىدىيە ۋە «سول» لۇشيەننىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، تەسىرى چوڭ بولغانلىقى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن كادىرلارنىڭ ماركسىزمنى، بولۇپمۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، «بالىلىق»، «سوللۇق» ۋە دوگماتىزمدىن كېلىپ چىققان چەتنىڭ كونكرېت سىياسىتىنى قارىغۇلارچە قوللىنىشتىن ئادا - جۇدا بولالماي، بەزىدە يەنىلا فېدېراتسىيىلىك يول بىلەن مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش ئەھۋالىمۇ بولدى. بۇ مەسىلىدە بولۇپمۇ 7 - قۇرۇلتايدىن كېيىن 1947-يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ھارپىسىدا تونۇش جەھەتتە زور سەكرەش بولدى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىدىيىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. ئاخىرى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ «ئورتاق پروگراممىسى» نى

تۈزۈش جەريانىدا مەسىلە تەلتۆكۈس ھەل قىلىندى.

ئەمما، نېمە ئۈچۈن ئېلىمىزدە سوۋېت ئىتتىپاقىدەك فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنى قوللانماي، بىر پۈتۈن دۆلەت سىستېمىسىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈلدى؟ يىغىپ ئېيتقاندا، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالى بەلگىلىگەن، پارتىيىمىز لېنىننىڭ بىر دۆلەتتە مىللىي پروگرامما ۋە سىياسەتنى بەلگىلەشتە بىرىنچىدىن، شۇ دۆلەت تۇرغان تارىخىي دەۋرنى، ئىككىنچىدىن، تارىخىي دەۋرى ئوخشاش ئەللەردىمۇ شۇ مەملىكەتنىڭ باشقا مەملىكەتلەردىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھېسابقا ئېلىش شەرت، دېگەن تەلىمىگە قەتئىي ئەمەل قىلىندى.

ئۇنداق بولسا، ئېلىمىزنىڭ مىللىي جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى قانداق؟ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىدىن قانداق پەرقى بار؟ گەپ شۇنىڭدا. بۇ ئىككى دۆلەتتىكى مۇھىم ئورتاقلىق: (1) ھەر ئىككىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپىنچە چېگرا رايونلاردا تۇرىدۇ، دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ؛ (2) ھەر ئىككىسىدە بىر چوڭ مىللەت ئاساسىي ئورۇندا بولىدۇ ۋە ئۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ (3) بۇ ئىككى دۆلەت ئوخشاشلا شۇ مەزگىلدە (مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان) بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدىن ئىبارەت تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. بۇ ئورتاقلىقلارغا ئاساسەن، ئۇلارمۇ ئورتاق پرىنسىپلارنى قوللاندى: (1) مىللىي مەسىلە بۇ ئىككى دۆلەت ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم؛ (2) بۇ ئىككى ئەل كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىدىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ مىللەتنىڭ مىللىي ئېزىش سىياسىتىگە قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ھەممە مىللەتنىڭ ھوقۇقتا باپباراۋەر ئورۇندا تۇرۇشىنى تەمىن ئېتىشى لازىم؛ (3) بۇ ئىككى ئەل كوممۇنىستلىرى ئۆزىنىڭ پروگراممىسىغا چوقۇم مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كىرگۈزۈشى لازىم، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەمدى بۇ ئىككى ئەلدىكى ئاز سانلىق مىلللەتلەرنىڭ دۆلەتتىكى ئورنى قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭدا قانداق شەكىل قوللىنىلىدۇ؟ بۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا كۆرە، ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ كونكرېت ئوخشىمىغان ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش لازىم: ئالدى بىلەن بۇ ئىككى دۆلەتتىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى ۋە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىي ئورنى ئوخشىمايدۇ. جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىر نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا بىر پۈتۈن دۆلەتكە بىرلەشكەن، جۇڭگو دۆلىتىنى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىللەت ئورتاق ياراتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن زامان تارىخىدا جۇڭگو چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا داۋاملىق ئۇچراپ يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئاساسىي مىللەت بولغان خەنزۇ مىللىتىمۇ مىللىي زۇلۇمغا ئۇچرىدى. روسىيىدە بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، روسىيىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەر تارىختا مۇستەقىل دۆلەت ئىدى. چار پادىشاھ كېيىنكى زاماندا تەدرىجىي ھالدا ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى مۇستەقىل دۆلەتلەر روسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى، رۇس ئەزگۈچىلىرى ئاشكارا ھالدا ئۇلارنى «يات مىللەتلەر» دەپ ئاتىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر روسىيىنى «مىللەتلەرنىڭ تۈرمىسى» دەپ ئاتىدى. دېمەك، بۇ يەردىكى مىللىي مۇناسىۋەت مۇستەملىكىچى، ئەزگۈچى مىللەت بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغۇچى، ئېزىلگۈچى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ ئىككى دۆلەتتە لېنىن ئېيتقاندەك، «مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى، ئاھالىنىڭ مىللىي تەركىبى، مىللەتلەرنىڭ دۆلەتتىكى ئورنى» جەھەتتىن خېلى زور پەرق قىلىدۇ. تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتە روسىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى (بولۇپمۇ غەربىي قىسمىدا) لېنىن ئېيتقاندەك، «كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي دەرىجىسى جەھەتتە رۇس مىللىتىگە قارىغاندا يۇقىرىراقتۇر»[1]. لېكىن ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارغا قارىغاندا ئومۇمەن ئارقىدا. روسىيىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى شۇ چاغدا رۇسلاردىن جىق بولۇپ 57 % نى تەشكىل قىلاتتى. ئېلىمىزدە بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي ئاھالىدا ئاران 5-6 پىرسەنتنىلا تەشكىل قىلىدۇ. ئەقەللىسى 10 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، روسىيىدە مىللەتلەر، بولۇپمۇ چېگرا جايلاردىكى مىللەتلەر مەركەزلىك ھالدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ ئېلىمىزدە بولسا شىزاڭ، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇلغا ئوخشاش رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلاشقان جايلاردا، ئومۇمىي دائىرىدە خەنزۇلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئەڭ مۇھىم ئامىل — لېنىن دەسلەپتە مەركەزلەشكەن دۆلەت تەرەپدارى بولۇپ، ئومۇمەن فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمىنى نامۇۋاپىق ھېسابلىغان. لېكىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە بىرمۇنچە مىللەتلەر روسىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇۋالدى. كېيىنچە ئۇلار چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدىنىش ۋە پرولېتارىيات مەنپەئىتىنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا قايتىدىن بىرلىشىشنى تەلەپ قىلدى. مۇستەقىل بولۇپ كەتكەن دۆلەتلەرنى ئەمدى ئاددىي ھالدا روسىيىگە قوشۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنداق قىلىش چارىزمنىڭ كونا يولىدىن

ماڭغانلىق بولاتتى. شۇڭا، بۇ مەسىلىدە كېلىشىم ئارقىلىق فېدېراتسىيە يولى بىلەن بىرلىشىش زۆرۈر بولدى. لېكىن ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ بىرلىشىپ، خەنزۇ خەلقى بىلەن بىللە كۈرەش قىلدى، ئاخىرى بىرلىشىپ بىرلىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ھەممە مىللەت بۇ يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى. بۇنداق شارائىتتا، ئەمدى فېدېراتسىيە شەكلىنى قوللىنىش ھاجەتسىز ئىدى، ئۇنداق قىلىش تارىخىي جەھەتتە ئارقىغا چېكىنىش بولاتتى. شۇڭا، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى جۇڭگوچە تۈس ئالغان ماركسىزمچە-لېنىنىزمچە توغرا سىياسەت. بۇ سىياسەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئىزاھلار:

① «لېنىن، كادىرلارنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ھەققىدە»، «شەرق ھەققىتى» نەشرىياتى، 59-يىل نەشرى، 829-بەت.

② «ۋ. ئى. لېنىن دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا»، «شەرق ھەققىتى» نەشرىياتى نەشرى، 915-بەت.

③ شۇ كىتاب، 440-، 441-بەتلەر.

④ «لېنىن، كادىرلارنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ھەققىدە»، 844-بەت.

⑤ شۇ كىتاب 844-بەت.

⑥ ⑦ «ۋ. ئى. لېنىن، دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا»، 932-بەت.

⑧ «لېنىن، كادىرلارنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ھەققىدە»، 850-بەت.

⑨ شۇ كىتاب، 848-بەت.

⑩ شۇ كىتاب، 844-بەت.

⑪ شۇ كىتاب، 845-846-بەتلەر.

⑫ شۇ كىتاب، 846-بەت.

⑬ شۇ كىتاب، 849-، 850-بەتلەر.

⑭ شۇ كىتاب، 848-بەت.

⑮ شۇ كىتاب، 847-، 848-، 849-بەتلەر.

⑯ شۇ كىتاب، 848-بەت.

⑰ «ۋ. ئى. لېنىن، دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا» 380-بەت.

(داۋامى 110-بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# بىلىشنىڭ يېگانىلىقتىن باغلىنىشلىققا، تۇرغۇن ھالەتتىن ھەرىكەتلىك ھالەتكە تەرەققىي قىلىشى

جاڭ ليەنشياڭ

## 1

بۇ ماقالىدە بىلىشنىڭ تەرتىپى دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي تەتبىق قىلىنىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچىمەن.

بۇ تېما تۇرغۇن مەسىلىگە تاقىلىدۇ، گەپنى يەنىلا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ چىقىش نۇقتىسى — ئوبيېكتىپ چىنلىقتىن باشلايلى. ئادەمنىڭ ئېڭىنىڭ سىرتىدا مۇستەقىل تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ «چىنلىقى» مۇنداق ئىككى قەۋەت مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى — «شەيئى»، يەنە بىرى — شەيئىنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى».

ئاۋۋال «شەيئى» نى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. «شەيئى» «يېگانە»، «تۇرغۇن» ھالەتتىكى شەيئىنى كۆرسىتىدۇ. «يېگانە» دېگەن سۆز باغلىنىشقا نىسبەتەن ئېيتىلغان. شەيئىلەر ئەسلىدە ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، «يېگانە» دېگىنىمىز باغلىنىشنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ياكى باغلىنىشقا بىزنىڭ قەستەن سەل قارىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، بىز «بىر تال ئانار گۈل» نى كۆرگەندە، ئاۋۋال ئۇنىڭ باشقا گۈل بىلەن، شۇنىڭدەك قۇياش نۇرى، ھاۋا، ھارارەت، سۇ، تۇپراق، تاشتەك ۋە بالكون بىلەن بولغان باغلىنىشىغا ئەمەس، ئاۋۋال ئۇنىڭ چىرايلىق گەۋدىسىگە ۋە كۆزنى چاقنىتىدىغان قىزىل رەڭگىگە سەپ سالىمىز. شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا قاراش «يېگانىلىق» بولىدۇ.

«تۇرغۇنلۇق» ھەرىكەت نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. شەيئىلەر ئەسلىدە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، «تۇرغۇنلۇق» دېگىنىمىز ھەرىكەت ئامىلىنى قويۇپ تۇرۇپ، شەيئىنىڭ رېئاللىق تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ كۆزىتىشكە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. بىزنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال دىققەت قىلىدىغىنىمىز بايىقى ئانار گۈلنىڭ پېتىلىش، ئۆسۈش، ئاخىرىدا تۆكۈلۈش جەريانى ئەمەس، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى. شەيئىنىڭ رېئال خۇسۇسىيىتىنى

ئۇنىڭ ھەرىكىتى جەريانىدىن، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن چەتلەپ كۆزىتىش «تۇرغۇنلۇق» بولىدۇ.

ئەمدى شەيئىلەرنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» نى چۈشەندۈرۈمىز. دۇنيادىكى «ئومۇمىي باغلىنىش» رېئال، «تۇرغۇن»، «توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشى» ۋە تارىخىي، ھەرىكەتچان «تىك لىنىيىلىك باغلىنىش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. پەلسەپە دەرسلىكلىرىدە، ھەرىكەت «خىلمۇ خىل بولىدۇ»، مەسىلەن، ئىچكى باغلىنىش ۋە تاشقى باغلىنىش، ماھىيەتلىك باغلىنىش ۋە ماھىيەتلىك بولمىغان باغلىنىش، مۇقەررەر باغلىنىش ۋە تاسادىپىي باغلىنىش، ئاساسىي باغلىنىش ۋە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان باغلىنىش ۋەھاكازا دېيىلىدۇ. «ئومۇمىي باغلىنىش» نى بۇنداق بۆلۈش، بىئولوگىيىنى گۈل، دەرەخ، قۇش، ھايۋان دەپ بۆلگەندەك، ئىلمىي ئەمەس. يۇقىرىقى باغلىنىشلار ئىككى چوڭ مۇناسىۋەتتىكى ئاتالغۇلاردىنلا ئىبارەت.

«توغرا لىنىيىلىك باغلىنىش» شەيئىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ۋە شەيئى بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئانار گۈلگە قاراڭلار، ئۇنىڭ شېخى، يوپۇرمىقى، گۈلى بىر پۈتۈن گەۋدىگە باغلانغان ئەمەسمۇ؟ بىر تۈپ ئانار گۈلنىڭ ئىككىنچى بىر تۈپ ئانار گۈل بىلەن، بىر تەشتەك تاشگۈلنىڭ ئىككىنچى بىر تەشتەك تاشگۈل بىلەن، كۈن نۇرى، ھاۋا، ھارارەت، سۇ، تەشتەك، بالكون قاتارلىقلار بىلەن بولغان باغلىنىشى توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشتۇر. بۇنداق باغلىنىش زامان ۋە ھەرىكەتتىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىلمۇ خىللىقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى ماكان جەھەتتە نامايەن قىلىدۇ. بايىقى ئانار دەرەخنىڭ توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشىنى دىئالېكتىكىنىڭ مۇنۇ جۈپلۈك «تۇرغۇن كاتېگورىيە» سى بىلەن، يەنى قارىمۇ قارشىلىق بىلەن بىرلىك، ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىق، ئالاھىدىلىك بىلەن ئومۇمىيلىق، خاسلىق بىلەن ئورتاقلىق، پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىك، ئىچكى ئامىل بىلەن تاشقى ئامىل، ھادىسە بىلەن ماھىيەت، شەكىل بىلەن مەزمۇن، سۈپەت بىلەن سان، پىلۇس بىلەن مىنۇس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

«تىك لىنىيىلىك باغلىنىش» شەيئىلەرنىڭ «تۇرغۇن ھالەت» تىكى كاتېگورىيەسى ۋە توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشنىڭ تارىختىكى، ھەرىكەت جەريانىدىكى باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق باغلىنىش ئۆزىنىڭ موللىقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى ھەرىكەت جەريانىدا نامايەن قىلىدۇ. بايىقى ئانار دەرىخى مۇئەييەن زاماندا تۇرۇپلا قالماستىن، خىلمۇ خىل رېئال، توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، خېلى كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاقىتقىمۇ ئىگە بولغان. ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ھەرىكەت جەريانىدىكى، تارىخ جەريانىدىكى، «تۇرغۇن ھالەت» تىكى كاتېگورىيىسى ۋە توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى تەڭپۇڭلۇق ۋە تەڭپۇڭسىزلىق چىقىپ تۇرىدۇ، شاخ، يوپۇرماق، چېچەك، كۈن نۇرى، ھاۋا، ھارارەت، سۇ، تاشكۆل قاتارلىقلار ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئىلگىرى - كېيىن ئۆزگىرىشلەر، باغلىنىشلارنىڭ لىنىيىلىك باغلىنىشلاردۇر. بۇ باغلىنىشلارنى (زۆرۈرىيەت) ئىمكانىيەت بىلەن رېئاللىق، سەۋەب بىلەن نەتىجە، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق، سان ئۆزگىرىشى بىلەن سۈپەت ئۆزگىرىشى، قارارلاشتۇرۇش بىلەن ئىنكار قىلىش، قارىمۇ قارشىلىق بىلەن بىرلىك دېگەنگە ئوخشاش جۈپلۈك، دىئالېكتىكىلىق «ھەرىكەت قىلىۋاتقان كاتېگورىيە» ئارقىلىق بايان قىلىش مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا، تىك لىنىيىلىك باغلىنىش ھەرىكەت جەريانى، يەنى ھەرىكەت دېمەكتۇر.

ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىككى قەۋەت مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ بىلىشىمۇ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈشى كېرەك: ئۇنىڭ بىرى — «شەيئى» نىڭ «نېمە» ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئىككىنچىسى — «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» جەريانىدىكى «نېمە ئۈچۈن» لەرنى بىلىش. «نېمە» ۋە «نېمە ئۈچۈن» دىن كېلىپ چىققان باقى مەسىلىلەرنى تۆۋەندە ئۆز نۆۋىتىدە بىر - بىردىن بايان قىلىمىز.

## 2

«بىلىشنىڭ يىگانىلىقتىن باغلىنىشلىققا، تۇرغۇن ھالەتتىن ھەرىكەتلىك ھالەتكە تەرەققىي قىلىشى» دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساس نېمە؟

ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە مېتافىزىكىچە يىگانىلىق ۋە تۇرغۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەس، فېيېرباخ، بىكونلارنىڭ قارىشىغا قايتىش ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، «يىگانىلىق» نى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت «باغلىنىشلىق» نى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش، «تۇرغۇنلۇق» نى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت ھەرىكەت جەريانىنى تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىش.

گۈزەل، رەڭگارەڭ، پايانسىز دۇنيا ئالدىدا، بىزنىڭ بىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە بىلىش ئۇسۇلىمىز تولىمۇ چەكلىك. ئېنگېلسنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «بىز ئۈچۈن ئۇلارنى تەبىئىي، تارىخىي باغلىنىشتىن ئاجرىتىپ ئېلىپ، ئۆز تەبىئىتى، ئالاھىدە سەۋەب ۋە نەتىجىلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلماستىن، ... تەبىئەتنى ئاي-

رىم – ئايرىم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ، تۈرلۈك تەبىئەت جەريانلىرىنى ۋە تەبىئىي شەيئىلەرنى مۇئەييەن تۈرلەرگە بۆلۈپ، جانلىق ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل ئوپېراتسىيە ھالىتى بويىچە تەتقىق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ...» ①. ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ قارىشىغا ئاساسەن، بىلىش ئوبيېكتىنىڭ (يىگانە، تۇرغۇن) «شەيئى» قىسمىنى، «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» قىسمىنى ئاجرىتىپ ئالدۇق. مۇشۇنداق ئوپېراتسىيە ھالىتى بويىچە ئايرىم – ئايرىم تەتقىق قىلىمىز.

بۇنداق «ئاجرىتىپ ئېلىش» ۋە «ئايرىم – ئايرىم تەتقىق قىلىش» تولىمۇ مۇھىم. ئالدى بىلەن «شەيئى» نى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئېنگېلسنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، «ئاۋۋال شەيئىنى تەتقىق قىلغاندا، ئاندىن جەريانىنى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. ئاۋۋال شەيئىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندە، ئاندىن بۇ شەيئىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى سەزگىلى بولىدۇ.» بۇ يەردە ئېنگېلس «شەيئى» نى ئاۋۋال تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم «شەيئى» نى ئاۋۋال تەتقىق قىلىشنىڭ جەريانىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئېنگېلس نۇر چاقناپ تۇرغان بۇ شەيئىنى تولۇق بايان قىلمىغان، ئىزاھلىمىغان ۋە يەشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ بۇ ئىدىيىنى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. ئۇ فېيېرباخنىڭ (جۈملىدىن بىكون، لوكلارنىڭ) كونا ماتېرىيالىزمىنى «ئابستراكت ئالەمدىن چۈشۈن رېئال دۇنياغا ئۆتۈشنىڭ يولىنى «تاپالمىدى» دەپ تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ «ئابسراكت ئالەمى» — «شەيئى» نى يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى «ئۇلۇغ تارىخىي ئاساسقا ئىگە»، بۇ ئۇسۇل ئۆز ۋاقتىدا «چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ ئاساسى بولغانىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىللە، ئېنگېلس بىلىشنى يەنە باغلىنىش ۋە ھەرىكەتكە يۆتكەيدۇ، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «فېيېرباختىن ئېشىپ كەتكەن ۋە فېيېرباخنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرغان بۇ خىزمەتنى ماركس 1845 – يىلى ‹مۇقەددەس ئىتتىپاق› تىن باشلىغان ئىدى». ② «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس» تا ئۇ فېيېرباخنى «تارىخنىڭ مۇساپىسىدىن چەتلەپ، دىنىي ھېسسىياتنى يىگانە ھالەتتە كۆزەتتى» دەپ تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، «دىنىي ھېسسىيات» بولسا «جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى» دەپ كۆرسىتىدۇ. «دىنىي ھېسسىيات» توغرىسىدىكى چۈشەنچە «ئادەم» گە باغلىنىدۇ، فېيېرباخ «ئادەم» نى «يالغۇز ئادەمگە خاس ئابستراك نەرسە» دەپ قارايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس «ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ يىغىندىسى»، «ئادەم»نى تارىختا ھەرىكەت قىلغان ئادەم دەپ تەتقىق قىلىش كېرەك» دەيدۇ. ئېنگېلس «دى–

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇرتىغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە: «بىز ھەرىكەت، ئۆتۈش ۋە باغلىنىشتا «نىمىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ئۆتۈۋاتىدۇ ياكى باغلىنىۋاتىدۇ» دېگەنلەردىن كۆپرەك دىققەت قىلىمىز» [3] دېگەن ئىدى. بۇ سۆزدىمۇ «ھەرىكەت، ئۆتۈش ۋە باغلىنىش» نى «قانداق نېمە» دىن ئايرىپ تەتقىق قىلىش لازىملىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ماركسىزمنىڭ پەلسەپە كلاسسىكلىرىدا بۇنداق ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ قىممەتلىك ئىدىيىگە ۋارىسلىق قىلىش، بۇ ئىدىيىۋى مىراسنى ئېچىپ، شەرھىيلەپ، ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

كىشىلەر فېيېرباخ پەلسەپىسىنىڭ «ئاساسىي يادروسى» نى دائىم تىلغا ئالىدۇ، لېكىن تولىسى تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس نېمىسلارنىڭ كلاسسىك پەلسەپىسىنى ئۆزگەرتىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنى بەرپا قىلىشتىمۇ ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىدىن باشلىغان، بىلىش نەزەرىيىسىنى، بىلىشنىڭ دىئالېكتىك جەريانىنى ئىلمىي بايان قىلىش، ئىلمىي تەرەققىي قىلدۇرۇش كېيىنكى ئىش، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىزگە ھېچنېمە قالدۇرۇپ كەتمىگەن دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، ئۇلار فېيېرباخنىڭ «ھېسسىيلىقى» بىلەن گېگېلنىڭ «ئەقلىيلىقى» (شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى، جەريانى، ئۆزگىرىشى ۋە باغلىنىشىغا ئوخشاشلارنى ئېچىپ بېرىشى) نى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، «شەيئى» دىن «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» كىچە دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، دىئالېكتىكا ۋە بىلىش نەزەرىيىسى بىر پۈتۈن ئىلمىي گەۋدە، ئۇلارنى پارچىلاشقا، چۇشۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئالدى بىلەن «نەرسە» نى، «شەيئى» نى ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، «شەيئى» نى مەركەز قىلىپ يېزىلغان «ماقالە» ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، ماتېرىيالىستىك بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» دىئالېكتىكىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتىدۇر. شەيئىلەرنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» نى تەتقىق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بىزنىڭ «ئەڭ ياخشى ئەمگەك سايمانلىرىمىز ۋە ئۆتكۈر قوراللىرىمىز» [4] بولغان دىئالېكتىكا (جۈملىدىن دىئالېكتىكا باشچىلىقىدىكى كاتېگورىيىلەر) نىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شەيئىلەرنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» نى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىدۇ، دىئالېكتىكىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش بىلەن ھەقىقەتنى تەلەپ قى-

لىش قوشۇلسا، «ئەمەلىيەتتىن ھەقىقەتنى ئىزدەش»، يەنى ئىنسانلارنىڭ «شەيئى»لەرنى بىلىشى ۋە «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت»نى بىلىشى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئاساس قىلىدۇ. «شەيئى»نى بىلىش بىلىشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپىسى، «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت»نى بىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. «شەيئى»نىڭ «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەسلى زات بىلەن بېقىندىنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. «باغلىنىش» «شەيئى»نىڭ باغلىنىشى، «ھەرىكەت»مۇ «شەيئى»نىڭ ھەرىكىتى، «شەيئى» بولمىسا، باغلىنىشمۇ، ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس كاپىتالىزمنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا، كاپىتالىستىك تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئايرىم كارخانىلارنى، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر نەچچە دەۋرنى «ئاجرىتىپ ئېلىپ» تەھلىل قىلىشقا، بىر نەچچە كارخانىنى، بىر نەچچە دەۋرنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن لوگىكىلىق ئىلمىي ھۆكۈم، ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە بۇ تۈزۈمنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى توغرىسىدا خۇلاسە چىقىرىشقىلا مۇۋەپپەق بولالىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىر كاپىتالىستىك ئەلدىكى ھەر بىر كارخانىنى، ھەر بىر زاۋۇتتىكى ھەر بىر سېخنى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ھەر بىر يىل، ھەر بىر كۈن، ھەر بىر مىنۇتنى تەھلىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. بۇ ئۇسۇل ماركس «كاپىتال»دا قوللانغان ئۇسۇلدۇر. ماركس كاپىتالىزمنىڭ «تاۋار» دىن ئىبارەت ھۈجەيرىسىنى «ئاجرىتىپ ئېلىپ»، تەھلىلىنىڭ مۇقەددىمىسى قىلدى، تەھلىلنى «يىگانە» «تاۋار» دىن باشلاپ، ئاندىن پۇل، كاپىتال، قىممەت، قوشۇمچە قىممەت، ئىش ھەققىغە ئوخشاش ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى تەھلىل قىلىشقا ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشى بىلەن كىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى (سىنىپىي مۇناسىۋەتنى) تەھلىل قىلىپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى تەھلىلنى تاماملىدى. «تاۋار» دېگەن بۇ ھۈجەيرە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ «ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش» لىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ ھۈجەيرە «بارلىق بۇرژۇئازىيە شەكلىنىڭ پۈتۈن سىرىنى ئېچىپ بەردى»(5).

«ئۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلار بىزگە بۇ زىددىيەتلەرنى ۋە بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى، بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي جەمئىيسىنى، بۇ جەمئىيەتنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان تەرەققىياتىنى (ھەم ئۆسۈشىنى، ھەم ھەرىكىتىنى) بىلدۈردى»(6).

www.uyghurkitap.com



ئادەمنىڭ بىلىشى «يىگانە»، «تۇرغۇن ھالەتتىكى» شەيئىدىن باشلىنىدۇ. ئاندىن شەيئىنىڭ باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتىگە ئۆتىدۇ. بۇنداق بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچلىك ماركسىزملىق نەزەرىيە ئاساس بولۇپ قالماستىن، ئۇنى ئىلمىي تەجرىبىمۇ ئىسپاتلىدى. شىۋېتسارىيىلىك بالىلار پسىخولوگىيىسى ئالىمى پىئاگې كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، بالىلارنىڭ ئاۋۋال «نېمە» دېگەن سوئاللارنى قويىدىغانلىقىنى، يېشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۇرلۇك «نېمە ئۈچۈن» لەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «‹نېمە› ۋە ‹قاچان› دېگەن شەكىلدىكى ‹نېمە ئۈچۈن› دېگەن سوئالدىن خېلى بۇرۇن مەيدانغا چىققان»[7].

3

بىز يەنە بىلىش «شەيئى» دىن «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» كە ئۆتىدۇ دېگەن قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىنسانلار بىلىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان دىئالېكتىكا كاتېگورىيىسىدىن ئىلگىرىلەۋاراق بايان قىلىشىمىز مۇمكىن. كىشىلەر ھەممىشە ئېنگېلسنىڭ: «تارىخ قەيەردىن باشلانغان بولسا، ئىدىيىنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇ يەردىن باشلانغان»[8] دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بىزمۇ لېنىننىڭ: «ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ ئەقەللىي»[9] نەرسىدىن باشلانغان دېگەن سۆزىنى بەك ياقتۇرىمىز. «تاۋار» «كاپىتال» تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھەم «كاپىتال» نى ئۆگىنىشىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شۇڭا «كاپىتال» دا ئەكس ئېتىلگەن دىئالېكتىكا كاتېگورىيىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. چۈنكى «تاۋار» دېگەن شەيئى «ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ ئەقەللىي» نەرسە. بىراق، پەيلاسوپلار بۇنىڭغا قىزىقمىدى، خۇددى XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «مالمانچىلىق» چىققاندەك، قۇرۇق كاتېگورىيىنىڭ ئىچىدىن چىقالماي تۈگىمەس بەس-مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. ئىقتىساد شۇناسلار بىلەن تەبىئىي پەن ئالىملىرى «باشلىنىش» نۇقتىسى مەسىلىسىگە كەلگەندە ناھايىتى ئۇستا، لېكىن پەيلاسوپلارغا ئېسىت. نۇرغۇن خېلى نوپۇزلۇق، كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەردە پەلسەپە دەرسلىكى قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەردە، كىشىگە «ھەممىدىن ئاۋۋال ئايان بولغىنى» «سەۋەب بىلەن نەتىجە» دىن ئىبارەت بىر جۈپ كاتېگورىيە، دېيىلگەن. «سەۋەب»، «نەتىجە» بولغان يەردە، ئەلۋەتتە، «كاتېگورىيە» بولىدۇ. بۇ «كاتېگورىيە» لەر كىشىگە «ھەممىدىن ئاۋۋال ئايان بولغان» بولىدۇ: بۇ يەردە سە-

ۋەب ـ نەتىجە «مۇناسىۋىتى»، «ھەممىدىن ئاۋۋال ئايان بولغان» دېمەكچىمۇ بولسۇن، لېكىن «مۇناسىۋەت» شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتى، شەيئى ئۆزى ئايان بولماي تۇرۇپ، «مۇناسىۋىتى» قانداق ئايان بولىدۇ؟ ھەممىدىن ئاۋۋال يا سەۋەب، يا نەتىجە، بىر تەرەپ ئايان بولىدۇ، ئاندىن مۇناسىۋەت ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپ تېپىلىدۇ، مەسىلەن، ئەنزە پاش قىلىنىشتا نەتىجە ئارقىلىق سەۋەب تېپىلىدۇ.

«سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ سىرلىقلىقى» لا كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، «سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى» ۋە نۇرغۇن «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» لەر ھەرگىز «ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ ئەقەللىي» نەرسىلەر ئەمەس، ھەرگىز بىلىشىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولالمايدۇ. پياگې ئوتتۇرىغا قويغان بىلىش نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزاسىدا ھەممىدىن ئاۋۋال ئەكس ئېتىدىغان نەرسە، ئەلۋەتتە، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئاددىي «شەيئى»، ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ پەردىسىگە ھەممىدىن ئاۋۋال چۈشىدىغىنى شەيئىنىڭ ھادىسىسى ۋە شەكلى، «كۆرۈنۈشى» بولۇشى كېرەك. بىۋاسىتە كۆزىتىش ئاساسىدىكى بۇنداق ھېسسىي تونۇش ـــ فېيېربا خ ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ «ئاساسىي يادروسى». بۇنداق ئەڭ ئاددىي سېزىش، ئەكس ئېتىش پائالىيىتى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى بىلىش پائالىيىتىدۇر. بۇنداق بىلىش ئىقتىدارى ئادەمدىلا بولۇپ قالماستىن، نۇرغۇن ھايۋانلار دىمۇ بار. ھايۋانلارمۇ بىۋاسىتە سەزگۈ، تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ماۋۇئوت، ئاۋۇسۇ، ماۋۇ پانالىنىدىغان دالدا، ئاۋۇ دۈشمەن دېگەننى بىلىدۇ. ئۇلار ئابستراكتلەشتۈرەلمەيدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىن تېشىغا، تېشىدىن ئىچىگە ئۆتۈپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، باغلىنىشىنى، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ ئالالمايدۇ، لېكىن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىنىڭ «نېمە» لىكىنى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ھەر ھالدا بىلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ بىلىش پائالىيىتى ئادەمنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچتىكى بىلىش پائالىيىتىگە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىش جەريانى، بوۋاقلىقتىن چوڭلۇققا ئۆتۈش جەريانى چوڭ مېڭىنىڭ «يىگانىلىق» تىن باغلىنىشلىققا، «تۇرغۇن ھالەت» تىن ھەرىكەتلىك ھالەتكە ئۆتىدىغان بىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر. ئادەمنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشىنىڭ پۈتۈن جەريانى ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە، بوۋاقلىقتىن چوڭلۇققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدۇر.

گېزىتنىڭ خەۋىرىچە، مەلۇم بىر يەردە بىر تاش بار ئىكەن، تەكشۈرگىلى بارغان ئالىملار مۇنداق تەرتىپ بويىچە كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپتۇ (شۇنداق قىلماي-

www.uyghurkitap.com



مۇ مۇمكىن ئەمەس): ئۇنىڭ رەڭگى، سىلىقلىقى، جۇغى، ئېغىرلىقى، قاتتىقلىقى، خىمىيە تەركىبىگە قاراپ، مېتېئورىت تاش ئىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ. بۇلار — دەسلەپكى «يىگانە»، «تۇرغۇن ھالەتتىكى» كۆزىتىش ۋە تەھلىل. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاشنىڭ يەرگە قانچىلىك پاتقانلىقى، شامالداش دەرىجىسى قاتارلىقلارنى تەھلىل - تەتقىق قىلىپ، بۇ تاشنىڭ ئاسماندىن غۇلاپ چۈشكەن ۋاقتى، ئاسترونومىيە ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىپتۇ. بۇ — مەزكۇر تاشنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن تەھلىل ۋە تەتقىق. پەن تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. «بۇنداق باغلىنىشنى، ئەينەن ئېقىتماي - تېمىتماي بايان قىلىپ بېرىش، بىز تۇرغان دۇنيا سىستېمىسىنى ئىدىيە جەھەتتە دەل ئەكس ئەتتۈرۈش بىز ئۈچۈن ۋە ھەممە دەۋرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» ①. ماركسنىڭ «كاپىتال»دىكى تەتقىقاتى شۇنداق بولغان، بىزنىڭ نۇرغۇن تەتقىقاتلىرىمىزمۇ شۇنداق بولدى. جەرياننىڭ بەزى ئالاھىدىكلىرىنى «ئاجرىتىۋېلىپ» تەكشۈرۈپ، ئاندىن بۇ نۇقتىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەرياننى خۇلاسىلاپ چىقىشلا مۇمكىن. بۇ نۇقتىلار شەيئىلەرنىڭ كەسمە يۈزى، بىز ئۇنى «تۇرغۇن ھالەتتىكى» نەرسە دەپ بىلىمىز. بۇ نۇقتىلار گويا سۈرەتكە تارتقان ۋە رېنتگىنگە چۈشۈرگەندىن كېيىن ئېلىنغان بىر پۈتۈن جەريانغا، كىنو كۆپىيىلىرىدىكى مونتاژغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سۈرەت تارتىش تېخنىكىسىنىڭ كىنو تېخنىكىسىدىن بۇرۇن كەشىپ قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. بىر ھەرىكەتنىڭ جەريانى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نۇقتا بىلەن لىنىيىنىڭ تۈز سىزىق بويىچە بىرلىشىشىدۇر.

سان - ساناقسىز شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتى نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنىڭ توغرا لىنىيە بويىچە بىرلىشىشى بولسۇ، بۇ نۇقتىلارنى شاخماتنىڭ ئورۇقى دېسەك، بۇ نۇقتىلارنىڭ بىرىكىشى بىر تاختا شاخماتتۇر. تۈمەن مىڭلىغان رەڭنىڭ بەدىئىي ئۇسۇلدا بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن گۈزەل سۈرەت ھاسىل بولۇشى مۇمكىن.

«شەيئى» دىن باشلاپ، شەيئىنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» گە ئۆتۈش — بىلىشنىڭ ئاساسىي يولى. بۇ — مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، لېكىن مەسىلىنىڭ ئاساسىي تەرىپى. ئىككىنچى تەرەپتىن ئېيتقاندا، شەيئىنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» ئارقىلىق شەيئىنى چۈشىنىش ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئۇسۇل. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «شەيئىنى شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە تەرەققىيا-

تىدىن چۈشىنىش كېرەك» . «دىئالېكتىكىلىق نەرسە ‹قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكىدە قارىمۇ قارشى تەرەپنى ئىگىلەش› دېمەكتۇر»[11]. بەزى شەيئىلەردە بەلگىلىك باغلىنىش ئىچىدە تۇرغاندا ئاندىن مۇئەييەنلىك بولىدۇ، ياكى ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاندا ئاندىن ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ. «نېگىر دېگەن نېگىر، ئۇ مۇئەييەن مۇناسىۋەت ئىچىدە ئاندىن قۇلغا ئايلىنىدۇ. يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى — پاختىنى يىپ قىلىپ ئىگىرىدىغان ماشىنا، ئۇ مۇئەييەن مۇناسىۋەت ئىچىدە ئاندىن كاپىتالغا ئايلىنىدۇ»[12].

پەقەت بىلىشنىڭ تەرتىپى توغرىسىدىكى يۈزە مۇھاكىمىدە ھېسسىيلىق ۋە ئەقلىيلىق، ئايرىمىلىق ۋە ئومۇمىيلىق، كونكرېت ۋە ئابستراكت دېگەنلەرنى ئىنكار قىلماقچى ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسىنى دەسسەتمەكچى ئەمەس. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەريانىنى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن ئېچىپ بەردى، ئۇلار ھەممىسى ئوبيېكتىپ شەيئىگە قارىتىلغان تۈرلۈك تەھلىل ئۇسۇلى ۋە ئوپېراتسىيە شەكلىدۇر.

## 4

تۆۋەندە بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇسۇلنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئىشلىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن.

خىزمىتىمىزدە «بوخەي 2 -» ناملىق پاراخوت ۋەقەسى، تىيەنجىن نېفىت تالاسى زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، داگاڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، بېيجىڭ سىجىچىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلۇشى، غەربتىن شەرققە سۇ باشلاش ۋە شەرقتىن غەربكە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى (بۇ قۇرۇلۇشلار ئۈستىدە ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا يەنە توختىلىمىز) ۋەقەسىگە ئوخشاش چوڭ - چوڭ سەۋەنلىكلەر يۈز بەردى. بۇنچە كۆپ ساۋاقلار ئىچىدە ئورتاق نەرسە بارمۇ؟ بۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىش ئۈستىدىكى رەھبەرلەرگە، قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچى، قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچىلارغا خىزمەت قائىدىسى بەلگىلەپ بېرىشكە بولامدۇ - يوق ؟

بىزنىڭ خىزمىتىمىز زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگىمۇ ئېرىشتى. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سەۋەب، تەجرىبىلەر ئىچىدە ھەممىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك، خىزمەتلىرىمىزنى كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان يۈرۈشلەشكەن خىزمەت تەرتىپىنى تۈزۈپ چىققىدەك نەرسە بارمۇ - يوق؟

www.uyghurkitap.com



مىنىڭ جاۋابىم: بار. بۇنداق نەرسىنى تۈزۈشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى مۇنداق: بىرىنچى، بۇ «شەيئى» نى يەنى «نېمە» ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئېنىق بىلىش؛ ئىككىنچى، بۇ شەيئىنىڭ «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» لىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، يەنى ھەر خىل «نېمە ئۈچۈن» لەرنى ھەل قىلىش؛ ئۈچىنچى، مۇئەييەن لايىھە بويىچە «قانداق» ئىشلەش.

«نېمە، نېمە ئۈچۈن، قانداق»، بۇ ئۇسۇل ئۈچلا سۆزگە يىغىنچاقلانغان، ناھايىتى ئاددىي، ئۆگىنىشكە ئاسان، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئىشلىتەلەيدۇ. پەن - تېخنىكا خادىملىرى، كاتىپلار، ئوقۇتقۇچىلار، رەھبىرىي خىزمەت ئۆتەيدىغانلار — ھەممىسى ئىشلىتەلەيدۇ، زېرىكمەيدۇ.

ھەر قايسى پەنلەر بويىچە دەرسلىك كىتابلارنىڭ «مۇقەددىمە» سى ياكى «خاتىمە» سى ئومۇمەن: بۇ دەرستە نېمە سۆزلىنىدۇ، ئەھمىيىتى نېمە، بۇ دەرسنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ دېگەن شەكىلدە يېزىلىدۇ.

كاتىپلار يازغان خىزمەت دوكلاتلىرىدىمۇ: قانداق نەتىجىلەر قازىنىلدى، قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ياكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە، بۇندىن كېيىن قانداق قىلماقچى، قانداق تەدبىرلەرنى قوللانماقچى، قانداق پىلان بار، دېگەن ئۈچ قەۋەت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دوكلات يازغاندا، دوكلات ئاڭلىغاندا، ھۆججەت كۆرگەندە، باشقا ماقالە ئۆگەنگەندە، بۇ ئۇسۇلنى سىناپ كۆرۈپ بېقىڭ. خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىڭىزگە ۋە ئەستە قالدۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ماقالە يېزىش، ئوخشاش تېمىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كاپىيەنلىرىنى ساقلاشتىمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسىي ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە 1984 - يىلدىن باشلاپ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ ھەر قېتىم دەرسكە كىرگەندە يېڭى دەرس سۆزلەيدىغان بۇرۇنقى ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئۈچ قېتىملىق دەرسنى بىر قىلىپ يۇغۇرغانۇ، يەنىلا ئۈچ قېتىملىق دەرس ۋاقتىدا ئۆتۈپ بولغان. 1 - دەرستە، بىۋاستە كۆزىتىش ئاساسىدىكى ھېسسىي ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ ئوقۇش، پىششىق يادلىشىنى تەكىتلەپ، ئۇلارغا «نېمە» دېگەننى بىلدۈرگەن؛ 2 - دەرستە، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، «نېمە ئۈچۈن» دېگەننى ئاز ۋە ساز قىلىپ چۈشەندۈرگەن؛ 3 - دەرستە، تۈرلۈك ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى، «ئىشلەش» ئىقتىدارىنى

ئۆستۈرگەن، «ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ھالقىسى» نى كۈچەيتكەن. ئۈچ قېتىملىق دەرسنىڭ ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغان. بۇ — بىلىشنىڭ مۇكەممەل جەريانى، ئالدىنقى ئىككى دەرس — «دۇنيانى بىلىش»، كېيىنكى بىر دەرس — «دۇنيانى قانداق ئۆزگەرتىش» نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش. بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ يارايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

## 5

ئەگەر ماقالىمىزنىڭ تېمىسى بولغان «ئاجرىتىپ ئېلىش» ئۇسۇلى يارايدىغان ھەم «شەيئىلەر» ئىچىدىن ئۆزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى تاپقان دەپ قارالسا ۋە بۇ پىكىرلەر ئورۇنلۇق بولسا، بۇنىڭدىن يېڭى نەزەرىيۋى ئىلھام ھاسىل بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، بىز بۇنىڭغا ئاساسەن يېڭى بىر كاتېگورىيە بەرپا قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ كاتېگورىيە ئىككى گۇرۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى — «شەيئىلەر»دە كۆرۈلىدىغان «تۈگۈن»، «تۇرغۇن ھالەتتىكى» «تۈگۈن»، ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ توغرا لىنىيىلىك باغلىنىشىنى تەشكىل قىلىدىغان «تۈگۈن»، بۇ «تۈگۈن» لەر «تەبىئەت ھادىسىلىرى تورى» نىڭ پاراللېل «كىچىك باسقۇچى» نىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسى. يەنە بىرى — شەيئىنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» دىن ئىپادىلەنگەن «تۈگۈن»، ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان «تۈگۈن»، تۆت ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ تىك لىنىيىلىك باغلىنىشىنىڭ «تۈگۈنى»، بۇ «تۈگۈن» لەر «تەبىئەت ھادىسىلىرى تورى» نىڭ تىك سىزىقلىق «كىچىك باسقۇچى» نىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسى.

ئىككىنچىدىن، ئىككى گۇرۇپپا كاتېگورىيىنى ئايرىشتا، «تۇرغۇن ھالەت» بىلەن «ھەرىكەتلىك ھالەت» ئاساس قىلىنىدۇ. دېمەك، «توغرا لىنىيىلىك باغلىنىش» بىلەن «تىك لىنىيىلىك باغلىنىش» نىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ئۆز ئۆزىدىن چىقىدۇ. بىزنىڭچە، «كاتېگورىيە» — تەبىئەت ھادىسىلىرى تورىنى بىلىشنىڭ تۈگۈنى، «ئومۇمىي باغلىنىش» بولسا مۇشۇ «تۈگۈن» لەر ئوتتۇرىسىدىكى تىك، توغرا سىزىقلاردۇر. مۇھىم بولغىنى — بۇ ئۇقۇملارنى جاي - جايىغا كەلتۈرۈش. ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. «ئومۇمىي باغلىنىش» ۋە «كاتېگورىيە» نەزەرىيىسى بويىچە تەتقىقات خىزمىتىدىكى كىچىككىنە بىر ئىلگىرىلەشمۇ دىئالېكتىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خېمىرتۇرۇچ بولىدۇ. «توغرا لىنىيىلىك باغلىنىش»، «تىك لىنىيىلىك

www.uyghurkitap.com



باغلىنىش» دېگەنلەر يېڭى گەپ ئەمەس. ماركسىزملىق پەلسەپە توغرىسىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەردە بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە ئاللا بۇرۇن قوللىنىلغان ۋە دىققەت قىلىنغان، پەقەت پەلسەپە نەزەرىيىسىلا تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىمىدى.

ئۈچىنچىدىن، بىز «يىگانىلىق» تىن باغلىنىشلىققا، «تۇرغۇن ھالەت» تىن ھەرىكەتلىك ھالەتكە، «نىسپە» دىن «نىسپە ئۈچۈن» گە ئۆتۈش دېدۇق، بۇلاردىن فورمال لوگىكا بىلەن دىئالېكتىك لوگىكىغا زېمىن تاپقىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىلىش نەزەرىيىسى، دىئالېكتىكا ۋە لوگىكا ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك سېلىپ بېرەلەيمىزمۇ؟ ئەگەر بىلىش نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرىنى مۇشۇ كۆۋرۈكنى ياسايدىغان خىزمەتچىلەر ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى دېسەك، دىئالېكتىكا ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى — كاتېگورىيە بۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىكى تۈرلۈك ماشىنىلار، قورال - سايمانلار ۋە ھاۋزىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لوگىكا بولسا بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستكۈنىسى، قۇرۇلمىسى بولىدۇ.

ئاخىرىدا، پەلسەپىدىكى بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن «ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش نەزەرىيىسى» نى تۇغقان قىلىپ چېتىپ قويساق قانداق؟ ئەگەر شۇنداق قىلىشقا بولسا، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش بولاتتى. ئىلىم - پەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ باغلىنىشىنى غەلىتە - غەلىتە ئۇسۇللار بىلەن ئېچىپ بەرگەن ئىدى. «ئۇچۇر نەزەرىيىسى» دىكى «ئۇچۇر» ئەمەلىيەتتە شەيئىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرسىتىدۇ، «ئۇچۇر» ئىگىلىگەنلىك ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئومۇمىي ئىشنى بىر تۇتاش پىلانلاش، «سىستېما» نى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەھۋال ئىگىلەپ، كۆڭۈلدە سان پەيدا قىلغانلىق بولىدۇ. «سىستېما نەزەرىيىسى» دىكى «سىستېما» شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقان، مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئۇيۇشقان بىر پۈتۈن گەۋدىسى دېگەنلا گەپ. ھەممە شەيئى مۇئەييەن سىستېمىغا ئۇيۇشقان بولىدۇ. «سىستېما» نى ئىگىلەش دېگىنىمىز، ۋاقتى كەلگەندە ھۆكۈم قىلىپ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ، توغرا ھەرىكەتنى ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرغان دۇنيا (شەيئى) گە كۆز يەتكۈزۈپ، كۆڭۈلدە سان ھاسىل قىلىش دېمەكتۇر. «ئۇچۇر نەزەرىيىسى» ۋە «سىستېما نەزەرىيىسى» — «دۇنيانى بىلىش» يولىدىكى خىزمەت. ماھارەت ۋە ئىگە بولغان ئاخباراتنى ھازىرقى زامان تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدىغان، رەتلەيدىغان ۋە ساقلايدىغان يېڭى تېخنىكا نەزەرىيىسى.

«فېيېرباخ ۋە نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن شانلىق كىلاسسىك ئەسەرنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە يۈز يىل بولغان پەيتتە، بىز بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىنى ئۇلۇغلىغان، ماقالە يېزىپ خاتىرىلىگەندىن باشقا، بۇ ئۇلۇغ ئىلىم ئىگىسىنىڭ بىزگە توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە رەخمەت ئېيتىمىز. ئېنگېلس گەرچە «ئۇچۇر نەزەرىيىسى»، «سىستېما نەزەرىيىسى» دۇنياغا كېلىشتىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى نەزەرىيىدىكى ئاساسىي ئىدىيىنى ئۇ يۈز يىل بۇرۇن، يەنى 1886 - يىلىلا ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: «تەبىئىي پەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسەن ماتېرىيال توپلايدىغان، ئۆزگەرمەس شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولغان بولسا، ھازىرقى دۇنيادا، ماھىيەتتە ماتېرىيال رەتلەيدىغان پەنگە، ھەر خىل جەريانلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەنگە، بۇ شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنگە، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ جەريانلارنى ئۇلۇغ بىر گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرىدىغان باغلىنىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەنگە ئايلاندى» ⑬.

«كونترول نەزەرىيىسى» بولسا زامانىۋى تېخنىكا - ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ «ئۇچۇر»، «سىستېما» نىڭ ئاخباراتلىرىنى ئىلمىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان، ئىلمىي يول بىلەن ئىش يۈرۈشتۈرىدىغان، ئىلمىي ئاساستىكى ھەرىكەت لايىھىلىرىنى تۈزىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش جەريانىنى ئىلمىي يوسۇندا كونترول قىلىپ، ئۇلارنى كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تېخنىكا نەزەرىيىسى. تەبىئىي پەن «ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە»، «ماتېرىيال توپلايدىغان» پەن بولغان، «ھازىرقى دۇنيادا» «ماتېرىيال رەتلەيدىغان» پەن بولغان بولسا، XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بۈگۈنكى كۈندە، ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، تەبىئەتنى يۈگەنلەيدىغان، كونترول قىلىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان پەنگە، يەنى «كونترول نەزەرىيىسى» ئىلمىغا ئايلاندى بولغاي.

## 6

ئەمدى يەنە «نېمە» دېگەن مەسىلىگە قايتىمىز. تۆۋەندە، «يىگا»، «تۇرغۇن» ھالەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى «نېمە» دەپ ئاتايمىز.

«نېمە» بىر شەيئىنى، بىر ھۆكۈمنى ياكى بىر تەشەببۇسنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، بىر خىزمەت، بىر قۇرۇلۇشنى، يەنى بىز بىلەن مەلۇم ئالاقىدا بولغان «ئۇقۇم» نى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com



ئوبيېكتنىڭ «نېمە» ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش — خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى؛ ئېنىق بىلمەسلىك خىزمەتنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ چوڭ كاشىلا. شۇڭا بۇ — سىستېمىلاشقان خىزمەت تەرتىپىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاساسى. يىۈڭ دەيىنىڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇنداق بىلىمىم بار، بۇنداق ئىستىكىم بار، دېمە، ھازىرقى دۇنيانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىسەڭ، ئۇنىملىرىڭنىڭ ھەممىسى جۆيلۈشتىنلا ئىبارەت، خالاس» ⑭. بىر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاش ئالدىدا، بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى، زاۋۇتنى لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ كاللىسىدا بۇ زاۋۇت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر بۇ زاۋۇتنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش، ئوبروت توغرىسىدىكى خەرىتىسى شەكىللەنمىگەن بولسا، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىش باشلىشى قارىغۇلارچە ئىش باشلاش بولىدۇ، چاتاق چىقىدۇ. دوختۇر بىمارنىڭ كېسىلىنى ئۇزاققىچە ئېنىقلىيالمىسا، كۆپ ھاللاردا چوڭ قازايىقەدەرگە ئېلىپ بارىدۇ. يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزى بىلگەن توشقاننى ئوۋلىسا ياكى كەڭ دۇنياغا نەزەر سالماي، ھادىسىنى ماھىيەت دەپ، ئايرىم ئەھۋالنى ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ، ئالاھىدە ئەھۋالنى ئومۇمىي ئەھۋال دەپ، قۇدۇقنىڭ ئېغىزىنى كەڭ ئاسمان دەپ، «شىمەن» نى «يەنئەن» دەپ، بىر بارماقنى توققۇز بارماق دەپ قارىغان ھەم شۇنداق تونۇشقا ئاساسلىنىپ ئىش قىلغاندا، مەسىلە چىقماي، ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەرمەي قالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئوبيېكتنىڭ «نېمە» ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟

بىرىنچى، ئوبيېكت توغرىسىدىكى ئۇقۇم ۋە تەبىرنى ئېنىقلاش ۋە ئىگىلەش كېرەك. ئۇقۇم بىلەن تەبىر كىشىگە ماھىيەتلىك ئومۇمىي يۈزلۈك چۈشەنچە بېرىدۇ. كىشىنى «نېمە» دېگەننى چۈشىنىپ، شەيئىنى ئەقلىي جەھەتتە ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئاساسىي ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. لۇغەتنىڭ ھەر بىر تارماق پەن توغرىسىدىكى تۈرىنى چۈشەندۈرگەندە، ئاۋۋال شۇ تۈر توغرىسىدىكى ئۇقۇم ياكى تەبىر كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئوچۇق قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، زامان، ماكان ۋە شەخسنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك. زامان، ماكان، شەخس — مۇئەييەن شەيئىنى تەشكىل قىلىدىغان زۆرۈر ئۈچ شەرت. ھەر قانداق شەيئى زامان، ماكان، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. دۇسكىدىكى ئۇقتۇرۇشتا، يېڭى خەۋەر، ئۇچۇر يەتكۈزۈش قاتارلىقلاردا زامان، ماكان، شەخس بولمىسا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، مەزكۇر شەيئىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى (جۈملىدىن تۈرلۈك كاتېگورىيىلىرىنى)، ئۇنىڭغا دائىر تۈرلۈك سانلىق ئاساسلارنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئالىملار بىرەر سەييارىنى تاپسا، ئۇنىڭ ئورنى، جۈغى، سۈپىتى، زىچلىقى، خىمىيە تەركىبى، رەڭگى، ھارارىتى، گاز مىقدارى، ھاۋا بېسىمى، سۈيى، ئۇنىڭدا ھاياتلىق بار ـ يوقلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىدۇ.

تۆتىنچى، جانلىق ماددىي نەرسىلەر، ئەۋرىشكا ياكى ئەمەلىي مىساللارنى كىشىنىڭ ئالدىغا ئوچۇق قويۇش ياكى ئوبرازلىق تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش ۋە ياكى جانلىق، قايىل قىلارلىق سۈرەتلەر بىلەن كۆرسىتىش كېرەككى، كىشىلەر ئاڭلاپ، كۆرۈپلا چۈشەنسۇن. دەرس ئۆتۈشتە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەجرىبىلەر، قوللىنىلىدىغان ۋاسىتىلەر، كۆرسىتىلىدىغان دىئاگراممىلار مۇشۇنى مەقسەت قىلىدۇ. ھېسسىي بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئەقلىي بىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈش تەس.

بەشىنچى، «نېمە» ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈشنى، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشنى، ئۆز ئاغزى بىلەن «نەشپۈت يېيىش» نى تەكىتلەش لازىم.

ئالتىنچى، سۆز قىلغاندا، ماقالە يازغاندا بىرلىك قانۇنىغا ئەمەل قىلىش لازىم. زۆرۈر تېپىلغاندا، قاراشنى تولۇق يېشىپ، ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك، چۈشىنىكسىز قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىر تاغدىن، بىر باغدىن سۆزلەشكە، ئوتتۇرا يولدا تېمىنى يۆتكەشكە ياكى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

يەتتىنچى، گەپنى ئېنىق قىلىش كېرەك. مەسىلەن، «سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟»، «پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باراۋەر دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟»، «كوممۇنىزمنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟» بۇلار مۇجمەل، چۈشىنىكسىز، ئېنىقسىز سۆزلەردۇر.

سەككىزىنچى، «نېمە» ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، سەۋرچانلىق بىلەن تولۇق ئاڭلاش، تولۇق كۆرۈش لازىم.

7

بىلىش «شەيئى» دىيارىغا قىلغان سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، شەيئىنىڭ «باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت كىنەزلىككە ⑮ ئۆتۈپ، ئۇزاق ۋە جاپالىق تەكشۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزىتىش خىزمىتىگە كىرىشىدۇ.

بىرنىلا بىلمەي، ئىككىنىمۇ بىل، نەتىجىسىنىلا بىلمەي، سەۋەبىنىمۇ بىل، ئېقىنىنىلا بىلمەي، مەنبەسىنىمۇ بىل دېگەن گەپ بار. قەدىمكى زاماندا بەزىلەر شەيئىلەرنى ۋە شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى «名» (ئىسىم) ياكى «类» (تۈر) دېگەن خەت بىلەن بىلدۈرگەن. «موزى تەلىملىرى» دېگەن كىتابتا «سەۋەبىيەت» تەشەببۇس قىلىنغان، يەنى شەيئىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش تەشەببۇس قىلىنغان. لۇشۈن: «ماددىلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب بىلەن نەتىجىدىن ھاسىل بولغان» ⑯ دەپ يازىدۇ. بالزاك مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئىلىم - پەن دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ، شۈبھىسىزكى، سوئال بەلگىسىدۇر، بىزنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ‹قانداق› دېگەن سوئالغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ھاياتنىڭ ئەقلى ھەر بىر ئىشقا يولۇققاندا ‹نېمە ئۈچۈن› دەپ سوراشتا بولسا كېرەك» ⑰. ماۋزېدۇڭ بىزدىن ھەر قانداق ئىشتا «نېمە ئۈچۈن دەپ سوراش» ⑱ نى تەلەپ قىلغان ئىدى.

يۇقىرىقى پىكىرگە ئاساسەن، «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» كە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويۇپ، مۇشۇ سوئال ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە ھەرىكىتىنى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى، زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبنى، شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدىكى، ھەرىكەت قىلىشىدىكى، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ياكى ئىنكار قىلىنىشىدىكى سەۋەبنى، نۇقتىئىنەزەر، ھۆكۈم ياكى تەشەببۇسنىڭ توغرا - خاتالىقىنى، بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، قىلغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنىڭ بارلىق ئاساسى ۋە شەرت - شارائىتىنى ئۆز ئارا باغلىشىمىز مۇمكىن.

تەكرالايمەن، باغلىنىش توغرالىنىيلىك باغلىنىش بىلەن تىك لىنىيلىك باغلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ «نېمە ئۈچۈن» گە جاۋاب بېرىش، ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەيئىلەرنىڭ مەلۇم باغلىنىشىنىڭ سىرىنى، جۈملىدىن بۇ باغلىنىشقا دائىر مۇرەككەپ ئەھۋالنى، باغلىنىشنىڭ خاراكتېرىنى، ئۆز ئارا قانداق رول ئوينايدىغان، قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، قارىمۇ قارشىلىق - بىرلىكىنىڭ قانداق قانات يايغان ۋە قانداق راۋاجلانغانلىقىنى ئېچىپ بېرىش، ئاندىن لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يەكۈن چىقىرىش دېمەكتۇر. «نېمە ئۈچۈن» بولسا «نېمە» توغرىسىدىكى بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بىز بىلەن مەلۇم ئالاقىسى بولغان «ئۇقۇم» توغرىسىدىكى بىلىشىمىزنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى.

«تۇرغۇن ھالەتتىكى» توغرالىنىيلىك باغلىنىشقا ياتىدىغان بۇنداق «نېمە ئۈچۈن» بىر قەدەر ئاددىي، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك ئاسان. مەسىلەن، «نېگىرلار نېمە ئۈچۈن قۇل دېيىلىدۇ؟»، «رەخت توقۇش ماشىنىسى نېمە ئۈچۈن كاپىتال دېيى-

لىدۇ؟» بۇ توم جىسىمنىڭ ئۇ بېشى نېمە ئۈچۈن توم بولىدۇ؟ ۋە باشقىلار. بۇنداق «نېمە ئۈچۈن» لەر «توغرا لىنىيىلىك باغلىنىش» قا قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە شۇنداق مۇناسىۋەت جەريانىدا ئۆزىگە جاۋاب تاپىدۇ.

تۆۋەندە ھەرىكەتنىڭ جەريانىنى، يەنى «تىك لىنىيىلىك باغلىنىش» تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «نېمە ئۈچۈن» نى تەپسىلىي تەكشۈرىمىز. دەرۋەقە، بۇ يەردە «تىك لىنىيىلىك باغلىنىش» قا دائىر جۈپ - جۈپ كاتېگورىيىلەرنى بىر - بىرلەپ مەخسۇس تەتقىق قىلىپ كېتەلمەيمىز، ھەرىكەت جەريانىدىكى «نېمە ئۈچۈن،» ئۈستىدە بىر قۇر ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزلا مۇمكىن.

بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈش جۈپلۈك تىك لىنىيىلىك كاتېگورىيىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ رولى كاتېگورىيىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاددىي بىر مىسال ئالايلى: ئالما نېمە ئۈچۈن سېسىدى؟ ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقتىن.

«ئالتۇن زەنجىر» دەپ تەرىپلەنگەن سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى: ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقى سەۋەب، سېسىغانلىقى نەتىجە، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئالتۇن زەنجىر» نىڭ ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىدۇ. بۇنى بەلكىم باشقىچە گەپ، باشقىچە كاتېگورىيە بىلەن، يەنى ئالما — ئاسان سېسىيدىغان نەرسە، بۇ — ئاساس، ئېھتىماللىق، ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشى — شەرت، مۇشۇنداق شەرت ئاستىدا ئېھتىماللىق رېئاللىققا ئايلانغان دەپ چۈشەندۈرۈشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭدەك تەسادىپىيلىق بىلەن مۇقەررەرلىك دېگەنگە ئوخشاش ھەرىكەت ھالىتىدىكى كاتېگورىيىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

لېكىن ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈش بۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئالمىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ۋە بۇ جەرياندىكى ھەر بىر ھالقا، ھەر بىر تەرەپ ۋە ھەر بىر ئامىل ئىنچىكە، تەپسىلىي تەھلىل - تەتقىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئالمىنىڭ ساقلانغان ۋاقتى، ئالمىنىڭ سۈلۈق، ئاسان سېسىيدىغان نەرسە ئىكەنلىكى، قەيەرگە قويۇلغان؟ سىۋەتكە قاچىلانغانمۇ، سولياۋ خالتىدىمۇ؟ ئەتراپنىڭ ھارارىتى قانداق؟ شامال ئۆتۈشەمدۇ؟ چاشقان غاجىلاپ قويغاندىن كېيىن بۇزۇلغانمۇ - يە؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالمىنىڭ سېسىشىدىكى ئاساس، ئامىل ۋە سەۋەبلەر، ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى ۋە «نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىلىدىغان ئەھۋاللار بولۇشى مۇمكىن.

دۇنيادىكى شەيئىلەر مۇرەككەپ، بىزنىڭ بىلىش قورالىمىزمۇ ئۈنۈملۈك كېرەك بولمىسا بولمايدۇ. يالغۇز مەلۇم بىر جۈپ كاتېگورىيىنىلا قوللانساق ئامالسىز قالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېتىسكېن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئانىسى سەۋەب بولسا، قىزى نەتىجە بولىدۇ. ھەر بىر قىزنىڭ بىر ئانىسى، مومىسى، مومىسىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالماستىن، يەنە دادىسى، بوۋىسى، بوۋىسىنىڭ دادىسىمو بولىدۇ. قىزنىڭ ئەجداد ۋە جەمەت مۇناسىۋىتى بىر تەرەپلىمە بولماستىن، كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. شۇنىڭدەك شەيئىلەرنىڭمۇ بىرلا سەۋەبى بولماستىن، نۇرغۇن سەۋەبى بولىدۇ، سان - ساناقسىز سەۋەبلەر قوشۇلۇپ باش سەۋەبنى ھاسىل قىلىدۇ» [19]. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمەلىيەت «باش سەۋەب» تىن جىق مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تال ئۇرۇقنىڭ بىخ سۈرۈپ يېتىلىشى ئاتىلىق بىلەن ئانىلىققا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەتراپتىكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى تارىخ جەريانىدا رول ئوينايدۇ. شۇڭا مۇرەككەپ بىر جەرياننى بىلىش، تەكشۈرۈش ۋاقتىدا چوقۇم مۇشۇ ئامىللارنى ھېسابقا ئېلىش، «نېمە ئۈچۈن» دېگەن ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈشنى قوللىنىش لازىم.

بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى بىرىسى تېقىمىدا ئۇرۇپ تاپقان ئەمەس، ئۇ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ۋە يېزىقچىلىقتا بۇرۇندىن بار ئىدى. يەكۈنلىمىگەن ۋە ئومۇملاشتۇرۇلمىغانلا گەپ.

8

تۆۋەندە ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىمەن. «نېمە ئۈچۈن» توغرىسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈش ئىككى تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلىدۇ: بىرى — نەزەرىيە ئارقىلىق ئىسپاتلاش، بىرى — ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاش.

نەزەرىيە ئارقىلىق ئىسپاتلاش (ياكى لوگىكىلىق ئىسپاتلاش). بۇ بىرەر ئىشنىڭ توغرىلىقى ۋە مۇمكىنلىكىنى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن نەزەرىيىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا قارىتىلىدۇ. بۇنداق ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنىڭ كۈچىمۇ، زۆرۈرىيىتىمۇ بار. چۈنكى نەزەرىيە دېگەن ئەمەلىي تەجرىبىنىڭ يەكۈنى، ناھايىتى كۆپ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاش (تارىخ ئارقىلىق ئىسپاتلاش) مەلۇم بىر شارائىتتىكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇمكىنلىكى ۋە توغرىلىقىنى ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان خۇلاسە ۋە رېئال پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا قارىتىلىدۇ. بۇنداق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى تېخىمۇ زۆرۈر ۋە كۈچلۈك.

ئاخىرىدا زۆرۈرىيەت بىلەن ئىمكانىيەت مەسىلىسىگە ئۆتىمىز. زۆرۈرىيەت بىرەر شەيئىنىڭ پەيدا بولۇشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە رېئاللىققا ئايلىنىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپقا نىسبەتەن پايدىسى، رولى، ئۈنۈمى ۋە ئەھمىيىتىنى كۆر-

سىتىدۇ. زۆرۈرىيەت سۇبيېكتىپ زۆرۈرىيەت ۋە ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەت دەپ ئايرىلىدۇ. «زۆرۈرىيەت» دېگەن سۆز ماركسىزملىق كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئون مىڭ قېتىملاپ ئۇچرايدۇ. تۇرمۇشتىمۇ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ زۆرۈرلۈكىنىڭ باشقا بىر شەيئى بىلەن بولغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتى يۈزمىڭ قېتىملاپ ئۇچرايدۇ.

جاۋزىياڭ زۇڭلى 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا، ئىسلاھاتتىكى مەسىلىلەرنى «تولۇق تونۇش» نىڭ «زۆرۈرلۈكى» نى تەكىتلىدى. تولۇق تونۇش لازىم ئىكەن، ئۇ ھالدا زۆرۈرىيەت چوقۇم ئوبيېكتىپ جەرياننىڭ مۇھىم قىسمى، ياكى مۇھىم تەرىپى ۋە ياكى مۇھىم قاتلىمى بولغان بولىدۇ. زۆرۈرىيەت ئازدېگەندىمۇ بىر «تۈگۈن» بولار. خىزمىتىمىزدە، كۆپ ھاللاردا شۇ خىزمەتنىڭ زۆرۈرلۈكى تولۇق تەكىتلەنمىگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى تولۇق جارى بولمايۋاتىدۇ. جېنىدىن كەچكەن قەھرىمانلارنىڭ قۇربان بېرىش روھى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇلار ئۆز ئىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ، بۇ ئەھمىيەت زۆرۈرىيەتتۇر.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىچېڭ ناھىيىسىدىكى ئوكسىگېن زاۋۇتى [20] نىڭ ساۋاقلىرى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك. ئۇ رايوندا شۇخىل مەھسۇلات ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا ئۇنى يەنە ھەدەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق (قىسمەنلىكتىن قارىغاندا ئىمكانىيىتىمۇ يوق)، ئۇنداق قىلىش زاۋۇتنى تۈيۈق يولغا ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان «سۇپۇرگە زىيانكەش قۇرۇلۇش»، «قۇرۇق سۆلەت قۇرۇلۇش»، «ئائىلە باشلىقىغىچە قۇرۇلۇش»، «ئۆكتەم قۇرۇلۇش»، «ساقالدۇمان قۇرۇلۇش» لار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم.

نۇرغۇن خىزمەتنىڭ، ئالايلى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلاھات، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، پىلانلىق تۇغۇت، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئوخشاشلارنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈش نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى، تەشۋىقات خىزمەتچىلىرى دائىم دىققەت قىلىدىغان چوڭ تېما بولۇشى كېرەك.

ئىمكانىيەت — مەلۇم ئىشنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ياكى ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئاساسى ۋە شەرتلىرى. ئىمكانىيەت ھازىرلانسا، ئىش ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، بولمىسا ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. زۆرۈرىيەتكە ئوخشاش، ئىمكانىيەتمۇ سۇبيېكتىپ ئىمكانىيەت ۋە ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زۆرۈرىيەت — لازىممۇ، لازىم ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە، ئىمكانىيەت — مۇمكىنمۇ، مۇمكىن ئەمەسمۇ

www.uyghurkitap.com



دېگەن مەسىلە، زۆرۈرىيەتكە قارىغاندا، ئىمكانىيەت تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك.

كونكرېت خىزمەتتە، ئىمكانىيەت مەسىلىسى تولۇق مۇھاكىمە قىلىنماي، خاتالىققا ئېلىپ بارغان ئەھۋال بەك كۆپ. داگاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى ①، تىيەنجىن خىمىيە تالا زاۋۇتى ②، بېيجىڭدىكى سىجىچىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ③ نىڭ مۇدۇرۇپ چۈشۈشى مانا شۇنىڭدىن بولغان. ساۋاق ناھايىتى كۆپ. كۆپىنچىسى ئىمكانىيەت (زۆرۈرىيەتمۇ بار) نى نەزەردە تۇتمىغان ياكى ياخشى ھەل قىلمىغانلىقتا. بۇ يەردە بېيجىڭدىكى سىجىچىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ساۋىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى: بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانىغا ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ — ئىمكانىيەت يوقلۇقىنىڭ بىرى؛ مەركەزنىڭ پايتەخت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ — ئىمكانىيەت يوقلۇقىنىڭ ئىككىنچىسى؛ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سۇ مەنبەئەسىنى بۇلىغان، بۇ — ئىمكانىيەت يوقلۇقىنىڭ ئۈچىنچىسى؛ ھېچقانداق تەستىق رەسمىيىتىدىن ئۆتكۈزمەيلا قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش قىلىغان، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىمكانىيەت تېخىمۇ يوقالغان. داگاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن تىيەنجىن نېفىت خىمىيە تالا زاۋۇتى بىرى 500 مىليون مەبلەغ سېلىنغان، بىرى بىر مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ زاۋۇتلار، بۇ زاۋۇتلار پۈتكەندىن كېيىن، خام ئەشيا ۋە يېقىلغۇ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش ۋە يېرىم توختىتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان! بولار ھەممىسى ئىمكانىيەت مەسىلىسى، «شارائىت بولمىسىمۇ ئاتلىنىش» نىڭ يامان ئاقىۋىتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش «ئەخمىقانە قۇرۇلۇش»، «مۇتەھەم قۇرۇلۇش» لار ھەممە يەردە بار. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى — مۇشۇنداق قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىش ھەم شۇ نەرسىلەر ئارقىلىق خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىش.

«شەيئى» لەرنىڭ «نېمە» ئىكەنلىكىنى، «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» تىكى تۈرلۈك «نېمە ئۈچۈن» لەرنى بىلگەندىن كېيىن، بىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تېخى ئاخىرقى ھېسابتا تاماملانمايدۇ، يەنە دۇنيا (نېمە) نى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە داۋاملىشىدۇ.

ئىزاھلار:

① «دىيۇرىڭغا قارشى»، 1957 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ بەت.
② يۇقىرىدىكى بىر نەچچە نەقىل «فېيېرباخ ۋە نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسـ

نىڭ ئاخىرى» دىن ئېلىندى، «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 204 ـ، 236 ـ ۋە 237 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

③ 1 ـ ئىزاھقا ئوخشاش، 18 ـ بەت.

④ 2 ـ ئىزاھقا ئوخشاش، 239 ـ بەت.

⑤ ماركس ـ ئېنگېلس: «‹كاپىتال› توغرىسىدا خەتلەر». خەنزۇچە نەشرى، 216 ـ بەت.

⑥ لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 409 ـ بەت.

⑦ مەدەنىيەت ـ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «بالىلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرى»، 260 ـ بەت.

⑧ «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 122 ـ بەت.

⑨ 6 ـ ئىزاھقا ئوخشاش، 409 ـ بەت.

⑩ 1 ـ ئىزاھقا ئوخشاش، 36 ـ بەت.

⑪ 6 ـ ئىزاھقا ئوخشاش، 238 ـ، 97 ـ بەتلەر.

⑫ 8 ـ ئىزاھقا ئوخشاش، 1 ـ توم، 362 ـ بەت.

⑬ «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 387 ـ بەت.

⑭ سەنئەت خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 113 ـ بەت.

⑮ ياۋروپا تارىخىدىكى كىنەزلىك بولۇپ، نۇرغۇن بەگلىكلەرنى سورىغان، كىنەزنىڭ تەختى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدۇ. بۇ يەردە «باغلىنىش ۋە ھەرىكەت» نىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە سىجىللىقىغا تەقلىت قىلىندۇ.

⑯ «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 1973 ـ يىلى شاڭخەي نەشرى، 1 ـ توم، 23 ـ بەت.

⑰ «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، بىرىنچى قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 96 ـ بەت.

⑱ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 829 ـ بەت.

⑲ «دىيتسگېن پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، 169 ـ 170 ـ بەتلەر.

⑳ ㉑ ㉒ ㉓ «خەلق گېزىتى» نىڭ 1980 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى، 8 ـ ئاينىڭ 4، ـ 11 ـ كۈنلىرىدىكى سانىغا قاراڭ.

جۇمەخۇن تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن، پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى يەنى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەلسەپە ۋە دىن، ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر قامۇس؛ ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا شۇ زامانغىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ھەجىملىك داستان ياكى نەزم بىلەن يېزىلغان يىرىك دراما ۋە XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى قاراخانىلار زېمىنىدا ئاللىقاچان ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئەرەب-پارس تىللىرى ئىلىم ھەم سەنئەت ساھەسىدەكى تۇردەقوللىنىلىشقا باشلىغان شارائىتتا، مۇئەللىپنىڭ شۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن چىگىش تېمىلارنى ئۆز ئانا تىلىدا گۈزەل ۋە يېنىك ئۇسلۇب بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققانلىقى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرلىق تالانتى ۋە پەيلاسوپلارغا خاس دانىشمەنلىك ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا بۈيۈك بىر دەۋر ياراتقان ئۇلۇغ شەخسدۇر.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەردە يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، مەيلى ئورخۇن-يېنسەي (توغرىسى ئېنەساي) ۋادىسىدىكى كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى بۇددىچى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا بولسۇن ۋە ھەتتا ئىسلام دىنىنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان غەربتىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسۇن، «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىگىچە ھېچكىم بۇنداق نادىر ئەسەرنى يارىتىشقا قادىر بولالمىغان. «قۇتادغۇبىلىك» كە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىدە: «چىن-ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ

ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركى تىلىدىكى خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغرا خان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق» دەپ تەرىپلىگەنلىكىمۇ ھېچبىر تاسادىپىي ھال ئەمەس.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ھېسابقا ئالمىغان ياكى ھېسابقا ئېلىشنى خالىمىغان بەزى كىشىلەر بۇ ئەسەرنى نوقۇل دىداكتىك (پەند - نەسىھەت- لىك) داستان، دەپ چاغلايدۇ ۋە قاراخانىلار بىلەن زاماندىش بەزى سۇلالىلەرنىڭ مەشھۇر سىياسىي ئەربابلىرى ھېسابلانغان قابۇس بىننى ۋۇشمىگىرنىڭ «قابۇسنامە» سى، نىزامۇل مۇلكىنىڭ «سىياسەتنامە» سى ۋە سۇبۇكتېكىننىڭ «پەندنامە» سى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھالبۇكى،«بۇ ئۈچ ئەسەر ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن نادىر «سىياسەتنامە» لەر بولسىمۇ، مەزمۇنەن پەقەت پەند - نەسىھەت بىلەن چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلى، مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتتىن ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بىر قاتاردا تۇرالمايدۇ.

چۈنكى، يۇقىرىدىكى ئۈچ ئەسەرگە مەزمۇن بولغان پەند - نەسىھەت تېمىسى «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇنىنىڭ پەقەت بىرلا تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پەند - نەسىھەتلەر يۇقىرىدىكى ئەسەرلەردىكىگە ئوخشاش نەسىھەتگۇي ناتىقنىڭ نۇتۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى سيۇژېت، جانلىق ئوبراز، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ياكى شېئىرىي تىل بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا، بەدىئىي سيۇژېتلىق داستان ياكى نەزم بىلەن يېزىلغان دراما شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «قۇ- تادغۇبىلىك» نى ئوقۇر ئىكەنمىز، مۇئەللىپنىڭ دەبدەبىلىك ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئەمەس، مىجەز - خۇلقى، ئىجتىمائىي ئورنى، ھاياتقا بولغان كۆز قاراشلىرى، ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، قىياپەت (پورترېت) ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگىچە بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىندىۋىدۇئال شەخسلەر (تىپىك پېرسوناژلار) ئارىسىدىكى جانلىق ۋە كەسكىن دىئالوگلارنى، ياكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك مونولوگلارنى ئاڭ- لايمىز. شۇنداقلا ۋەقەلىكلەر جەريانىدا يۈز بەرگەن دراماتىك توقۇنۇشلارنى كۆرىمىز. شائىرنىڭ فۇنتاندەك ئېتىلىپ چىققان لىرىزىمى تەسىرىدە ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرلىرىنىڭ ئاجايىپ جازىبىدار مەنزىرىلىرىگە غەرق بولىمىز. شېئىرىيەتنىڭ ئەۋرىشىمدەك يۇمشاق، تاڭ سەلكىنىدەك يېنىك ۋەزنلىرى، تىللادەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان قاپىيىلەر، ئاجايىپ مەجاز (مېتافورا) لار بىلەن چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com



پەلسەپىلىك تەپەككۇر دۇردانىلىرىغا تولغان ھېكمەتلەر دەرياسىغا چۆمۈلۈپ، قانچە-قانچە مىسرا ۋە بابلارنىڭ ئوقۇلۇپ بولغانلىقىنى تۇيۇماي قالىمىز. نەتىجىدە، دۆلەت، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن (ھوقۇق)، ئەخلاق، بىلىم ۋە ئەقىل توغرىسىدا، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى ھەم ۋەزىپە-بۇرچى توغرىسىدا، ئادالەت ۋە زۇلۇم، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ئالىجاناپلىق ۋە پەسكەشلىك، باتۇرلۇق ۋە قورقاقلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، شاتلىق ۋە ھەسرەت، قىسقىسى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە جەھەتلىرى توغرىسىدا قويۇلغان مەسىلە ۋە مۇلاھىزىلەردىن قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز؛ شائىرنىڭ شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىغا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ، راتسىئونال (ئەقىلگە مۇۋاپىق) بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئالىيجاناب غايە ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. مانا شۇنداق باي مەزمۇننى مۇئەييەن بەدىئىي سىيۇژىتقا تىزىپ، بۈيۈك بىر داستان ياكى نەزمىي دراما يېزىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلاندى. بۇ پەقەت شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان ۋە شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىدىكى نۇقسانلارنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالىغان مۇتەپەككۇر شائىرنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

(2)

XI ئەسىردە قاراخانىلار پايتەختى بولغان قەشقەر دىيارىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى.

تارىختا «غەربىي رايون» دەپ ئاتالغان بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا ئادەملەر ياشىغان قەدىمىي ماكان بولۇپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنچە، قول ھۈنەر ۋە سودا-سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن قەدىمكى «يىپەك يولى» ئاشۇ رايوندا شەكىللەندى. سودا-سېتىق ۋە دىن مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى بولغاچقا، تۆت بۈيۈك قەدىمىي مەدەنىيەت، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ھەمدە خىرىستىيان، مانى، زەردەشت، بۇددا ۋە ئىسلام قاتارلىق بىر

قانچە مەشھۇر دىنلارمۇ شۇ رايوندا كىرىشىپ، نەتىجىدە بۇ رايون دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «تۆت كوچا ئاغزى» غا ئايلاندى. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ رايون ئاھالىسى ھىندى-ياۋروپا ۋە خەنزۇ-تىبەت تىللىرى بىلەنمۇ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ رايون ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (ئالتاي، ھىندى-ياۋروپا ۋە خەنزۇ-تىبەت تىللىرى) كىرىشىپ كەتكەن جاي بولۇپ قالدى. مىلادى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇرايوننىڭ غەربىي قىسمىغا ئەرەبلەرنىڭ قەدىمى يېتىش بىلەن ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە مىلادى IV—V ئەسىرلەردىن باشلاپ، گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ، ياۋروپا كىرىزىس ئىچىدە قالغاندا، قەدىمكى رىمنىڭ ئىلىم-پەن ۋە سەنئىتىگە ئەرەب تەرجىمانلىرى (جۈملىدىن غەيرى ئەرەب ئالىملىرى، مەسىلەن: ئەبۇنەسىر فارابى) ئارقىلىق ئەرەب ئىمپېرىيىسى ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىر مۇنچە غەيرى ئەرەب ئەللىرى (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى) دىن تەشكىل تاپقاچقا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. بۇ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ خەلقلىرى مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ خەلقلەر ئارىسىدىن چىققان مۇسا خارەزمى، ئەخمەت ئىبنى پەرغانى، ئەبۇنەسىر فارابى، ئەبۇئېلى ئىبنى سىنا، ئەبۇرەيھان بىرۇنى، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانت ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. بولۇپمۇ مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەر دىيارىدىن بالقىپ چىققان ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت قۇياشىغا ئوخشاش، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھەتتا ئەرەب-پارس ئەللىرىدىمۇ ئۆز شۆھرىتىنى يايدى ۋە غەربتە بۇخارا، سەمەرقەنت، باغدات ئىلىم-پەن، سەنئەتنىڭ مەركىزى بولغان بولسا، شەرقتە قەشقەر دىيارىنى ئەنە شۇنداق مەركەزگە ئايلاندۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىققان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ، ئارغۇن سەلى، بۇيان بۇغا تېكىن، ئاپرىنچۇر تېكىن، سىلىغ تېكىن قاتارلىق ئالىم، تەرجىمان ۋە شائىرلار ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن تۇرپان رايونىنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەركىزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايلاندۇرغان ئىدى. قارا خانىلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي-ئايرىمىچىلىقلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل ۋە مەدەنىيەت بىرلىكى ساقلىنىپ تۇراتتى. قەشقەر دىيارىدا يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىلى بىلەن تۇرپان (بەشبالىق) دا مەيدانغا كەلگەن تەرجىمە ۋە ئىجادىي ئەسەرلەر تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى ئالىملارنىڭ: يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇرپان مەنبەلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى، دېگەن پىكرى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت شۇ چاغدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق دەۋردە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇنداق دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

---

(3)

ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، شېئىرىيەت، پروزا، نەسر ۋە دراما تۈرگىيە يازما ئەدەبىياتنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەت بىلەن دراما تۈرگىيە بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قەدىمكى يۇنان ۋە ھىندى داستانلىرى بىلەن تىياتىرلىرى ھەممە جۈڭگو چاڭچىلىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىدىقۇتتا سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1964-يىلى قۇمۇلنىڭ تومۇرتى دېگەن تېغىدىن تېپىلغان «مائىترى سىمىت» ناملىق 20 نەچچە پەردىلىك درامىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا مىڭ يىللار بۇرۇنلا دراما سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شەكىل جەھەتتىن داستان بولۇش بىلەن بىللە دراممىغىمۇ مەنسۇپلۇقى مەسىلىسىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەشھۇر تۈركولوگ گابايىن خانىمنىڭ قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، سەھنىدە ئوينىش ئۈچۈنمۇ يېزىلاتتى، دېگەن نۇقتىئىنەزىرىمۇ شۇنىڭغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. شېئىرىيەتكە كەلسەك، باشقا مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ، ھەممىدىن كۆپ رەۋاجلانغان ژانىر شېئىرىيەتتۇر، ئورخۇن-يېنىسەي ئابىدىلىرىنىڭ شېئىرىي تىل

بىلەن يېزىلغانلىقى، تۇرپاندىن تېپىلغان بىرمۇنچە بۇدداچى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئاجايىپ ياخشى شېئىرلىرى، «تۈركى تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن بىرمۇنچە بېيىتلار بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ (خەلق قوشاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

ئەمما، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەقەت يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىلا ئىلمىي سىستېمىغا چۈشۈپ، يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. «قۇتادغۇبىلىك» ھەم ئىلمىي ھەم ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىسىدۇر. بۇ ماقالىمىزدە پەقەت ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتى (ئاساسەن شېئىرىيەت ماھىرلىقى) ھەققىدىلا بەزى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## يۇسۇپ خاس ھاجىپ: شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدا

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قەلبىدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر قىلالايدىغان؛ دېڭىزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۈنچە-مەرۋايىتلار تېرىپ چىقىدىغان غەۋۋاسقا ئوخشاش رېئال تۇرمۇشتىن سۆز ئۈنچۈلىرىنى تېرىپ، قىلىچتىن ئۆتكۈرەك تىل بىلەن بەزىلەرنى ماختاپ، بەزىلەرنى سۆكىدىغان، ماختىغان كىشىسىنىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا يېيىپ، سۆككەن كىشىنىڭ نامىنى سېسىتىپ تاشلايدىغان ئادەم شائىردۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقان ياكى يازغانلىرى شېئىردۇر («قۇتادغۇبىلىك»، 56-بابقا قاراڭ). دېمەك، شائىرنىڭ تەپەككۇرى قەلبىدىنمۇ نازۇكراق بولۇشى، شېئىر ئۈنچۈ-ياقۇتتەك سۆز دۇردانىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر سەنئىتى بولۇشى، شائىر ئۆز تىلىنىڭ قىلىچتەك ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ماختاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ماختاپ، سۆكۈشكە تېگىشلىكلەرنى سۆكۈشى لازىم.

كىمنى ياكى نېمىنى ماختاپ، كىمنى ياكى نېمىنى سۆكۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئەنە شۇ مەسىلىگە قارىتىلغان، يەنى ئۇنىڭدا ئادالەت ۋە ئادالەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئادىل قانۇن، ئەخلاق-پەزىلەت، ئەقىل-ئىدراك، ئاڭ ۋە بىلىم، يۇرت ۋە ئەلگە ساداقەت ھەم خىزمەت، دوستقا ۋاپا ۋە مۇھەببەت، دۈشمەنگە غەزەپ ۋە نەپرەت؛ تۇرمۇشتا راستچىل ۋە پاكلىق، جەڭدە باتۇرلۇق ۋە شىجائەت، جاپادا چىدام ۋە غەيرەت، يوقسۇللارغا شەپقەت، زوراۋانلارغا لەنەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب پەزىلەتلەر (ياكى شۇ پەزىلەت ئىگىلىرى) ماختىلىپ، ئۇنىڭ ئەكسى بولغانلارنىڭ ھەممىسى سۆكۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەتىجىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇت جەمئىيەتكە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغار مەيداندا تۇرۇپ، قالاقلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئۈنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ناھايىتى زور خاھىشچانلىققا ئىگە ئىدېئولوگىيە قورالى ئىكەنلىكى، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغارلىق رولىنى ئويناپ ئۇنى تەربىيىلىگۈچى بولۇشى لازىملىقى قەيت قىلىنغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئانا تىل توغرىسىدا

«كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز.»

شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتىنىڭ بىرى تىل ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى سۆيۈشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشى، ئۆز تىلىدا سۆز بار تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن سۆز ئۆتنە ئېلىپ يۈرمەسلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

مانا قولنى سۇندۇم ئىلمىنى تىلەپ،
قېتىپ سۆزنى سۆزگە تىزىپ مەن ئۇدا.
بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۈم ياۋايى كىيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم ـ ئۆگەتتىم ئارا.
سىلاپ ئەكەلەتتىم، كۆڭۈل بەردى تېز،
تېخى بەزى قورقۇپ، ھۈركۈپلا تۇرا.
سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىشۋەردى خۇش ھىد ئىپاردەك پۇرا.

دېمەك، كەڭ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان ياۋا كىيىكتەك گۈزەل، ئوماق، شوق ۋە ئويناق تۈركىي تىل شۇنچە باي تىلدۇركى، ئۇنىڭدىن قانچە سۆز ئالىمەن دېسە، شۇنچىسى قولغا چىقىدۇ ۋە ئۇ سۆزلەر ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ؛ ئۇنى سىلاپ، ئەكىلىپ، ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىشقا تىرىشسا، ئۇ ئىگىسىگە تېزلا كۆڭۈل بېرىپ، ھەممە ھاجىتىدىن چىقالايدۇ.

13 مىڭ 290 مىسرالىق «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەرەب ـ پارس سۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلگەنلىكى (ئىشلەتكەندىمۇ پەقەت تىبابەت، ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردىكى خاس ئاتالغۇلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى) بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك پەزىلىتى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدە ئۆز ئانا تىلىنى ياراتماي، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئەرەب تىلىنى «ئەسۇلەست» (ھەسەلدەك شېرىن)، پارس تىلىنى «شېكەرەست» (شېكەردەك تاتلىق) دەپ داۋا قىلغۇچىلارغا قارشى «تۈركىي ھۇن رەست» (تۈركىي تىل ئىلىم ـ سەنئەت تىلىدۇر) دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئانا تىل جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارىتى

پىكىر (يەنى مەنا) — شېئىرنىڭ جېنى. بىراق، يالڭاچ بېرىلگەن پىكىر شېئىر بولىۋەرمەيدۇ. پىكىر (مەنا) بەدىئىي تۈسكە كىرگەندىلا شېئىر بولالايدۇ. بەدىئىي تۈس پەقەت مەجاز (مېتافورا) لار ياردىمى بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، مەجاز — شېئىرنىڭ قېنى، ۋەزىن ۋە قاپىيەلەر ئۇنىڭ ھۆسنى ۋە پۇرىقى دېيىلىدۇ. زەللىنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتى دەل شۇ مەنادا ئېيتىلغان:

ئەي زەللى، بۇ نەسۆزدۇر دەپ مېنى ئەيىب ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا.

شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغان كىشى شائىرنىڭ ماھارىتىگە قايىل قېلىپ، ئاپىرىن دەيدۇ ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ XI ئەسىردىلا نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالايدۇ. مەسىلەن:

«كۆكۈل تۈپسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ، بىلىم — شۇ دېڭىزنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئۈنچە ـ مەرۋايىتتۇر، ئۇنى دېڭىزنىڭ تېگىدىن چىقىرىپ (ئىشلەتمىسە)، ئۇنىڭ سايىدىكى تاش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئالتۇنمۇ قارا يەر تېگىدە ياتقاندا، بىر خىل تاش ياكى مېتال ئىدى. ئۇنى قېزىپ چىقارغاندىلا، شاھلارنىڭ بېشىغا تاج

بولىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئالىملار قورساقتىكى ئىلمىنى ئەل-يۇرت ئۈچۈن ئىشلەتمەي، يىل-يىللار ساقلىغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ....».

«ئادەم ۋۇجۇدى قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئەقىل-پاراسەت بىلەنلا بۇ ئۆي يورۇيدۇ».

«كۆڭۈل دېگەن شىشە (ئەينەك) تەك نازۇك نەرسە، ئاۋايلىمىساڭ سۇنۇپ كېتىدۇ، ياكى ئىسسىقتا ئېرىپ، سوغۇقتا مۇزلاپ قالىدۇ».

«ئادىل قانۇن كۆكنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكتۇر، ئۇ بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلىپ چۈشىدۇ».

«قارا يەر بىلەن سۇ يارىشىپ ئۆتكەچكە، شۇ ئىناقلىق خاسىيىتىدىن تۈمەن مىڭ چېچەكلەر ئېچىلىپ ياپرايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر دوست ۋە قېرىنداش بولۇشۇپ، ئوبدان ئۆتسە، ھايات ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن ئۆتكەن بولاتتى».

مۇنداق ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى يۈز-يۈزلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن، بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم مەجازلار بىلەن ئىپادىلەنگەچكە، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەرسىز (نەسىر ھالدا) نەقىل قىلساقمۇ، يەنىلا شېئىرىيەت جاراڭلاپ تۇرىدۇ، مۇنداق پىكىرلەرنى نەزىم ھالدا ئوقۇساق، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ئىستېتىك زوق ئالىمىز.

مەسىلەن:

6529: قىزىل ئىدى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۈگۈن ئاڭا زەئپەر ئۆرۈگىن سۈرتتۇم.

6530: ئىپاردەك قارا باشقا مەن كاپۇر پۈركىدىم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531: يورۇق يازدەك ئىدىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

بۇ مىسرالاردا ئادەملەر ئۈچۈن ياشلىقنىڭ نە قاتارلىق گۈزەل بىر چاغ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نە قەدەر ئېغىر ھەسرەت كەلتۈرىدىغانلىقى ئەنە شۇنداق نەپىس مەجازلار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

تۆۋەندىكى ئىككى مىسرادا بولسا، پەقەت «بوي (قەددى قامەت)، كۆڭۈل، ئوق ۋە ياي (يا)» دېگەن تۆتلا سۆزنىڭ ياردىمى بىلەن شۇنداق بىر پىكىر ئوتتـ

تۇرىغا قويۇلغانكى، بۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى شېئىرىي ماھارەت ئىكەنلىكىگە ھەر قانداق كىشى قايىل قالىدۇ:

310: بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

يەنى بويۇم ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈز چاغدا (يىگىتلىك چېغىمدا)، كۆڭلۈم يادەك ئەگرى (ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن) ئىدى؛ كۆڭلۈمنى ئوقتەك تۈزەپ (مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىپ) بولغىچە بويۇم يادەك ئېگىلىپ كەتتى.

تۆۋەندىكى مىساللارمۇ شائىر ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

چۈن ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى پەزىلەت يەنى تىل بىلەن دىلنىڭ ئوخشاش بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا:

863: تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇرچىن ۋە توغرا كىشى.

864: چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۇيالماي يۈرەلىسە ئەلنى كۆرۈپ.

بىلىم توغرىسىدا:

6605: بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6608: بىلۇرمەن دېسەڭ سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز ئاتالدىڭ بىلىملىك ئارا.

6609: بىلىم بىر دېڭىزدۇر ئۇچى يوق تۈۋى،
نىچە لىك سۈمۈرگەي سۇ سۈندۇك شورا.

قوماندا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا:

2310: باشقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
ئوتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.

2311: تۇڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.

2312: ئۇ بولسۇن ھېلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك،

2313: سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسۇن قىيا قۇزغۇندەك يىراقنى كۆزى.

2314: ھىممەتتە ئۇ بولسۇن گويا ئارسلان،
كېچەسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

تەبىئەت تەسۋىرى — باھار توغرىسىدا:

63: ئىسسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64: قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بىرەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

67: قۇرىغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى قىنىق ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

70: تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

72: غاز ئۆدەك، قىل، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى - تۆۋەن.

73: ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇبىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەرسۇ بىرى.

75: ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچقىرغان كەبى سۆيىشىن.

76: قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

تاڭ مەنزىرىسى توغرىسىدا:

5677: سەھەر قۇشى قوپتى ئەگىنىپ ئۇچۇپ،
ناۋا قىلدى سايراپ مىزاھىر ئوقۇپ.

5679: نۇر نەيزە چېچىلدى يەردىن پۇتاقلاپ،
پەلەك مەڭزى ئوتتەك بولدى يېلىنجاپ.

5680: جانان كۆلگەن كەبى يورىدى جاھان،
تاراپ قايغۇ، شاتلىق بولدى نامايان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەجنىس، تۇيۇق، رۇبائىي ۋە غەزەل ( قەسىدە ) گە ئوخشاش گۈزەل ژانىرلىرىغىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن 564، 1993، 1994، 2221، 3421، 2422، 4246، بېيىتلارغا قاراش كۇپايە.

### يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئارۇز ۋەزنى

« قۇتادغۇبىلىك » نىڭ باشتىن ـ ئاياق ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىب بەھرىدە ( مۇتەلەق كۆپ قىسمى مۇتاقارىبى مۇسەلمەنى مەقسۇر ياكى مەھزۇپ ۋەزنىدە؛ پەقەت 3800 ـ 3801 ـ بېيىتلار بىلەن ئاخىردىكى ئۈچ قەسىدىنىڭ ئىككىسى مۇتاقارىبى مۇسەلمەنى سالىم ۋەزنىدە ) يېزىلغانلىقى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئەرەب ياكى پارسلارغىلا ئەمەس، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرگىمۇ ئورتاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا بىر قانچە مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئەمگىكى بىلەن شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىش جەھەتتىكى يۈكسەك ماھارىتى بەزى كىشىلەرنىڭ تىلدا ئارۇز بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، ياكى ئارۇز ۋەزنى پىكىرنى بوغۇپ قويىدۇ دېگەن قاراشلىرىنىڭ نە قاتارلىق ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ( ئايرىم بەھرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) تۈركىي تىلغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئارۇز ۋەزنى بىلەن تۈركىي تىل ئوتتۇرىسىدا گارمونىك باغلىنىش بارلىقىنى، گەپ شائىرلارنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، لۇتفى، ساككاكى، ناۋايى ۋەكىللىكىدىكى « چاغاتاي ئەدەبىياتى » نامايەندىلىرىنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇنىڭ تېخىمۇ يارقىن مىسالىدۇر.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ تولۇق بىر نەشرى تېخى مەيدانغا كېلىپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغان شارائىتتا، بەزى ئالىملار « قۇتادغۇبىلىك » ۋەزىن جەھەتتىن « شاھنامە » گە تەقلىت قىلىنغان، دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلگەن. ھالبۇكى، « شاھنامە » بىلەن « قۇتادغۇبىلىك » يېزىلغان ۋاقىتنى ۋە « قۇتادغۇبىلىك » تىكى ئارۇز سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۆزىگە

خاس ئورگىنالىلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نى شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى دەپ ھېسابلاش خاتا. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ، شائىرنىڭ بۇ ۋەزنىدە ئالىقاچان ئەسەر يازغانلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولىدۇ، شۇنىڭدەك، بۇ ئەسەردىكى 170 نەچچە تۆتلىكلەر خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى بولغان قىتئەلەرنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارس مەسنەۋىلىرىدە، جۈملىدىن «شاھنامە» دە مۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» ئەمدىلا ئايىغى چىقىپ تايتاڭلاپ مېڭىشقا باشلىغان مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ سەمەرىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ شېئىرىي ۋەزنىمۇ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتنىڭ داۋامى ياكى راۋاجىدۇر.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىي مېتودى

مەلۇمكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى مەۋجۇت، بۇ ئىككى ئاساسىي مېتود ئىككى چوڭ ئىدىيىۋى ئېقىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش يولى بىلەن تىپىك شارائىتتا تىپىك قەھرىمان يارىتىش ـ رېئالىزم مېتودىدۇر. جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «كىتابى مەنزۇم» (شىجىڭ) مەجمۇئەسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر، دۇفۇ (مىلادى 770 ـ 712) شېئىرلىرى ۋە «باھادىر شاھ لىزىچېڭ» بىلەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن ياۋروپادا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، «تەنقىدىي رېئالىزم» دەپ ئاتالدى. بالزاك، دىكېنس، ل. تولستوي، چېخوف قاتارلىقلار شۇ ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر. رېئاللىقنى غايىۋى ئىستەك ـ ئارزۇلار ۋە قاينام تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش ـ رومانتىزم مېتودى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە غايىۋىلىكنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىپادىسىدۇر، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان «كىتابى مەنزۇم» دىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بىلەن چۈيۈەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى II — III ئەسىر) ۋە لى بەي (VIII ئەسىر) شېئىرلىرى شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ياۋروپادا بولسا، رومانتىزم ئېقىمى XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە پەيدا بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت مېتودىدا مۇشۇ ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەر ئىككىسى مەۋجۇتتۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى مەلۇم ۋاستىلار ئارقىلىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى جەھەتتىن رېئالىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ بولسا، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەنلىكى، مۇئەللىپنىڭ ئۆزى شالىلىۋالغان تۆت مەجازى شەخس ئارقىلىق «غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر رومانتىزم ئېقىمىغا مەنسۇپتۇر، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» رېئالىزم بىلەن رومانتىزم چەمبەرچاس باغلىنىپ ھەم ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ زىددىيەتلەر ئېچىپ تاشلانغان ھەم غايىۋىلىك يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ئەسەر. ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشلارنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىككە تەكلىپ ياكى نەسىھەت تەرىزىدە ئېيتقان گەپلىرى ئەمەلىيەتتە بىزگە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ يىغىنچاقلىنىپ ئەپلىك سىزىلغان بىر سۈرىتىنى ياكى سىنىپىي زىددىيەتلەردىن يېزىلغان درامىنىڭ بىر قاتار كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق كەسكىن پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ.

... ئەي خان، خەلققە نەزەر سال: ئۇلارنىڭ بىرى ئاچ، بىرى يالىڭاچ، بىرى زۇلۇم دەستىدىن بەختى قارا، بىرى يوقسۇللۇق دەردىدىن بىناۋادۇر، ئۇلار غەم-قايغۇدىن پىغان چەكمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىمارلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىمارلارنى داۋالايدىغان دورا سەندە. چۈنكى سەن تېۋىپقا ئوخشايسەن، ئۇلار ساڭا مۇھتاج. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ دەردىگە يەتمىسەڭ، قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن.

... سەن ئۆزەڭگە بىر قارىغىنا! خەلق شۇنچە ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغاندا، سەن ھەددەپ ئۆزەڭگە بايلىق يىغىۋاتىسەن، دېڭىز ئاستىدىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلار، يەر ئاستىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەر، تاغ قېتىدىكى جاۋاھىر-گۆھەرلەر ساڭا يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئېتىزدىكى دانلاردىن ئامبارلىرىڭنى تولدۇرىسەن، ھاۋادىكى ئۇچار قۇشلار، سۇدىكى بېلىقلار، جاڭگالدىكى ياۋايى ھايۋانلار، قىرلاردىكى پادا-پادا ماللار، ھەتتا جەرەن-كېيىك، بۇغا-ماراللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭنىڭ قىلىۋېلىپمۇ، يەنە نەپسىڭ قانمايۋاتىدۇ. سېنىڭ ئاچكۆزلۈكىڭدىن ئاتىلىقلار ئاتىسىز، ئانىلىقلار ئانىسىز قېلىۋاتىدۇ، بۇ نېمە دېگەن تويماسلىق! (71 - بابقا قاراڭ)

مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، شۇنداق قىلىپ، رومانتىزم پۇرىقى قويۇق بولغان تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ ئاجايىپ ئۈستىسى — شىجائەتلىك، رېئالىست بىر مۇتەپەككۇر شائىر ئوبرازى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. فېئودال خانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىكى ۋەكىلى بولغان ھۆكۈمدارغا شۇنداق خىتاپ

قىلىش يەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ دېموكرات مۇتەپەككۇر شائىرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى.

X X X X X X X

يىغىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ـ مائارىپ ئەھۋاللىرى، دۆلەت، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق ۋە دىنىي قاراشلىرى ھەققىدە ئېنسىكلوپېدىك مەلۇمات بەرگەندىن تاشقىرى، XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىنى يارىتىش بىلەن بىللە، قەدىمكى مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن تامامەن يېڭى بىر ئەدەبىي ئېقىم يارىتتى ھەم شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى بولۇپ قالدى؛ ھەتتا ئۆزىدىن كېيىن، ئەخمەت يەسەۋى، ئەخمەت يۈكنەكى ۋە ناسىر رابغۇزى ئىجادىغا، شۇنداقلا ئەلىشىر ناۋايى ۋەكىللىكىدىكى چاغاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:
(1) ئەبۇنەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى»، 1979 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
(2) فۇئاد كوپرولۇ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980 ـ يىل، ئىستانبۇل.
(3) ئا. دىلاچار: «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى»، 1972 ـ يىل، ئەنقەرە.
(4) گابايىن: «مائىترى سىمىت ھەققىدە تەتقىقات» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى.
(5) ئا. ن. كونونوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› پوئېمىسى»، 1983 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، موسكۋا.
(6) س. ن. ئىۋانوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›ى تۇغرىسىدا»، 1983 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، موسكۋا.
(7) ئى. كافەسئوغلۇ: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 1980 ـ يىل، ئىستانبۇل.
(8) ر. رەھمىتى ئارات: «‹قۇتادغۇبىلىك›كە كىرىش»، 79 ـ يىل، ئەنقەرە.
(9) غ. سەدۋاقاسوۋ: (تەھرىرلىكىدە) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983 ـ يىل، ئالمۇتا.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى توغرىسىدا

مەھمۇت يۇسۇپ

ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس «ئىجتىمائىي ئاڭنى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بەلگىلەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىمۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ نەمۇنىسى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقى جەمئىيىتىنى دانالىق بىلەن كۆزىتىشى، تەكشۈرۈشى، مۇلاھىزە قىلىشى، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئۇلۇغ ئەسەر.

يولداش ماۋزېدۇڭ «زىددىيەت توغرىسىدا» دېگەن پەلسەپە ئەسىرىدە: «مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلاردىن بىرى چوقۇم ئاساسىي زىددىيەت بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭمۇ ئاساسىي ئىدىيىسى بار، بۇ ئاساسىي ئىدىيە نېمە ؟

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنى مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم فېئودالىق تۈزۈم ئىدى، فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى — يەرگە فېئوداللار ئىگىدارچىلىق قىلىپ، يالانما دېھقانلارنى، ئىجارىكەشلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن فېئوداللارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت.

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ۋە بىناكارلىق، ئىلىم - پەن خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تۈزۈم فېئودالىق تۈزۈم بولغانلىقتىن، ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنى

www.uyghurkitap.com



غۇچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە قىلىنىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل شەكىلدىن ئىبارەت ئىدى:

(1) ئوردا ئىگىدارچىلىقىدىكى خانلىق يەر؛

(2) مەسچىت، مەدرىسە، مازارلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەخپە يەر؛

(3) فېئودال ئاق سۆڭەكلەر ئىگىدارچىلىقى؛

(4) كەمبەغەل دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا دېھقانلار ئىگىدارچىلىقى؛

(5) ئىكتا ئىگىدارچىلىقى.

بۇ بەش خىل ئىگىدارچىلىق شەكلى ئىچىدە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ خىل ئىگىدارچىلىق شەكلىدىكى يەرلەر پۈتۈن خاندانلىق دائىرىسىدىكى يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىل يەرلەردە ئىشلىگەن دېھقانلار قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، خاندانلىقنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشى ھەم شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىشى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئۇرۇش بولغان، نەتىجىدە ئېكىنلىك ۋەيران بولۇپ، خەلقنىڭ سېلىقى ئېغىرلاشقان، ئېغىر سېلىق ۋە ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن خەلق تېخىمۇ گادايلاشقان.

ئۇلۇغ ئالىم بۇ خىل ھالەتنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 85 ـ بابىدا تۆۋەندىكىچە پاش قىلىدۇ:

6457: ھالال بىتتى پۈتكۈل ھارام غولدىدى،
ھارام يەر كۆڭلىنى قارا قاپلىدى.

6458: ھالالنىڭ ئېتىلا قالدى ئۆزى يوق،
ھارام بولدى قاراقچى تويغۇچى يوق.

6459: قېنى بۇ ھارامنى ھارام دېگۈچى،
ھارامنى قويۇپ بىر ھالال يېگۈچى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، خەلقپەرۋەرى بولغانلىقتىن، يۇقىرىقى زىددىيەتلەرنى ئۆتكۈر، ھەققانىي، تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرەلىدى ھەمدە بۇ خىل فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسى

بولغان فېئودال پادىشاھلىق دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يولىغا ماڭدى. شۇ دەۋردە بۇنداق ئىسلاھات يولىغا مېڭىشمۇ باتۇرانە جۈرئەتنىڭ، فېئودال ئاق سۆڭەكلەرنى ۋە پادىشاھنى ئۈستىلىق بىلەن قايىل قىلالىغىدەك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋرنىڭ خەلقپەرۋەرى، ئۇلۇغ ئالىمى بولغانلىقتىن، ئۇ باتۇرلارچە مەيدانغا چىقتى ھەم ئالىملىق پاراسەت بىلەن قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرىنى قايىل قىلالىدى. ئالىم ئىنتايىن ئۈستىلىق بىلەن تۆت پېرسوناژنىڭ سۆھبىتىنى ئاساس قىلىپ، دراممىچىلىق ئۇسلۇبى بىلەن مەسنىۋى شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق بۇ چوڭ ھەجىملىك داستاننى يېزىپ چىقىپ، قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

دېمەك، بۇ ئۇلۇغ داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى پەندى ـ نەسىھەتلا ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات ئىدىيىسىدۇر، شۇڭا، بۇ ئۇلۇغ ئەسەر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھات لايىھىسى خاراكتېرىدىكى ئەسەر، ئالىم بولسا شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىسلاھاتچىسىدۇر. ئالىم ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلارنى قايىل قىلىشتا دىداكتىكا ئۇسۇلىنى قوللانغان. دىداكتىكا ئالىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ـــ ئىسلاھات ئارقىلىق خانلىقنى مۇستەھكەملەشتۇر.

ئىسلاھات ئۆزى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان ئوبيېكتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمايدۇ، مەلۇم ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات شۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ، مەلۇم ھالقىلارنى، مەلۇم تەرەپلەرنى يېڭىلايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن XI ئەسىردە ياشىغان ۋاڭئەنشىنى «جۇڭگونىڭ XI ئەسىردىكى ئىسلاھاتچىسى» دېگەن ئىدى[1]. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، مالىيە، ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى قاراشلىرى ۋاڭئەنشىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىننىڭ بۇ باھاسى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئالىمنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئادالەتلىك قانۇن ئورنىتىپ، دۆلەتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. ئالىم بۇ مۇھىم نۇقتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە خادىملار قۇرۇلمىسىنى، ئىنتىزامنى، ئىستىلنى، مائارىپنى، ئارمىيىنى ۋە باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنى داستاننىڭ 16 ـ بابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

www.uyghurkitap.com



687: پۈتۈن كونا نەرسە يېڭىمىسىز بولۇر،
يېڭىمىسىز يۈكى، كۆر كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688: يېڭى نەرسە بولسا، كونا نەكېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نەكېرەك.

689: پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قېينالۇر.

690: تۇراقسىز دەپ ئېيتار بۇ قىلىقىم ئۈچۈن،
ماڭا ئەيىب قويۇلۇر شۇ ئاتىم ئۈچۈن.

ئۇلۇغ ئالىم بۇ مىسرالاردا ئىسلاھات ئارزۇسىنى ۋە ئىسلاھات ئىدىيىسىدىن يانمايدىغان جەسۇر ئىرادىسىنى ئىپادىلەش بىلەن جايىل كۈچلەرنى ئادالەت ئوقىغا تۇتىدۇ ۋە ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئىسلاھاتقا قارشى جاھىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ مانا مۇشۇ يەردە، ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغانلىقىدا. ياكى هاكىمىيەت بېشىدىكى هۆكۈمدارلارنى قايىل قىلىپ، خەلقنى گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلاھات يولىدا ماڭغانلىقىدا. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ئۇنىڭ قاراخانىلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسى خاراكتېرىدىكى ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقىدا.

تۆۋەندە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بولغان ئىسلاھات ئىدىيىسىنى شەرھلەپ ئۆتىمەن:

1. ئالىمنىڭ قانۇننى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بايانى: ئادالەتنىڭ ئاساسى — باراۋەرلىك، باراۋەرلىكنىڭ كاپالىتى — ئادالەتلىك قانۇن. يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز زامانىسىنىڭ ئادالەتچىسى، ئادالەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئادالەتلىك قانۇننىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە ئادالەتسىز قانۇننى ئىسلاھ قىلغۇچى.

ئالىم بۇ داستاننىڭ 18 - بابىدا ئادالەتلىك قانۇن هەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

817: كېرەك ئوغلۇم ئولتۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

:818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئادالەت مىسرالىرىدا قارا خانىلار خاندانلىقى زېمىنىدىكى ئەمگەكچان خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ئۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، «قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن ئادالەتنىڭ ھەققانىي ئۆلچىمىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇ — ئۈستقۇرۇلمىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدىغان قانۇننى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى خاراكتېرىدىكى نۇقتىئىنەزەر. ئىسلاھات ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتە باشلىنىپ، ئاندىن رېئاللىشىدۇ، شۇڭا ئالىمنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىنى ھېچبولمىغاندا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىسلاھات دېيىشكە ھەقلىقمىز. XI ئەسىردە، بولۇپمۇ فېئودال پادىشاھلىق دەۋرىدە، بۇنداق ئادىل قانۇننى تەشەببۇس قىلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئادالەت توغرىسىدىكى بۇنداق ئۆتكۈر تەپەككۇر ۋە روشەن بايراق — شۇ زاماندىكى خەلقپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيە تارىخىدىكى نۇرچاقناپ تۇرغۇچى گۆھەر.

قانۇن ئادىل بولسىمۇ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئادىل بولمىسا، ئادالەتنى رېئاللاشتۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 18 ـ بابىدا يۇقىرىقىدەك ئادىل قانۇننى ئورنىتىش ۋە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىقنىڭ خادىملىرىدە ساقلىنىۋاتقان يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، خانلىقنىڭ خادىملىرى قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە ئادىل قانۇننى يۈرگۈزىدىغان خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازىدۇ:

:848 ئۆزۈم خالىماسىنىڭ بىرى يالغان ئول،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى زۇلۇم قىلغان ئول.

:849 بىرى ئاچكۆز تاماخور ۋە تويماس ئۆزى،
بىرى ئالدىراڭغۇ، ئۇياتسىز كۆزى.

:850 ھەر ئىشتا غەزەپكار، ئاچچىقى يامان،
ئول ئەگرى، ھاراققا بېرىلسە ھەر ئان.

:851 بۇ ياڭلىغ كىشىلەر يارىماس ماڭا،
بۇنى ئېيتتىم ئەمدى ئوچۇقلا ساڭا.

......

www.uyghurkitap.com



893: نە ياخشى نىزام قويىدى بەگلەر بېگى،
يامانغا جازا بەردى زىندان تېگى.

894: ئەگەر ياخشى بولسا خەلق باشچىسى،
پۈتۈن ياخشى بولۇر ئۇنىڭ ئىشچىسى.

895: ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئىگەر،
بېيىپ ھەممە خەلق، جاھان تۈزىلەر.

مانا بۇ مىسرالاردا ئالىم قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى خادىملاردا مەۋجۇت يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، خادىملار قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ۋە خادىملار قۇرۇلمىسى ئىسلاھ قىلىنسا ئادىل قانۇن رېئاللىشىپ، جاھاننىڭ تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسەتكەن. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، ئالىم ئالدى بىلەن قانۇننى ئىسلاھ قىلمىغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، شۇڭا قانۇننى ئىسلاھ قىلىشنى ئىقتىسادنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئالدىغا قويغان.

2. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرى:

تەقسىمات مەسىلىسى — ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. ماركس «گوتاپروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ ھەر قانداق بىر خىل تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت؛ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئالىم ياشىغان جەمئىيەت مۈلۈككە فېئوداللار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان فېئوداللىق جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەقسىمات تۈزۈمى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئاساسىدىكى تۈزۈم ئىدى. ئالىم قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى مۇنداق تەڭسىز تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلمىغاندا، قارا خانلار خاندانلىقىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.

قۇللۇق جەمئىيىتىدىن كاپىتالىزمغىچە بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىدە مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىزىش - ئېزىلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ

كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالدى بىلەن تەقسىمات تۈزۈمىدە رېئاللىشىپ كەلدى، شۇڭا يۇقىرىقى ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە يۈز بەرگەن ئېزىلىشكە قارشى كۈرەشلەرنىڭ كۆپى ئالدى بىلەن تەقسىمات تۈزۈمىدىكى تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن باشلاندى. ئىنسانىيەت تارىخىدا ناھازىرغىچە ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسىلىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلارنىڭ كۆپىدە، ئىسلاھات تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاندى، مۇشۇنداق كۈرەش ۋە ئىسلاھاتلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى ياكى غەلىبە قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ ھەقىقەتنى XI ئەسىردە تونۇپ يېتىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئىسلاھات پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، تەقسىمات مەسىلىسىنى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تەنۇ - جان پىدالاپ ئىشلەيدۇ خادىم، :2960
تىلەپ بەگ سۆيۈنچى قىلۇر قۇللۇق ھەم.

...

شۇ خىزمەت ئۈچۈن بەگ ھەققىنى بەرگۈلۈك، :2965
بولۇپ مېھرىبان ھەم ئوبدان كۆرگۈلۈك.

...

يارامىلىقىچە ئېھسانلار كېرەك، :2974
بېجىرگەن ئىشكە تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك.

بۇ مىسرالاردا، «ئەمگىكىگەقاراپ ھەق بېرىش» دېگەن ئىدىيە ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئالىم يەنە بۇ مىسرالاردا ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىشنى يولغا قويسا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەش قىزغىنلىقى ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

بۇ خىزمەت مۇشەققەت قاتتىق ئىش ئىرۇر،
بۇنى بىلسە بەگ ئىشچى غەيرەتلىنۇر.

دېمەك، ئالىم تەقسىمات تۈزۈمى ئىلغار بولسا، ئىشلىگەن چىشلىسە، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىشلەش قىزغىنلىقى ئۆرلەپ، ئىگىلىك راۋاجلىنىپ، ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ خىل تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ توغرىلىقىنى سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى بولغان ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئەمەلىيەت ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسپاتلىدى. دېمەك، ئالىمنىڭ تەقسىمات توغرىسىدىكى بۇ تۆۋەنگىلەر يەنە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەڭداشسىز ئىلغارلىقتۇر.

3. ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ خەلقنى بېيىتىپ، خانىدانلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئىسلاھات باياناتلىرى:

بايلىق — ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلى، تارىختىكى ئەز گۈچى سىنىپلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى — خەلقنىڭ گادايلىقتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى. ئالىم ئىنسانىيەت تارىخى ئىسپاتلىغان بۇ ھەقىقەتنى بايقىيالىغان. ئالىم مۇشۇ ھەقىقەتكە ئاساسلىنىپ، قاراخانىلار خانىدانلىقىدىكى تەبىقىلەرنى تەھلىل قىلىپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى ئازايتىپ، خەلقنى بېيىتىش، بولۇپمۇ يوقسۇل تەبىقىنى بېيىتىپ، ئەلنى تۈزەشنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات لايىھىسىنى بايان قىلغان.

ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 72 ـ بابىدا مۇنداق يازىدۇ:

5560: بۇلار ئۈچ گۇرۇھتۇر، پەرق ئەتسەك بولۇر،
زۇلۇم قىلما، قىلساڭ پالاكەت كېلۇر.

5561: بۇ ئۈچىنىڭ بىرى كىم ئۇ بايلار ئىرۇر،
خەلقنىڭ كۈچلۈكى شۇلار، ئەي جاسۇر.

5562: كېلىدۇ ئۇلاردىن كېيىن ئوتتا كىشى،
بۇلار قىلالمايدۇ ئۇ بايلار ئىشى.

5563: كېلۇر ئۇندىن كېيىن خەلق يوقسۇللىرى،
كۆزەتكىن ئۇلارنى سەن ئەڭ ئىلگىرى.

5564: يۇتكۈزمە بۇ بايلار يوقسىز ئوتتىغا،
چۈشەر بۇلار بۇزۇلۇپ خاراپ ھالىغا.

5565: پېقىرگە يۇتكۈزمە ئوتتىلار يوقسىز،
ئۆلەر ئاچتىن، بۇ ھال قىيىپ.

5566: كۆزەتسەڭ پېقىرنى ئۇ ئوتتا بولۇر،
بىر ئازتىنسا ئوتتا، ئۇ بايلىق تاپۇر.

5567: پېقىر ئوتتا بولسا، بولۇر ئوتتا باي،
باي بولسا ئوتتا، بۇ ئەل بېيىغاي.

5568: تۈزۈلۈپ بۇ ئەل خەلقمۇ تاپقاي ھۇزۇر،
ساڭا شۇ چاغدا كۆپ دۇئالار قىلۇر.

بۇ مىسرالارنىڭ ئالدىنقى سەككىز مىسراسىدا، قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى پۇقرالارنى باي، ئوتتۇرا، يوقسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىگە بۆلىدۇ، ماھىيەتتە قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى پۇقرالارنى ئەزگۈچىلەر ۋە ئېزىلگۈچىلەردىن ئىبارەت سىنىپلارغا ئايرىيدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت مىسرادا سىنىپىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى سىلىق، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك تەنە بىلەن پاش قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى مىسرادا بۇ سىنىپلارغا قارىتا قانداق سىياسەت بەلگىلەش لازىملىقىنى، يەنى ئەزگۈچىلەرنىڭ ئېزىلگۈچىلەرنى ئېزىشىگە يول قويماسلىقنى، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭمۇ بېيىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ئاخىرقى تۆت مىسرادا ئەگەر مۇشۇنداق سىياسەت قوللىنىلسا، خەلق بېيىپ، قاراخانىلار ئېلىنىڭ تۈزۈلىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ خاننى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئالىم XI ئەسىردە تەپەككۇر قىلالىغان ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتى مەيدانىدا تۇرالىغان، مانا بۇلار ئالىمنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىمى بولۇپ قالماي، بەلكى ئادالەتچى، خەلقپەرۋەر ۋە ئىلغار ئىسلاھاتچى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.

4. ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىك ھېساباتى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بايانلىرى: ئۇلۇغ ئالىم بۇ جەھەتتىكى بايانىدا، ئالدى بىلەن خەزىنىنىڭ ماھىيىتى بولغان پۇل، ئالتۇن، كۈمۈشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي كاتېگورىيىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

2746: شېرىن جان ۋە لېكىن ئۇنىڭدىن شېرىن،
بۇ ئالتۇن كۈمۈشتۇركى جاندىن شېرىن.

2747: ئېچىلماس كۆڭۈلنى ئاچار بۇ كۈمۈش.
ئىگىلمەس كۆڭۈلنى ئەگەر بۇ كۈمۈش،

2749: كىشى كۆرسە ئالتۇن ئۆزى يۇمشىدى،
يېرىك سۆزلۈك ئەرنىڭ سۆزى يۇمشىدى.

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ ئالىم بۇ مىسرالاردا فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئالتۇن كۈمۈشنىڭ ۋىجدانـ دىنىمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدا قىلىچقا باش ئەگمەيدىغان باتۇرلارنىڭ، ئادالەت مەيدانىدا ئادىل سۆزلەيدىغان، سوراقخانىدا ئۆزرەقسىزگە قاتتىق ـ قاتتىق سۆزلەر بىلەن قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش ئالدىدا سىماپتەك ئېرىپ كېتىدىغانلىقىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس «كاپىتال» دا «ئالتۇن ئاجايىپ نەرسە، كىمنىڭ ئالتۇنى بولسا، ئۇ ئىزدىگەن نەرسىگە خوجىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن سەككىز ئەسىر كېيىن ئۆتكەن XIX ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق شائىرى شېكسپىر «ئافىنالىق تىمون» دېگەن دراماسىدا:

ئالتۇن ! مىتال
يالتىراق، قىممەت باھا، گۈزەل ...
ئالتۇن بولسا ھەممە نەرسە راۋا.
قارىنى ئاق قىلۇر، ئاقنى قارا،
ئېپلاسنى گۈزەل قىلۇر، گۇناھنى ھەق ـ ئادالەت.
رەزىللەرنى كۆتۈرەر، قورقاققا بېرەر جاسارەت،
كونىلىقنى بېزەتەر، ياش چوكان قىلىپ كۆرسىتەر.
ھەممىسىگە مالامەت، زىننەت لاتاپەت بېرەر ...

دەپ ئاجايىپ بەدىئىي ماھارەت، غەيرەت ۋە جاسارەت بىلەن كاپىتالىزمنى پاش قىلغان. يۇقىرىقى پۇل — ئالتۇن ـ كۈمۈش توغرىسىدىكى قاراشلارنىڭ ئالدىنـ قىسى XI ئەسىردە، كېيىنكىسى XIX ئەسىردە يېزىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىمىزكى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىقتىساد ئىلمىنىڭ كاتېگورىيىسى بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل نۇقتىئىنەزەرنى بايان قىلالىغان.

ئالىم ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇلنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى پاش قىلغاندىن كېيىن، خەزىنىدارنىڭ شەرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 2750 ـ بېيتىدە:

«بېتىپ بەخت، كۆپەيسۇن دىيسە مال ـ تاۋار،
كۆزى توق پەيلى تۈز بولسۇن خەزىندار» دەيدۇ.

بۇ مىسرالارمۇ ئېگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خاراكتېرىدىكى بايانىدۇر.

ئالىم يەنە خەزىنىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، بوغالتىرىيە تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسلاھات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان

ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمى مۇرەككەپ ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ، بوغالتىرىيە ئەنە شۇ ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىنىڭ تەركىبىي قىسمى ۋە تەپسىلىي قوللىنىلىشىدۇر. بوغالتىرىيە تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان. رەسمىي بوغالتىرىيە تۈزۈمى جۇڭگودا مىلادىدىن ئاۋۋالقى X، XI ئەسىرلەردە قوللىنىلغان، لېكىن باشقۇرۇش بوغالتىرىيە نەزەرىيىسى مىلادى XV ئەسىردىن باشلاپ پەيدا بولغان، بۇ خىل باشقۇرۇش بوغالتىرىيىسى — ھېسابات، تەھلىل، نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئالىم داستاندا مۇنداق يازىدۇ:

2774: بىتىكچى كۆزەتسۇن كىرىش ھەم چىقىش.

بوغالتىرىيە تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە يۈز بېرىدىغان كىرىم - چىقىمنى ھېسابلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، يىل ئاخىرلاشقاندا بوغالتىر كىرىم، چىقىمنى بوغىدۇ. ئالىم مانا مۇشۇنداق ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى بوغالتىرىيە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئالىم يەنە بوغالتىرىيە تۈزۈمىنىڭ ھېسابات قىلىشتىكى ئىنتايىن نازۇك نۇقتىلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ:

775 2«يىل، ئاي، كۈن يېزىلسا، ۋاقىت ھەم ئېنىق،
بىلىنگەي رەقەم - سان ئايرىم ۋە ئوچۇق» دەپ يازىدۇ.

بوغالتىرىيىلىك ھېساباتتا، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى باشلانغۇچ ھېساب ئاساسلىرى ئاي بىرلىك قىلىنىپ؛ كۈنلەر تەرتىپ قاتارى بويىچە خاتىرىلىنىپ، يىل ئاخىرىدا بوغۇلىدۇ. شۇڭا، بوغالتىرىيىلىك ھېساباتتا ۋاقىت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ھېساباتتىكى مەزمۇن ۋە سان ھېساباتنىڭ ئاساسى بولسا، ۋاقىت ھېساباتنىڭ ئىسپاتلىغۇچىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالىم يەنە باشقۇرۇش بوغالتىرىيىسىگە ئائىت مەزمۇنلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم داستاندا مۇنداق يازىدۇ:

2774: يېزىپ ھەم كۆزەتسۇن پۈتۈن تۇرلىك ئىش.

بۇ مىسرادىكى «يېزىپ» دېگىنى ھېساباتنى يېزىشقا، خاتىرىلەشكە قارىتىلغان، «كۆزەتسۇن پۈتۈن تۇرلىك ئىش» دېگىنى — تەھلىل قىلىش، نازارەت قىلىش، دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئالىم باشقۇرۇش بوغالتىرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى XI ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم قاراخانىلار خاندانلىقىدا بوغالتىرىيە تۈزۈمىدە مەسىلە بارلىقىنى بايقاپ، يۈقىرىقىدەك ئىسلاھ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالىم يۇقىرىقىدەك ئىسلاھات تەكلىپلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ بولۇپ ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغان بولماستىن، داستان يېزىلىپ بولۇشتىن بۇرۇنمۇ نەچچە نۆۋەت ئوتتۇرىغا قويغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەنە شۇنداق ئىسلاھات تەكلىپلىرىنى قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى قوبۇل قىلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قانۇن ۋە ئىگىلىكىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بارغان، دەپ قارايمەن. بۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە، داستاننىڭ 38- بابىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرسىتىمەن:

3093: تۈزەپ كۆڭلىن ئېلىگشۇندىن بۇيان،
يورۇتتى ئەلگە ياخشى قانۇن ھامان.

...

3104: بېيىپ ئەل ئاسايىش بىلەن تېچ ياتۇر،
شەھەر، كەنت بىزەندى كۆڭۈل شاتلىنۇر.

...

3107: قانۇن — سۈكەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت بەلا،
ئېقىتتىڭ سۈزۈك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

بۇ مىسرالاردىن ئالىمنىڭ ئىسلاھات تەكلىپى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ئىگىلىكنىڭ قايتا راۋاجلىنىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قايتا مۇستەھكەملىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئالىم قانداق قىلىپ يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ مېنىڭچە، ئالىمنىڭ بۇ ئىلغار ئىدىيىلىرى باشقا ئەللەر ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس.

ئېنگېلس «دېيۇرىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە: «هازىرقى سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتىن ئەڭ ئاۋۋال كۆزىتىش نەتىجىسىدۇر» ① دەپ كۆرسەتتى. كۆرۈۋېلىمىزكى، ماركس، ئېنگېلسلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي سوتسىيالىزم سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى داھىيانە كۆزىتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ، بىلىش دىئالېكتىكىسىنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

بۇنىڭدىن شۇنداق نەتىجە چىقىرىمىزكى، ئوخشاش مەزمۇندىكى بىر مۇنچە ئىلغار ئىدىيىلەر بىر نەچچە ئالىم تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تامامەن مۇمكىن. مۇنداق ئوخشاشلىقلارنى، ئىلغار ئىدىيىلەرنى بۇ ئالىملار بىر-بىرىدىن كۆچۈرۈپ ئالغان دېيىش بىلىش دىئالېكتىكىسىغا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى بىر نەچچە ئالىم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئوخشاش مەزمۇندىكى ئىلغار ئىدىيىلەرنى، لايىھىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇشى تامامەن مۇمكىن. شۇڭا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار ئىدىيىلىرى باشقا ئالىملار ئىدىيىسىنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس، بەلكى قاراخانىلار جەمئىيىتىنى ئالىملىق تەپەككۇرى بىلەن كۆزەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى قانۇننى ئادالەتلەشتۈرۈپ دۆلەتنى تۈزەش، خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىسلاھات ئىدىيىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ئالىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىلغار ئىسلاھاتچىدۇر. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى زامانىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەستۇردۇر.

ئەمدى مۇلاھىزىلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

ئەي بوۋا — ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ! سىزنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىڭىز بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلگە ئاشتى، روھىڭىز خۇشال بولۇۋاتقاندۇر؟! قەبرىڭىزدە تىنچ يېتىڭ، سىزنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرىڭىز — توق-پاراۋان ئۇيغۇر خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سىزنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىزنى يەنىمۇ تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىۋاتىمىز.

① 1957-يىل، ئۇيغۇرچە تاشكەنت نەشرى، 22-بەت.

# يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش

يۇسۇپجان ئەلى

ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخى سەھىپىسىدىن مۇھىم ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ بولغان مەشھۇر ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا X، XI ئەسىرلەردە تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۈچ سۇلالە ئىچىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تىپىك ئىدېئولوگىيىسىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شۇ دەۋردىكى قانۇنشۇناسلىقىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان قانۇن-نىزاملىرىنىڭ توپلىمىدۇر. ئۇنىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپ — ئوتتۇرا ئەسىردە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ قانۇنشۇناسىدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرى ئېلىمىز ئۇيغۇر قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارلاق نامايەندىسى، شۇنداقلا ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى ۋە دۇنيا قانۇنشۇناسلىقىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەينى زاماندىلا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ۋە XIX ئەسىرنىڭ 1-چارىكىدىن باشلاپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە باھا بېرىلگەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەر مىللەت ئالىملىرى تەرىپىدىنمۇ تەتقىق قىلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدۇر، ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقى — ئۇيغۇر مىللىتى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غايەت زور شان-شەرىپى ۋە پەخرى.

«قۇتادغۇبىلىك» — پارتىيىمىزنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ۋە سوتسىيالىزم دەۋ-

رىدە ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش فاكچىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پىشقەدەم ئالىم، مۇتەخەسسىس، ئەدىب ۋە تىل تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەجىر سىڭدۈرۈشلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى نەشىردىن چىقتى. يەنە ئۇنىڭ نەسرىي يەشمىسى نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ خۇددى تەرىققىچىلىق تۇپەيلىدىن يۈز بەرگەن قاچ - قاچتا بىر - بىرىنى يوقىتىپ قويۇشقان ئانا بىلەن بالىنىڭ جاھان تىنچىپ ئەل جامائەت بىسمىققاندا قايتا تېپىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ كۆرۈشكىنىدەك ۋەقە. ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور ئىش، شۇنداقلا قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور خۇشاللىق ئىش.

ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنشۇناسلىقىمىز ئۆزىگە ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىنى يېتەكچى قىلىپ ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۆۋەتتە يەنە قانۇنشۇناس ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ۋە «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئۇلۇغ ئىدىيىسىگە ئىجادىي ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىدىن تېخىمۇ ئوبدان بەھرە ئېلىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا يېڭىچە قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك ئەسىرىدە ئەكس ئېتىلگەن قانۇنشۇناسلىققا دائىر شانلىق ئىدىيىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئۇنى ئىلمىي ئاساستا تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇنچىلىق جەھەتتىكى پايدىلىق نەتىجىلىرىنى ھازىرقى قانۇنچىلىقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن بۇ ئاددىي ماقالەمدە، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى رېئال ھاياتتا ئوينىغان رولى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن، يولداشلارنىڭ ۋە پىشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

( 1 )

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى ئۇنىڭ گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا تىكلىنىپ ئەدرى-

جىي تەرەققىي قىلىپ، شۇ دەۋر ۋە شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تاقالغان. «قۇتادغۇبىلىك» دىكى قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى — ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ جېنى — «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن جاكالىق خىتاپتۇر. ئالىم داستاندا «قانۇن» دېگەن ئاتالغۇ (ئەسلى تېكىستىگە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىسىدە «تۆرۈ») نى ئىپتىخارلىق بىلەن 101 جايدا تىلغا ئالغان. «قانۇن» غا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇن، ئاتالغۇلار بولسا داستاننىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ ۋە بىزگە ئۇنى بىر «قانۇن دەستۇرى» دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىزغا تولۇق ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «قانۇن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قانۇننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ۋە كونكرېت قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ ۋە تار ئىككى مەنىسى بار، ئۇنىڭ كەڭ مەنىسى قانۇننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى يەنى دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە دۆلەت زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ تار مەنىسى مەخسۇس قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگىنىنىڭ قانۇن تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تۈزۈپ ئېلان قىلغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججىتىنى يەنى ماددىلىق يازما قانۇننى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار قانۇن مەسىلىلىرى ئەنە شۇ «قانۇن» ئاتالغۇسىنىڭ كەڭ مەنىسىدىن ئىبارەت، يەنى ئۇ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا يول كۆرسەتكەن ئومۇمىي پروگرامما خاراكتېرىدىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ «شەرئىي مەھكىمە» (قازىخانا) دە تۈزۈلگەن پەتىۋا ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئۇ بىزگە جىنايەتنىڭ تۈرلىرى ۋە جىنايەتكە قوللىنىلىدىغان جازانىڭ خىللىرى، شۇنىڭدەك سوت قىلىش تەرتىپى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە ئېنىقراق كۆرسەتمە قالدۇرۇپ كېتەلمىگەن. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا يەنە مۇنداق ئىككى سەۋەبمۇ بار: بىرىنچىدىن، قەدىمدە ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە ئەخلاق مىزانى بىلەن قانۇن ۋە دىن مىزانلىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ چىقىش ناھايىتى تەس ئىدى. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» تە قانۇن كۆز قارىشى ئەخلاق ۋە دىن كۆز قاراشلىرى بىلەن، قانۇن - مىزانلار ئەخلاق ۋە دىنىي مىزانلار بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. ئىككىنچىدىن، جىنايىي ئىشلار قانۇنى — ئىسلام قانۇنىدىكى ئەڭ ئارقىدا قالغان بىر تارماق بولۇپ، ئۇنىڭدا «جىنايەت»

دېگەن ئۇقۇم ئېنىق شەكىللەنمىگەن. «قۇرئان» دا، جىنايەت جازاسى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئاندا - ساندا تىلغا ئېلىنغان، ئاساسلىقى «دوزاقتىكى ئازاب» بىلەن «جەننەتتىكى راھەت» كۆپرەك تەكىتلەنگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىسلام قانۇنىدا باشقا قانۇن سىستېمىلىرىگە ئوخشاش، سوت قىلىشنىڭ شەكلى ۋە تەرتىپى مۇرەككەپ ۋە قاتتىق بولۇش تەلەپ قىلىنمىغان، يازما ئاساسلارنىمۇ كۆپ تەكىتلەپ كەتمىگەن. شۇڭلاشقا، ھازىرغا قەدەر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن دەستۇرى» بولۇشقا مۇناسىپ ئۆلمەس داستانى — «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشقا، قانۇن مەسىلىلىرىنى شەرھلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان قانۇن كىتابى ياكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىقى ھازىرچە بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەس.

ناۋادا، ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ:

پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم ھېكىم،
بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىدى كىم.
يازۇ بولمىسا ئەردى ئىنسان ئارا،
دېيىلگەن سۆزگە كىم پۈتەتتى قارا.

دېگىنىدەك، قاراخانىلار دەۋرىدىكى قانۇنشۇناسلىق ئەھۋالىدىن ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك» نى پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئەھۋالىدىن بىزگە كىممۇ مەلۇمات بەرگەن بولاتتى؟ ئەگەر بۇ داستان يېزىلىپ كىشىلىك دۇنياسىدا قالدۇرۇلمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىراۋ ئۇتتۇرىغا چىقىپ: بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن قەشقەرلىك يۇسۇپ ئاتلىق بىر ئۇيغۇر ئالىم، جاھانغا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ جاكالىغان، دېيەلەرمىدى؟ ناۋادا، دېگەندىمۇ، كىشىلەر: قېنى ئۇ ئۇلۇغ ھېكمەت ئىگىسىنىڭ شۇنداق دەپ يازغان بىرەر پارچە ھۆججىتىنى كۆرەيلىچۇ! دېگەن سوراقنى قويماي تۇرۇپلا، ھەئە شۇنداق، دەپ ئىشىنەرمىدى؟ ۋەھالەنكى، قانۇنشۇناس يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىنى يېزىش ئۇسلۇبى ئاسان بولغان ماددىلىق قانۇن تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىيىن، مەپتۇن قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولغان شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدا يازغان.

«قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇنى جەھەتتىن (مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن گەپ ئاچىمىزدۇق) ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى قانۇنشۇناسلىقىغا ئاساس سالغان «جۇئەدەپ - يۇسۇن-

لىرى»، لى كۈينىڭ «ئالتە پارچە قانۇن دەستۇرى»، خەن سۇلالىسىنىڭ چىن شىخۇاڭنىڭ قانۇنى ئاساسىدا تۈزۈپ چىققان «توققۇز بابلىق قانۇن» ۋە قوشۇمچە قانۇنى، 60 بۆلۈم 359 بابلىق ئوردا قانۇنى، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن تارتىپ سۈي سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ قانۇنلىرى، ئاتاقلىق «يۈڭخۈي قانۇنى» ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن شەرھلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۇڭ، لياۋ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىغا ئوخشاش ماددىلىق يازما قانۇن بولماستىن، بەلكى گۇەنجۇڭنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تولۇق شەرھلەنگەن، قانۇن - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تەكىتلەنگەن «گۇەنزى» دېگەن كىتابى، خەن فېينىڭ بۇرۇن ئۆتكەن قانۇنشۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى يەكۈنلەپ، شېڭ داۋبىنىڭ «ۋەزىيەت»، شېڭ بۇ خەينىڭ «سەنئەت»، لى كۈي ۋە شياڭ ياڭنىڭ قانۇن ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان قانۇنشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن «خەن فېيزى» دېگەن كىتابى، ئارىستوتېلنىڭ دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ سىياسىي پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان، سىياسىي پەن بىلەن قانۇنشۇناسلىق بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن «سىياسىي پەن» دېگەن كىتابى، شۇنداقلا سىياسىشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان لوكنىڭ «ھۆكۈمەت ھەققىدە»، مونتېسكيۇنىڭ «قانۇنلار روھى ھەققىدە» ۋە روسسونىڭ «ئىجتىمائىي پۈتۈم ھەققىدە»، دېگەن كىتابلىرىغا ئوخشاش قانۇن، ھوقۇق، دۆلەت پەلسەپىسىنى شەرھلىگەن ئالەمشۇمۇل ئېنسىكلوپېدىيىلىك قامۇستۇر. ئەگەر ئۇنداق بولماي، شۇ چاغدىكى قاراخانىلارنىڭ دۆلەت سارىيىدا شەيخۇل ئىسلام، مۇپتى (تەتقىق قىلىپ پەتىۋا چىقارغۇچى) ۋە قازى (سوتچى) لار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ئەلگە جاكالانغان ئەمىر - پەرمان، بەلگىلىمە ۋە قانۇن - ياساقلىرىنىڭ پۈتۈكچىلەر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن يازما پۈتۈكلىرى بولۇپ، خۇددى مىلادىدىن 501 يىل بۇرۇنقى دېڭ شىنىڭ «بامبۇكقا يازغان جازا ماددىسى» ۋە مىلادىدىن 513 يىل بۇرۇنقى جىن بەگلىكىدىكى جاۋياڭ قاتارلىقلارنىڭ قۇيدۇرغان «جازا داڭقىنى» نىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا بۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ناھايىتى زور ياردىمى بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بىز نۆۋەتتە بۇنداق پۈتۈكنامىلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇممىز. شۇڭلاشقا، بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي تەتقىقاتىمىزنى ھازىرغىچە قويالمايمىز.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق قاراشلىرى

قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» نى داستانىنىڭ ئۇلى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئالغان «قانۇن» نىڭ دەۋر خاراكتېرلىك مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتبىق قىلىنىدىغان ئوبيېكتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا بۇ مەزمۇن ۋە ئۇ ئوبيېكتلار ئۈستىدە بىر - بىرلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ھەر بىر مەزمۇن ۋە ئۇ ئوبيېكتلارغا قارىتا يەنە قانۇن ئۆلچىمىنى ئىنچىكە ۋە ئادىل تەتبىق قىلغان. بىز ئۇنىڭ بۇ تەتبىقلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يارىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىن سەل - پەل بۇرۇنراق ئۆتكەن فېئوداللىق سۇلالە — تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭ قانۇن شەرھلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان بىر ئىدىيىنى كۆرىمىز. تاڭ سۇلالىسى قانۇنىدا، دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدار - تۆرىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا «10 جىنايەت» نىڭ دائىرىسىگە كىرمىسىلا ئۇلارغا ۋەزىيىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بويىچە «ئېتىبار بېرىش»، «مۇراجىئەت قىلىش»، «كېمەيتىش»، «ساقىت قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق كەچۈرلىك ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئادەتتىكى ئەمەلدارلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، «ئەمەلىگە سۇندۇرۇش»، «پۇل تۆلەپ ساقىت قىلىش» نى جازانىڭ ئورنىغا قويغان، ئۇ قانۇن ئېگىز - پەس، خوجايىن - قۇل، ئەزىز - خار، ئەر - ئايال دەيدىغان دەرىجە مۇناسىۋەتلىرىنى ئاشكارا قوغدىغان. قەدىمكى ئىسرائىلىيىدىمۇ ئېسىلزادىلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ئۇنىڭغا يول قويۇلغان، «مەرتىۋىسىز» ئادەم ئوغرىلىق قىلسا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەد (ئاللا بەلگىلىگەن جازا) ئىجرا قىلىنغان. ئەمما بىز «قۇتادغۇبىلىك» تە بۇنىڭغا ئوخشىغان تەڭسىزلىكلەرنى ئۇچراتمايمىز، ئەكسىچە، دەرىجىلىككە ۋە تۆرىچىلىككە قارشى قويۇلغان، ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى شانلىق نۇرچاقناپ تۇرغان ئىلغار ئىدىيىنى كۆرىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ - پادىشاھلارنى، بەگلەرنى، قۇللارنى، «ئېرىغ» لارنى، «ئېرىغسىز» لارنى، ئوغلىنى، يېقىن تۇغقىنى ياكى يات كىشىنى، يولۇچىنى، ئۆتكۈنچى مۇساپىرنى ھەتتا پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى (سەئىد) نىمۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «ئادىل قانۇن» دا تاغاقىنىڭ چىشىدەك باراۋەر كۆرىدۇ، ئېگىز - پەس چوڭ - كىچىك، ئەزىز - خار دەپ ئايرىمايدۇ، ھۆكۈم چىقارغاندا ھېچبىرىگە يۈز خاتىرە قىلمايدۇ. ئۇ، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيە-

www.uyghurkitap.com



سىنىڭ تەكشىسىزلىكى تۈپەيلىدىنمۇ جىنايى قىلمىشنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى كۆر-ستىپ، يالغۇز ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچىلا يەتكىلى بولىدىغان تەڭلىكنىڭ بارلىقىغا كېلىشىگە قاراپ تۇرماي، ئەمەلىي تەدبىر ئارقىلىق ھەقىقىي ئىجتىمائىي تەڭلىكنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ:

:809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

:817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

:818 ماڭا تەڭ ئىككىلىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

دېگەنلىرىدىن، شۇنداقلا يۇقىرىقىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئوتتۇرا ھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئوتتۇرا ھاللارنى سەل بايلاشتۇرۇش، بايلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوتتۇرا ھال سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ھەممە تەبىقىلەرنىڭ نىسپىي تەكشۈك-لۈكىنى ساقلاپ، ئەلنى بېيىتىش ئىسلاھات لايىھىسىدىنمۇ كۆرىمىز (مىساللار قىسقارتىلدى).

ئىسلام قانۇنىدا باشقا فېئودال دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدىكىگە ئوخشاش تەبىقە تۈزۈملىرى ئېنىق ئېلىنمىغان، شۇنىڭدەك فېئوداللار بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىياز-لارمۇ بەلگىلەنمىگەن، پەقەت «سەئىد» لەر ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار ئامىسىدىن پەرقلىق بولۇپ، «قۇرئان» نىڭ قەسەس سۈرىسىدىكى «زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلماقچىمىز، ئۇلارنى يېتەكچىلەر ۋە ۋارىسلار قىلماقچىمىز» دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، مەلۇم ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان. لېكىن بۇنداق مەلۇم دائىرىدە پەرقلىق بولىدىغان ئىمتىياز كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە ئايرىم خەلقلەر ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا قانداشلىق جەھەتتە يېقىن كەلمەيدىغان، ھەتتا ئەرەب ھېسابلانمايدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكام ۋە ئەركانلىرىدىن خەۋىرى بار ياكى يوق، ئاللاغا ئىبادەتنى راس ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان ياكى رىياكارلىق بىلەن قىلىدىغان روھانىلار ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزىنى نىقابلاش قورالىغا ئايلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ياقلايدىغان يۇقىرى تەبىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار «سەئىد»

دېگەن بۇ شان - شەرەپتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە بايلىق توپلاشقا، مال - دۇنيا يىغىشقا كىرىشىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ خىل ئىمتىياز تەدرىجىي كۈچىيىپ، بەزى جايلاردا پەيغەمبەرلىك، «سەئىد» لىك دەۋاسى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەتتا «سەئىد» لەرگە قىلغىنى خاتا تۇرۇقلۇقمۇ ھېچكىم تىل تەككۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ ھال مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۆرەشنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ياخشىلار يوقالغان، رەزىللەر كۆپەيگەن، ئادالەت ئەلدىن كۆتۈرۈلگەن، پادىشاھلاردا ئىنساپ - تەۋپىق قالمىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالنى دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كۆزىتىۋاتقان قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپتا «زۇلۇم جاھاننى خانىۋەيران قىلىدۇ، خەلق زۇلۇمنى كۆتەرمەيدۇ، زالىم ھاكىمىيەت تەختىدە ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرەلمەيدۇ، ئادىل قانۇن بىلەن جاھان ئوڭشىلىدۇ» دېگەن ئۇلۇغ سىياسىي قانۇن كۆز قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان (2032، 2030، 2031، 2034 - بېيىتلەرگە قارالسۇن).

ئۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئېچىپ بەرگەن، ئۇ، ئادەملەرگە قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ياخشىنىڭ يامانغا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە يامانىنىڭ ياخشىغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى دىئالېكتىك ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان ۋە بەگ ياخشى كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا يامانلار ئىشىنى ياخشى قىلىدىغان بولىدۇ، بەگ يامان كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا يامانلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەلگە جاھالەت ياغىدۇ، بەگ يامان بولسا يامانلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ياخشىلارغا ئۇۋال بولىدۇ، بەگ ياخشى بولسا ياخشىلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، يامانلارغا بازار قالمايدۇ، دېگەن پەلسەپىۋى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (870 -، 895 - بېيىتلارغىچە) ۋە توغرىسىدىن - توغرا قاراخانىلار خانلىقىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان نەسەب سۆيۈرغاللىق تۈزۈمىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان ياخشى - ياماننى سۈرۈشتۈرمەي، خان جەمەتىدىنلا بولسا ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئىبارەت جان تومۇر مەسىلىگە تېگىش قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق فارابىنىڭ «ئىنساندا تۇغما ئەخلاق بولمايدۇ، ئۇ، تەربىيە، ئەقىل - پاراسەت ۋە شەخسنىڭ تاللىۋېلىش ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ، ئەخلاق - ئاشىقى مۇھەببەت بىلەن شەخسنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق ئۆزگىرىش ياسايدۇ، ئەقىل. ئەقلىي بىلىش ۋە [illegible]، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن پەلسەپىۋىلىك ئەخلاق كۆز قارىشىغا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنى تەستىقلايدۇ

(1678، 1680، 1681، 1682، 1683 - بېيىتلارغا قارالسۇن) ھەمدە «سەئىد» لەرنىڭ مۇھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئەخلاقلىق، ياخشى بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناچارلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىملىقى (4340 - بېيىت) نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سەئىد» لەر تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ غادىيىپ يۈرىدىغان تاماخور، ئاچكۆزلەرنىڭ ئىسلام قانۇنىدا يول قويۇلغان ئىمتىيازدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇشىنى قاتتىق سۆكىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى «خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل - مېلى، شان - شەرىپى، ھۆسن جامالى ۋە دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىيانەتلىك خوتۇننى ئالغىن، ئاللاسىنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىدۇ» ① دېگەن ھەدىسنىڭ روھى شەرھلەنگەن «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا» دىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ، ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ باي خوتۇن، چىرايلىق خوتۇن، ئېسىل نەسەبلىك خوتۇن ۋە تەقۋادار خوتۇن قاتارلىق تۆت خىل خوتۇنغا ئۆيلىنىش ئارزۇسىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئېسىل نەسەبلىك خوتۇنغا ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ نەسەبى ئېسىل خوتۇنغا ئۆيلىنىشتىن مەقسىتى ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋۇنىپ (كىبىرلىنىپ) يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكى (4488 - بېيىت)، بۇنداق مەقسەت بىلەن بۈيۈكلۈككە ئىنتىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆمرىنى خار قىلماسلىق كېرەكلىكى (4495 - بېيىت)، ئۇرۇق نەسلى بۈيۈك سانىلىدىغانلارنىڭ سۆزى چوڭ، تىلى ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنداق خوتۇنلارغا ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ ھەرگىز خوتۇنلىرىنىڭ قولى بولۇپ قالماسلىقى (4495 - بېيىت) نى ئېيتىدۇ. بۇ، بىر تەرەپتىن بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسلام قانۇنىنىڭ نىكاھقا ئائىت مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام قانۇنىدا يول قويۇلغان «سەئىد» لەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۆزلىرىنى ئېسىل نەسەبتىن دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان ئاياللار ۋە شۇنداق ئاياللارغا ئۆيلىنىش ئارقىلىق خوتۇنلىرىنىڭ سايىسىدا ئۆزلىرىنى ئىمتىيازغا ئىگە قىلماقچى بولغان ئەرلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ.

ئۇ يەنە: تائەت - ئىبادەتنى بىلىپ تۇرۇپ قىلسا ئۇنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ؛ بىلمەستىن تۇرۇپ قىلغان ئىبادەتتىن ئۇخلاۋاتقان بىلىملىكنىڭ ساۋابى ئۈستۈن

① مۇستەفا مۇھەممەت ئەمارە: «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 247 - بەت.

بولىدۇ؛ تائەت ـ ئىبادەتلىك كىشىمەن دەپ تولا ماختىنىپ يۈرمەسلىك كېرەك، ئەڭ ياخشىسى ھەققە تائەت قىلىش كېرەك (3223، 3224، 3225، 3255 ـ بېيىتلار) دەيدۇ ۋە دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىغان، رىياكار، ھەسەتخور، نەپسانىيەتچى، ئاچكۆز، تاماخور روھانىيلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. بۇ كۆز قاراش ئەينى زاماندا پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپقىلا خاس بولۇپ، بۇ، قانۇنشۇناس ئالىمنىڭ ئىسلام قانۇنى — «شەرىئەت» نى يېڭىلاشتىكى بىر خىل ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىشى ئىدى.

ئۇ، پادىشاھلارغا زاھاكتەك خەلقنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىماي، پەرىدۇندەك خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش (241-، 242-، 243-، 244 ـ بېيىتلار)، ئالپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ) دەك قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش (286 ـ بېيىت)، نۇشىرۋان ئادىلدەك ئادىل قائىدە ـ نىزاملارنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ ۋە بىر ئالىمنىڭ: نۇشىرۋان گەرچە مۇسۇلمان بولمىغىنى ئۈچۈن دوزاقتا تاشلىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ھەققەت يولىدا كۆرسەتكەن ئادالىتى ئۈچۈنلا دوزاقنىڭ ئازابىغا قالمايدۇ، دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، «ئادالەت» ئۇقۇمىنى مۇسۇلمان رادىكاللىرىنىڭ «گۇناھ»، «ساۋاب» قارىشى دائىرىسىدىن ھالقىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇسۇلمان بولمىغان بىر شاھ شۇنداق قىلالىغان يەردە، ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان، ھەققە بويسۇنغان مۇسۇلمان بەگلىرىنىڭ تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە شاھلاردىن، بەگلەردىن ئادىل بولۇشىنى، زۇلۇمخۇمار بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ، كۈن تۈزىنىڭ يورۇقلۇقىنى ئېرىق ياكى ئېرىقسىز دەپ ئايرىماي جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ چاچقاندەك، پادىشاھ بولغان كىشىمۇ ئۆزىنىڭ شاپائىتىنى ئاھالىلىرىنى ئېرىق ۋە ئېرىقسىز دەپ ئايرىماي بارلىق كىشىلەرگە تەڭ كۆرسىتىشى كېرەك، دەيدۇ (830، 831، 832 ـ بېيىت). ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئېرىق» ۋە «ئېرىقسىز» دېگەنلەر «تازا»، «پاكىزە» ۋە «پاك بولمىغان»، «مەينەت» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ (م. قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 15 ـ، 86 ـ بەتلەرگە قارالسۇن)، زامان نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، «ئېرىق» لار مۇسۇلمان بولغانلارنى، «ئېرىقسىز» لار مۇسۇلمان بولمىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە قارابىغا ئوخشاش ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ كارىمۇنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى ياقلاپ، پادىشاھلارنى

www.uyghurkitap.com



نىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئەل ۋە خەلقىمۇ مۇسۇلمان بولغان ئەل ۋە خەلققە مۇئامىلە قىلىنغىنىغا ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش، دېگەننى شۇ چاغدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئىسلام قانۇنىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەڭرەك، غەيرى مۇسۇلمانلارغا قاتتىقراق تەتبىق قىلىنغان بىر تەرەپلىمە بەلگىلىمىلەرنى، مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى رەت قىلغان يەھۇدى، خىرىستىيان دىنىدىكىلەر ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى بۇددا، شامان ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئەركىن خەلقلەردىن ئېلىنىدىغان نوپۇس بېجى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان بەزى چەكلىمىلىرى، مۇسۇلمان بولمىغان قۇللارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى قۇللۇق ئورنى، ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان باراۋەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇ يەنە داستانىدا، نۇرغۇن ئەللەرنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئىستېلا قىلغان تۇرۇۋقلۇقمۇ يەنە قانائەت تاپماي، زېمىن كېڭەيتىشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشنىلا كۆزلەيدىغان، مال ـ دۇنيا تالىشىپ ئۇرۇشۇپ تۇرمىسا كۆڭلى تىنمايدىغان ئۇرۇشخۇمارلارنى قاتتىق ساتىرا قىلىدۇ (6434ـ ـ بېيىتتىن 6445 ـ بېيىتكىچە) ھەمدە ھوقۇق تالىشىش، باسمىچىلىق، قىرغىنچىلىقلارنى قانۇننى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان جىنايى قىلمىش، دەپ تەرىپلەيدۇ (1737، 1738، 1739 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن).

ئۇ ئادىل قانۇننى ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشىتىپ، تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاسمان يىقىلىپ چۈشىدۇ، دەيدۇ. زۇلۇمنى ئوتقا، قانۇننى سۇغا ئوخشىتىپ، قانۇن بىلەن جاھان تۈزۈلىدۇ، زۇلۇم بىلەن جاھان بۇزۇلىدۇ، سۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، يەنى ئادىل قانۇن زۇلۇمنى يوقىتىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن:

3463: ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464: يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

2032: زۇلۇم ــ ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن ــ سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

2034: ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزلۈر جاھان،
زۇلۇم بىلەن كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

ئۇ، خانلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشى ھەققىدە توختىلىپ، خانلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشى كۈچلۈك بولسا خەلقنىڭمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، خانلارنىڭ ئاجىز بولسا خەلقنىڭمۇ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى، ئالدى بىلەن خان قانۇنغا ئۆزى رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

2111: نىچۈك تۇتسا ئادەت ۋە قانۇننى خان،
بولۇر خەلقمۇ شۇنداق، شۇ ئادەتسىمان.

5201: دېسەڭ بولغۇنۇشلارنى بولسۇن سۈزۈك،
سۈزۈل سەن، كېيىن خەلقمۇ بولغاي تۈزۈك.

5203: بۇزۇلسا خەلق، ئۇنى بۇ بەگلەر تۈزەر،
ئۇنى تۈزەر كىم، بەگ بۇزۇلسا ئەگەر؟

5282: يامان بولسا ئىلىگ جاھاننى بۇزار،
توسۇچى بولمىسا يولدىن ئازار.

4016: قانۇن بىرلە تەرتىپنى بىز تۈزىمىز،
ياراشقايمۇ بۇزساق ئۇنى ئۆزىمىز؟

ئۇلۇغ قانۇنشۇناسىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمى ئەينى زامان فېئوداللىق تۈزۈمى شارائىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزدىمۇ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكە ـ ھە! ئۇنىڭ قىممەتلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ، قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ سۈرەتلىگەن قانۇنى شۇنداق ھەيۋەتلىك ئىكەنكى، ئۇ — ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى، تۈۋرۈك يىقىلىپ چۈشسىلا ئاسمان يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ـ ھە! ئۇنىڭ سۈرەتلىگەن قانۇنى شۇنداق ھەيۋەتلىك ئىكەنكى، ئۇ — ھەدەپ ئۇلغىيىپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا چېچىلغان سۇ، ئۇ ئوتقا چېچىلسىلا ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. بۇنىڭ رولى نېمە دېگەن چوڭ ـ ھە! بۇ ئۇلۇغ قانۇنشۇناسىمىز قانۇننى ھۆكۈمران سىنىپلاردىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان، ئۇنىڭ قانۇنى — جاھاننى بۇزۇۋاتقان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسۇدىغان توسۇچى بولغان. شۇڭلاشقا، ئەينى زاماندىكى

قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمىران قاتلىمى بۇ قانۇننىڭ قۇدرىتىدىن تەپ تارتىپ، سىياسىي جەھەتتە باشقا خاندانلىقلارغا ئوخشاش بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشكە پېتىنالمىغان.

ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئىلغار قانۇن كۆز قاراشلىرى — پۇلى ۋە «يۈزى» بارلار دەۋاسىنى ئاقتۇرىدىغان، پۇلى ۋە «يۈزى» يوقسىلا قىلغان ئەرزى يوللۇق تۇرۇقلۇق دەۋاسىنى ئاقتۇرالماي خورلۇق تارتىدىغان ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ يامان ئىللەتلىرىگە ئۇرۇلغان زەردىلىك قامچا بولۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئىزچىل تۈردە تەربىيە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەرسىمۇ تۈزەلمەي كېلىۋاتقان بەزى ناچار ئىللەتلەر، مەسىلەن قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن ھەققى ناھەق قىلىۋېتىدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇنىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، باشلىقنىڭ سۆزىنى قانۇن ئورنىغا قويىدىغان، باشلىقنىڭ دېگىنى قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، قانۇن ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى لازىم تاپىدىغان ناچار قىلىقلارغىمۇ قىلىنغان قاتتىق تەنقىد. بىز قالغان تەنقىدلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ تەنقىدنى قوبۇل قىلالىساقلا ناھايىتى چوڭ ئىش قىلغان بولىمىز.

ئالىم، پادىشاھلارنى دۇرۇس ۋە راستچىل بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئۇ، تىلى بىلەن دىلى، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولغان كىشىنى ھەقىقىي چىن كىشى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئەل ئىچىدە ئۇيالماي يۈرۈكنى ئالقىنىغا ئېلىپ جامائەتكە كۆرسىتىپ يۈرەلىگەن كىشى دۇرۇس ئىش قىلىدۇ، دەيدۇ (862، 863، 864، 865 ـ بېيىتلار). دېمەك، ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەقىقەتەن «يۈرۈكنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇيالماي خەلققە كۆرسىتەلەيدىغان»، «تىلى بىلەن دىلى، تېشى بىلەن ئىچى بىردەك بولغان»، «چىن ۋە دۇرۇس» ھەقىقەت ئىگىسىدۇر. شۇڭا ئۇ، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن سېزىۋېلىپ، ئەجەللىك مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە تەپەككۇر يۈرگۈزگەن ۋە تىل تەككۈزەلىگەن. شۇڭلاشقا ئۇ، ئەينى زاماندىكى خانلىق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ «خاس ھاجىپ» لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بەزى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار خانلىقىدا نۇشىرۋاندەك تۈزگەن ئادىل قانۇن ـ مىزانلىرى ئۇنىڭدىن ئالاھازەل يەتتە ئەسىر كېيىن ياشىغان ژان. ژاك.

روسسو (1712 — 1778) نىڭ رادىكال دېموكراتىك قانۇن كۆز قاراشلىرى ۋە بەش ئەسىر كېيىن ياشىغان توماس مور (1478 — 1535) نىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمىغا ئوخشاش قۇرۇق خام ـ خىيال بولماستىن، بەلكى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ، بىر مەزگىل چولپان بولۇپ يورىغان.

(2)

تارىخ ئاشنالىرىغا مەلۇمكى، تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن ئارىستوتېل بىلەن فارابىلار دۆلەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئۆزى ياشاۋاتقان مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن، شۇڭا ئۇلار ئارزۇ قىلىشقان «غايىۋى دۆلەت» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، بىر «غايىۋى جەمئىيەت» نىڭ ساماۋى ئوبرازىنى سىخېمىلاشتۇرۇپ چىققان. XVIII ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىدىكى فرانسىيىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋە بۇرژۇئا دېموكراتچىسى روسسو «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ھەققىدە» (1755 ـ يىل)، «ئىجتىمائىي پۇتۇم ھەققىدە» (1762 ـ يىل) قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرىدە كۆپ قېتىم قانۇننى شەرھلەپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە خېلى ئىزدەنگەن، ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى چوقۇم توغرا بىر ياقلىق قىلىش لازىملىقىنى، خەلق چوقۇم قانۇننىڭ ئىجادچىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇشى لازىملىقىنى، قانۇن ئىمتىيازىنىڭ مەلۇم شەخسكە باقىۋەندە بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقنى، قانۇننى بۇيرۇقۋازلىق بىلەن شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، خەلقنىڭ قانۇننى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى جاكالىغان. ئەمما، ئاخىرىدا قانۇن تۈزگۈچى كىشى چوقۇم باشقا دۆلەتتىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن «دانىشمەن كىشى» بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەرغىپ قىلغان. دۇنيادا تۇنجى بولۇپ خىيالىي سوتسىيالىزمغا ئاساس سالغان ئەنگلىيىلىك خىيالىي سوتسىيالىزمچى توماس مور ئۆزىنىڭ 1516 ـ يىلى يازغان «ئۇتوپىيە» دېگەن كىتابىدا، ئۇتوپىيە ئارىلىدا (ئۇتوپىيىنىڭ مەنىسى — يوق جاي، دېگەنلىك بولىدۇ) ھەممە ئاھالىسى باراۋەر بولغان، ئەمەلدارلىرى سايلام بىلەن بارلىققا كەلگەن، جەمئىيەت تىنچ، تەرتىپى ياخشى بولغان، ئۇرۇش، زوراۋانلىق تۈگىگەن، ئوغرى ـ قاراقچىلار يوقالغان، پۇقرالىرى كېچىسى ئىشىك تاقىماي ئۇخلايدىغان، ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ھەركىم ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىدىغان بىر كەلگۈسى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئوبرازىنى

سىزىپ چىققان، ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ بۇ كۆز قاراش ۋە غايىلىرى ئىشقائاشمىغان. ئەمما، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، بىرىنچىدىن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئارىستوتېل، فارابىلاردەك ئارزۇ قىلغان «غايىۋى دۆلەت» ھەققىدە چۈش كۆرمىگەن؛ ئىككىنچىدىن، روسسۇ ۋە توماس مورلاردەك، باشقا ئەلدىن «دانىشمەن كىشى» تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ئادىل قانۇن تۈزۈپ چىقىشنى، شۇنداقلا ئىشقا ئاشمايدىغان «ئۇتوپىيە» لىك خام خىيال دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلمىغان، ئەكسىچە، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ نۆشىرۋان ئادىلى بولۇپ، ئۆزى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان قانۇنشۇناسلىققا خام ماتېرىيال قىلغان، بۇزۇلۇشقا باشلاۋاتقان مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك مىسال ئېلىپ ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ قانۇن پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان، شۇنداقلا بۇ يولدا بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ — ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۇنياۋى خاراكتېرلىك ناھايىتى زور ئىلغارلىق. ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنيا قانۇنشۇناسلىق ئىلمىغا قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ بىرى دېگىنىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

فېئوداليزم شارائىتىدا گەرچە تەڭلىك، باراۋەرلىك دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدىغان ۋە ئىشقا ئاشمايدىغان بىر غايىۋى چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئادىل قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىدىيىسى ئەينى زاماننىڭ رېئال ھاياتىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغان. ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان فېئودال خانلىق — قاراخانىلار خانلىقى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىختا گۈللەپ راۋاجلانغانلىقىنى ئالىمنىڭ «دۆلەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، جەمئىيەتنى شۇ قانۇن - مىزانلار بىلەن باشقۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىز قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئالىم ياشىغان دەۋرى ۋە پۈتكۈل تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قانداقتۇ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ۋۇۋسكىسى ئېسىلغان ئەمما «قانۇن» نىڭ شولىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان «ئۇتوپىيە» لىك جەمئىيەتنىڭ بىر سىماۋى ئوبرازىنى ئەمەس، بەلكى دۆلەت

تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ئېتىراپ قىلىنغان ئادىل قانۇننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يېڭىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىتىلىپ، ئەل ئاسايىشلىق تاپقان بىر غايىۋى مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ جۇلالىق ئوبرازىنى كۆرىمىز. بۇ ئوبراز «قۇتادغۇبىلىك» تە، كۆزىمىزگە بىر تەكشىلىك ئۈستىدە ئەبەدىي ئەمەس، بەلكى ئېگىز - پەسلىك ئۈستىدە ۋاقىتلىق چېلىقىدۇ. ئۇ گاھ پەيدا بولىدۇ، گاھ غايىب بولىدۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى — «ئادىل قانۇن» نامايەن بولۇپ، ئادىل ئىجرا قىلىنغانلىقىدىن جەمئىيەت ۋەزىيىتىدە بولغان ئۆكشىلىش؛ غايىب بولۇشى — «ئادىل قانۇن» بۇرۇختۇم تۇمانلار ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئادىل ئىجرا قىلىنالمىغانلىقىدىن جەمئىيەت ۋەزىيىتىدە بولغان بۇزۇلۇش. ئۇنداق بولسا، شۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆكشالغان ۋە بۇزۇلغان چاغلىرىغا قاراپ باقايلى.

### زاماننىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆكشىلىشى

ئايتولدى (ۋەزىر) نىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ (پادىشاھ) ھوزۇرىغا خىزمەتكە كەلگەن ۋاقتى. بۇ ۋاقىتتا، قانۇن تۈزىلىپ، دۆلەت كۈچىيىپ، كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ، بىر مەزگىل باياشاتلىشىدۇ، خەلق جاپادىن قۇتۇلىدۇ، «قوزى بىلەن بۆرە بىر يەردە بولالايدىغان» ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مالىيە بايلىقى (ئالتۇن، كۈمۈش) ئېشىپ، شەھەر - كەنت بىنا قىلىش ئىشلىرى چىڭ تۇتۇلىدۇ، خەلق پادىشاھقا دۇئا قىلىدۇ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدۇ، پادىشاھنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ داڭقى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىدۇ (1038، 1039، 1040، 1041، 1042، 1043، 1044 - بېيىتلەرگە قارالسۇن).

### زاماننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئايتولدىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى. ئايتولدىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىشى بىلەن، جاھاندا بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئارقىدىنلا ئايتولدى ۋاپات بولىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ بۇ مالىمانچىلىقنى ئوڭشاپ، قانۇننى قايتىدىن نامايەن قىلىپ، دۆلەتنى تۈزەپ، خەلقنى بېيىتىدۇ، ئەمما مەسلىھەتچىسىز (ۋەزىرسىز) قالغاچقا، بەگلىكنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي يەنە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ (1051 - دىن 1547 - بېيىتلارغىچە قارالسۇن).

## زامانىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

كۈنتۇغدى ئىلىگىنىڭ ۋەزىرلىككە ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ئالدۇرۇپ كەلگەن ۋاقتى. ئۆگدۈلمىش ۋەزىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى، قانۇننى ۋە ئادەتلىرىنى تۈزىتىدۇ ۋە يېڭىباشتىن يېڭى قانۇن يولغا قويۇلىدۇ. خان ئوردىسىدىكى ئىشىكلەر تاقىلىپ قېلىپ ئىش توختاپ كېتىشتەك ئەھۋاللار تۈزىتىلىپ، ئىشخانىدىكى كۈندىلىك ئىشلار راۋانلىشىدۇ. دەۋاغا كەلگەنلەرنىڭ ئىشلىرى ساقلاتمايلا پىچاقتەك كېسىلىپ ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ. خان ئۆگدۈلمىشكە ئالىي ھوقۇق (تامغا) مەرتىۋە (ئۇنۋان)، ھەربىي قىسىم (قوشۇن)، قاتناش قورالى (ئات)، جەڭ قورالى (ئوقيا، نەيزە)، ئابروي (تون) قاتارلىقلارنى بېرىدۇ. ئۆگدۈلمىش پۇقرالىرىنى ھۆرمەتلەپ زۇلۇمنى تۈگىتىدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىدىكى يارامسىز قىلىقلارنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئاپپاراتىدا قانۇننى ئۆزى تۈزۈپ ئۆزى بۇزىدىغان ئەھۋال تۈگەپ، قانۇنىنىڭ كۈچى رەسمىي نامايەن بولىدۇ. «يامانلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ياخشىلارغا ئۇۋال بولىدۇ» غان ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، «ياخشىلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، يامانلارغا بازار قالمايدۇ» غان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى يېغىپەرەسلەر تۇرالماي ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ (بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ۋەتىنىنى تاشلاپ قاچقانلارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىش بۇ ماقالىمىزدە تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلە بولمىغاچقا، بۇ، قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىزدىنىشىگە قالدۇرۇلدى)، دۆلەت يەنە بىر مەزگىل ئاۋاتلىشىدۇ، خەلق خۇشاللىققا چۆمىدۇ. باشقا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپ خاننى مۇبارەكلىشىدۇ ۋە شۇ ئارزۇلىرى بىلەن ئۆزلىرىمۇ ياخشى قانۇن تۈزۈشۈپ ئېلان قىلىشىدۇ (1641، 1642، 1643، 1644، 1652، 1653، 1654، 1770، 1771، 1772، 1773، 1774، 1886، 1887، 1888 - بېيىتلارغا قارالسۇن). بۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەرىپىنى تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سېلىش ئارقىلىقمۇ ئوچۇق كۆرەلەيمىز:

خان ئۆز دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ۋەزىرى ئۆگدۈلمىشتىن: كۈنىمىز قانداقراق؟ يۇرتىمىزدا كەمبەغەللەر كۆپمۇ، بايلارمۇ؟ ئەل ئىچىدە قانداق يارامىلىق ۋە يارامسىز ئىشلار بار؟ خەلقنىڭ ھال - كۈنى قانداقراق؟ خەلق ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى سۆكۈۋاتامدۇ ياكى ماختاۋاتامدۇ؟ قۇسۇرىمىز كۆپمۇ، يەزلىمىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ؟ (3097، 3098، 3099، 3100-

بېيىتلارغا قارالسۇن). ئۆگدۈلمىش خانغا خەلقنىڭ رازىلىق ئاۋازىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن: قانۇندىن ئىبارەت بۇ سۈزۈك سۇنى ئوتتىن ئىبارەت زۇلۇمنىڭ ئۈستىگە ئېقىتقانلىقىمىز ئۈچۈن، زۇلۇمدىن ئىبارەت بۇ ئوت ئۆچۈرۈلدى. ئادىل قانۇننى يولغا قويۇشىمىز بىلەنلا جاھان تۈزۈلۈپ كەتتى، ئەمدى دۆلىتىمىزدە ھېچكىممۇ زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغان بولدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ (3102، 3103، 3104، 3105، 3106، 3307، 3108 - بېيىتلارغا قارالسۇن)، يەنە: بەگ غاپىل بولسا ئاپەت ياغاتتى، بەگ يۇمشاق قوللۇق قىلسا زوراۋانلارنىڭ نوخۇلىسى ئۆرلەپ ئەلگە تېگىش قىلاتتى، بەگ ئاچكۆز بولسا خەلقنىڭ باغرىنى تىلىپ، قېنىنى شورايتتى، بۇ ئۈچ نەرسە زۇلۇمنى پەيدا قىلاتتى. بىزنىڭ بەگلىكىمىزدە بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرسىمۇ يوق، شۇڭا خەلقىمىز رازى، كىيىم - كېچەكى پۈتۈن، قورسىقى توق، دەيدۇ (3109، 3110، 3111، 3112، 3113 - بېيىتلارغا قارالسۇن).

### زامانىنىڭ تۆتىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ خانلىقنى ياخشى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋەزىرى ئۆگدۈلمىشنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ھەمرا قىلىپ بېرىش نىيىتىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ پانىي دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تاغدا يالغۇز ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىندىشى ئودغۇرمىشنى ئوردا خىزمىتىگە ئۈچ قېتىم مەكتۇپ يوللاش بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەن ۋاقتى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىباشتىن يەنە بىر گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كېلىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئوڭشىلىدۇ (5624، 5625، 5626، 5627، 5628، - بېيىتلارغا قارالسۇن). بۇ دەۋردىمۇ خەلق بېيىدۇ، زۇلۇم (تاڭۇق) كەلمەسكە كېتىپ، ئىسيان ۋە توپىلاڭلار (بولغانۇق) تۈگەيدۇ (5950، 5951، 5952 - بېيىتلارغا قارالسۇن).

### زامانىنىڭ بەشىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى. بىز داستاننى زوق بىلەن ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرەلمەيمىز. ئەكسىچە، ھەسرەت ئىچىدە قانۇننىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، زامانىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇنىڭغا ئېچىنىپ، زامانىنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن ئاجايىپ شىكايەت قىلغانلىقىـ

نى كۆرىمىز (6489، 6492، 6588، 6593، 6594، 6595 ـ بېيىتلارغا قارالسۇن).

خوش، ئۇنداق بولسا، يۇقىرىدا بىز بىر قانچە قېتىملىق ئوڭشىلىش ۋە بۇزۇلۇش ۋەزىيىتىنى كۆردۇق. ئەگەر بىز مۇشۇ «ئوڭشىلىش» ۋە «بۇزۇلۇش» ۋەزىيىتىنى «يۇسۇپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ داستانىدا تەسۋىرلىگەن غايىۋى جەمئىيەتنى بىر مەۋهۇم غايىۋى دۆلەت ئوبرازى بىلەن سىزىپ چىققان» دېگەن چۈشەنچە بىلەن چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ هالدا بىز مۇنداق «ئوڭشىلىش» بىلەن «بۇزۇلۇش» نى مەۋهۇم جەمئىيەتنىڭ ئوڭشىلىشى ۋە بۇزۇلۇشى دەپ قاراپ، ئالىم يىراقنى كۆرگەن، تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئالىي نىرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن بىر مەۋهۇم جەمئىيەتنىڭ «ئوڭشىلىش» ۋە «بۇزۇلۇش» دەۋرىنى خىيالىي سۈرەتلەپ چىققان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز، ئەگەر يۇقىرىقى چۈشەنچىنىڭ تەتۈرىسىچە چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ هالدا بۇنداق «ئوڭشىلىش» نى شەك ـ شۈبهىسىزكى، رېئال جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت ئوڭشىلىش دەپ، بۇنداق «بۇزۇلۇش» نى مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى رېئال بۇزۇلۇش دەپ قاراپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىش دەۋرىنىڭ ئالىم قەلىمى ئاستىدىكى هەقىقىي چىن خاتىرىسى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

مېنىڭچە، تارىختا 370 نەچچە يىل هۆكۈم سۈرگەن بۇنداق مەشهۇر بىر خاندانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا بۇنداق بىرقانچە قېتىملىق تەكرارلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈشى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش بولۇپ، خۇددى ئالىمنىڭ:

ئۆرلىگەن چۈشەر هەم چۈشكەنلەر چىقار،
:1049 يورىغان ئۆچەر هەم يۈرگەنلەر تىنار.

نە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۆتەر،
:1050 تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار.

دېگەن دانا هۆكۈمىسىگە ئۇيغۇن. ئايتولدىنىڭ تولۇن ئايدەك تولۇپ، هەممە نەرسىسى تولۇق يېتىلگەندە ئالەمدىن يانغانلىق ئەھۋالىغىمۇ، شەرىئەتنىڭ دەسلەپتە ئادىل بولۇپ كېيىن بۇلغانغانلىق ئەھۋالىغىمۇ. قاراخانىلارنىڭ دەسلەپتە يۇقىرى گۈللىنىپ ئاخىرىدا تەدرىجىي زەئىپلىشىپ مۇنقەرز بولغان تارىخىغىمۇ ئۇيغۇن.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى بىلەنلا بۇرۇختۇم تۇمانلار ئارىسىغا كىرىپ

كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئاز كەم 300 يىل كېيىن يەكەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يەنە بىر قېتىم نامايەن بولۇپ، دۆلەت ئاسمىنىدا چولپان بولۇپ يورىدى. گەرچە بۇنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي ئىسپاتلىق ھۆججەت قولىمىزدا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىزچىللىقنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە بىر ماتېرىيال قولىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - خانى سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىغا ئۇقۇمۇشلۇق، جانلىق تىل شەكلى ۋە گۈزەل تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى (بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاتۇشلۇق رىشاتخان دېگەن كىشى 1936 - يىلغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىلى قەشقەردە بولغان ئىسياندا ماخۇسەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان) ۋە ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مازىرىنى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ قايتىدىن ياساتقانلىقىدۇر ①. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» تەدبىرلىرى ۋە شۇ تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىدىن مەلۇمكى، سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرىشىتخانلار گەرچە فېئودال پادىشاھلار بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئاددىي پۇقرا ئورنىدا قويۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭلىك - باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلار تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى ئىشى قىلىپ زالىملارنى يوقىتىپ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇلدۇرغان، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككە قەدەر ھەممىلا جايدا شەرئىي مەھكىمە، قازىخانا، سوراقخانىلارنى تەسىس قىلىپ، قانۇن ئورگانلىرىغا قويۇلىدىغان شەيخۇلئىسلام، قازى قۇززات، قازى مۇپتى، قازى رەئىس، قازى كالانلارنى «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە تەيىنلەپ، قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە يالغۇز دوكلاتقا ئىشىنىپلا قالماي، ئۆزلىرى بىۋاسىتە پۇقراچە ياسىنىپ كۆزەتكەن، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ۋە ئىنتىزامىنى تەكشۈرگەن، مۇستەھكەم تەرتىپ ئورنىتىپ، ھەر قانداق چوڭ - كىچىك ئەمەلدارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى بىلەن كىچىك

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ئىككىنچى كىتاب 1 - قىسىم، 100 - بەتكە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com



كىنە ئىمتىيازىدىن خالىغانچە بەھرىمەنلىنىشىگە چەك قويغان، پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلىشقا ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلىشقا يول قويمىغان. «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىگە كىمكى زىيان سالسا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يۈز خاتىرە قىلماي سۈرۈشتە قىلغان ۋە دەرھال بىر تەرەپ قىلغان. قىسقىسى، بۇ دەۋردە ئادالەت، ھەققانىيەت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەن.

سۇلتان ئابدۇرىشىتخان تەرجىمە قىلدۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ چاغاتاي تىلىدىكى نۇسخىسى بىزگە تارىخىي قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ « قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش ئىدىيىسىنى ئۆز دەۋرىگە تەتبىق قىلىپ، تارىختا فېئودال پادىشاھلار ئىچىدىكى ئەبەدىلئەبەد نامى ئۆچمەيدىغان، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان بىر ئادىل سۇلتان بولۇپ قالغانلىقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ، مېنىڭچە بولغاندا، ئېلىمىز ئۇيغۇرقانۇنشۇناسلىقىدىكى تارىخ بېتىگە يېزىلىشقا تېگىشلىك بولغان تارىخىي تۆھپە ۋە ئىزچىللىقتۇر. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەزمىي يەشمىسى بويىچە نەشىردىن چىقىشى ۋە بۇ ھەقتە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئەنە شۇ تارىخىي ئىزچىللىقنىڭ داۋامىدۇر.

---

(18) شۇ كىتاب، 361 ـ بەت.

(19) شۇ كىتاب، 395 ـ، 396 ـ، 397ـ، بەتلەر.

(20) شۇ كىتاب، 850 ـ بەت.

(21) شۇ كىتاب، 876 ـ بەت.

(22) شۇ كىتاب، 85I ـ بەت.

(23) ۋ. ئى. لېنىن: « دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا» ، 365 ـ بەت.

(24) لېنىن: «كادىرلارنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ھەققىدە» ، 836 ـ بەت.

(25) ۋ. ئى. لېنىن: «دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا » 396 ـ ، 396 ـ ، 39 ـ بەتلەر.

(26) « جۇڭگو كوڭچەنداڭىنىڭ تارىخىغا دائىر ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار» 4 ـ قىسىم، 135 ـ بەت.

(27) بېيجىڭ داشۆ نەشىر قىلغان «ئاساسىي قانۇنغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما» 72 ـ 73 ـ توپلام، 192 ـ بەت.

# شىنفۇجۇ* ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات

چيەن بو چۈەن

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە، مىلادى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي رايوندا شىنفۇجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى دېگەن بىر ھاكىمىيەت ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ قانداق ھاكىمىيەت؟ ئۇنىڭ ئورنى قەيەردە؟ بۇ ماقالىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، مۇشۇ ھەقتە يۈزەكى ئىزدەنمەكچىمەن. خاتا جايلىرىغا يولداشلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى ھۆرمەت بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن.

## 1. شىنفۇجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قانداق ھاكىمىيەت؟

ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخنامىلاردا ئەسلىدە خۇيخې دېيىلىپ، كېيىن خۇيگۇ دەپ ئۆزگەرتىلگەن، بۇلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى. مىلادى 744 - يىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى كۆل بىلگە موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان دەپ ئاتاپ، ئۆتكەن تاغ (ھاڭگاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى) دا پايتەخت قۇرۇپ ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلغان. كۆل بىلگە تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا «شەپقەتلىك قاغان» ئۇنۋانىنى بەرگەن. كۆل بىلگە ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى بايانچۇر ۋارىسلىق قىلغان، تارىختا بۇ، گۇربالا قاغان دېيىلىدۇ. بايانچۇر ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆكلۈك - سۈيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىشىغا ياردەم بەرگەن. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شۇ زۇڭنىڭ قىزى مەلىكە نىڭگوغا ئۆيلەنگەن. شۇ زۇڭ ئۇنىڭغا «باتۇر، ھەيۋەتلىك بىلگە قاغان» ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا «جىيەن - تاغىلىق مۇناسىۋەت» ئورنىتىلغان. VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە خۇيخې دېگەن نامى خۇي-

* شىنفۇجۇ — يېڭى قايتۇرۇۋېلىنغان ئوبلاست مەنىسىدە — ت.

www.uyghurkitap.com



گۈ ① دەپ ئۆزگەرتىلگەن. IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دىيانەتلىك قاغانى غەربىي رايونغا ئەسكەر چىقىرىپ تۇبۇت ۋە قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇب قىلغان، ئۇنىڭ ھەربىي سەلتەنەتى پەرغانە دۆلىتى (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقى) ۋە جىنجۇ دەرياسى (سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمى نارىن دەرياسى) گىچە يېتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىغا ئايلانغان. مىلادى 840 - يىلى، ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغان. خاكاسلار (ھازىرقى قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىش بىلەن ئوت قويۇپ گۇمران قىلغان، ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغان. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق قىسمى ھەر تەرەپكە قاچقان، كېيىن غەرب تەرەپتە بىر قانچە تارقاق، كىچىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا:

دەسلەپتە، ئۇيغۇرلار غەربكە قاچقان، ئاھالىسى تارقىلىپ كەتكەچكە، گەنجۇ ئوبلاستىدا خان، غەربىي ئوبلاستتا قاغان، شىنفۇجۇ ئوبلاستىدا قاراخان ۋۇجۇدقا كەلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ ئەۋلادى ②.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گەنجۇ ئوبلاستى ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە، خېشى ئۇيغۇرلىرى گەنجۇ ئوبلاستىنى مەركەز قىلىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي ئوبلاست ھازىرقى شىنجاڭدىكى تۇرپان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە، شەرق تەرەپتە تىيانشان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. خان، قاغان ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدىكى قاغان سۆزىنىڭ ئاھاڭ ۋە مەنەن تەرجىمىسى. شىنفۇجۇ ئوبلاستىدىكى قاراخان كىم؟ بۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەن؟ بۇ ھەقتە تارىختا ئېنىق خاتىرە بولمىغاچقا، بۇنىسى نامەلۇم.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنفۇجۇ (新复州) «新福州» مۇدېيىلگەن، بۇ، ئۇدۇن خانى تۇرغان پايتەخت بولۇپ:

(يۈەنفېڭ يىلنامىسىنىڭ 4 - يىلى، يەنى مىلادى 1081 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، فەرەڭ دۆلىتى تارتۇق ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ چوڭ باشلىقى نىسىدۇ سىمىڭ پەنگە بۇيرۇق بېرىپ: ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبى مەلىكشاھقا، شىمالىي كاسپى دېڭىزغا تۇتىشىدىغانلىقى، بۇنىڭ 40 كۈنلۈك مۇساپە ئىكەنلىكىنى، يەنە شەرقتە خەر-

بى ئۇلۇغ شاش ئېلى ۋە ئۇدۇن خانى تۇرۇۋاتقان شىنفۇ جۇغا، ئاندىن قەدىمكى ئۇدۇنغا، ئاندىن چارقىلىقتا يېتىپ، ئۇدۇن چېگرىسىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان③.

فەرەڭ دۆلىتى كونستانتىنو پولنى پايتەخت قىلغان بىزانتىيىنى كۆرسىتىدۇ، غەربىي شاش ئېلى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان توققۇز جاۋۇپلار قۇرغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ، تارىختا «شاش دۆلىتى» دېيىلىدۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ زېمىنى باشقا سەككىز دۆلەتنىڭكىدىن چوڭراق بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە «ئۇلۇغ شاش ئېلى» دېيىلگەن بولسا كېرەك④. شىنفۇجۇ — ئۇدۇن خانى تۇرغان جاي بولۇپ، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكى ئېنىق.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى پارچە تارىخىي خاتىرىدىن قارىغاندا، كىشىلەردە شۇئان: سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇدۇن دۆلىتىدىكى ئاساسىي ئاھالە ئۇيغۇرمىدى؟ ئۇدۇننىڭ شىنفۇجۇ ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قانداق ھاكىمىيەت؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ.

بەش سۇلالە دەۋرىدىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە، ئۇدۇن ئېلىگە لى جەمەتى خان بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بۇلاردىن ئەڭ ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگىنى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر خانى لى شېڭتيەن — ياغلا قالقالۇ - ئارىيادىۋالى. يېقىنقى زامان ئالىملىرىدىن بىر مۇنچىسى لى شېڭتيەننى ئۇيغۇر دەپ قارايدۇ⑤. ئۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئاساس قىلىدۇ: (1) گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى ئۆزىنى «مۇقەددەس تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىغان. لى شېڭتيەن دېگەن نامدىكى شېڭتيەن «圣天» (مۇقەددەس تەڭرىقۇت ئۇدۇن) خانىنىڭ ئىسمى بولماستىن، ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئۇنۋانىدىكى ئومۇمىي ئاتالغۇ؛ (2) لى شېڭتيەننىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنى دىيانەتكە قايتقان قوشۇننىڭ باسقاق بېگى ساۋيەنلۇغا ياتلىق قىلغان. دۇنخۇاڭ تام سۈرەتلىرى ۋە مەكتۇپلىرىدىكى ئىسىمدا ئۇنى «ساماۋى مەلىكە» دېگەن. تارىخنامىلاردىكى «ساماۋى مەلىكە» ئۇيغۇر مەلىكىلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى؛ (3) جيەنلۇڭ يىلنامىسىنىڭ 2 - يىلى (961 - يىلى)، لى شېڭتيەن سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇدۇننىڭ مانى راھىبى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، لى شېڭتيەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە مانى دىنىنىڭ ئورنى ئۇيغۇرلاردىكىگە ئوخشاش بولغان. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلار ئۇدۇننىڭ ئاساسىي مىللىتى بولۇپ، لى جەمەتى خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇيغۇر ئىكەن.

يەنە شۇنىسىمۇ باركى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا، لى شېڭتيەننى غەربكە كۆچكەن شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن، دەپ قاراپ مۇنداق دېيىلگەن :

ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خانلىقى تەخمىنەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قۇرۇلغان. ئالدىنقى بىرىنچى پاراگراپتا، ئۇيغۇرلار تۇركۇم - تۇركۇملەپ غەربكە كۆچكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئۇدۇندىكى شىنغۇجۇغا كۆچۈپ كەلگەن، دېيىلگەن ئىدى. خوتەن خانى لى شېڭتيەن ئۇيغۇر بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن [1] .

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۇدۇن دۆلىتىدىكى ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇرمىدى؟ لى جەمەتى خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇيغۇرمىدى؟ لى جەمەتى خانلىقىدىكى ئۇدۇن ئېلى شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ؟ مېنىڭ جاۋابىم: ياق، ئۇنداق ئەمەس، زادىلا ئۇنداق ئەمەس.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۇبۇت ۋە ئۇدۇنچە خەت - چەكلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتقا ئاساسەن شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى، ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان لى جەمەتى خانلىقى خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى ۋىسا جەمەتىدىندۇر. دېمەك، لى شېڭتيەن ئۇيغۇر ئەمەس. شىنغۇجۇنىڭ قاراخانى ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خانلىقى ئەمەس.

ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ناتايىن، مانى دىنى لى جەمەتى خانلىقىدىكى ئۇدۇن ئېلىدە تارالغان بولسىمۇ، بۇددا دىنى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ تارالغان. ئۇدۇندا بۇرۇنلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، لى جەمەتى خانلىقىمۇ بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، لى شېڭتيەن ئوردىسىدا، دائىم سۆسۆنە تونلۇق 50 بۇددا راھىبى دەرقەمتۇ تۇراتتى [2] . شۇنىڭ ئۈچۈن، مانى دىنىنىڭ ئۇدۇندا تارقالغانلىقىنى لى شېڭتيەننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە دەلىل - ئىسپات قىلىشقا بولمايدۇ.

لى شېڭتيەن ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە دەپ ئاتىغان. «ئالتۇن بۆلۈملۈك ئوردا» ناملىق ئوردىسى بولغان. «كىيىنىشلىرى جۇڭگونىڭكىگە ئوخشايتتى»، دۇنخۇاڭ تام سۈرەتلىرىدە، لى شېڭتيەن بېشىغا 12 چۇشۇرگىلىك تەلپەك تاجى، ئۈستىگە يېڭى كەڭ ئۇزۇن تون كىيگەن، بېلىگە قاش تېشىدىن ئىشلەنگەن كەمەر باغلىغان، بېشىغا ئۇزۇن خەنجەر ئاسقان، خۇددى جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ ياسىنىشىغا ئوخشايـ

دۇ. لى شىگىتىيەن ئۆزىنى «ئۇلۇغ سۇلالىگە قاراشلىق ئۇلۇغ ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس، دانىشمەن تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىغان. ئەسلىدە ئۇنىڭ نامى «ئۇلۇغ مۇقەددەس، دانىشمەن تەڭرى قاغان» نىڭ قىسقارتىلمىسى. لى شىگىتىيەنىنىڭ ئىچكىرىدىكى مەركىزىي خانلىق پادىشاھلىرىنىڭكىگە ئوخشاش «تۇڭچېڭ» دېگەن يىل نامىسى بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى لى شىگىتىيەنىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ۋىسا خان ئەۋلادى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەمەسلىكى شەكسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇدۇندا ئازمىقداردا ئۇيغۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، XI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە، لى جەمەتى خانلىقى يوقالغىنىغا يۈز يىلغا يېقىنلاشقاندا، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۇدۇننىڭ ئاساسىي مىللىتى يەنىلا ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئۇدۇن خەلقى بولغان. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا مۇنداق دېگەن:

«چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان خوتەن، تۇبۇت خەلقلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق. بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن».

«تۇبۇتلارنىڭ ئايرىم تىلى بار. شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ».

«خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى «I ـ ئېلىپ» نى «ھ ـ H» غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز».

«ئۇدۇن. خوتەن شەھىرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ ئۇدۇن دېيىلىدۇ».

مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ساپ تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر نەچچە ئابزاستا، ئۇ يەنە خوتەنلىكلەرنىڭ تىلى تۈركىي تىلغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلىگەن. دېمەك، ئۇ مۇشۇ دىۋاننى يېزىپ پۈتتۈرگەن ۋاقىتتىمۇ ئۇدۇندىكى ئاساسىي مىللەت يەنىلا ئۇيغۇر ئەمەس، ئۇدۇن بولغان.

«شەرق تەرەپى غەربىي ئۇلۇغ شاش ئېلى ۋە ئۇدۇن خانى تۇرۇۋاتقان شىنفۇجۇغا، ئاندىن كونا ئۇدۇنغا تۇتىشىدۇ» ـــ فەرەڭ ئەلچىسىنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇدۇن دۆلىتى يېڭى ـ كونا ئىككىگە ئايرىلغان. كونا ئۇدۇن دېگەندە قەيەرگە قارىتىلغان؟ شەكسىزكى، بۇ، لى جەمەتى خانلىقىنىڭ ئۇدۇن دۆلىتىگە قارىتىلغان، يېڭى ئۇدۇنچۇ؟ شەكسىزكى، بۇ، كونا ئۇدۇننىڭ يىراق غەربىدىكى شىنفۇجۇ

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان. بۇ ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە زادىلا بولمايدۇ.

لى جەمەتى خانلىقى ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدە قاراخانىلار خانلىقى راۋاج تاپقان. بۇرۇن ئۇيغۇر خانلىقى راسا گۈللەنگەن مەزگىلدە، ئادالەتلىك قاغان بالا ساغۇندا كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزغان. ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بالا ساغۇندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر قوماندان ئۆزىنى بىلگە كۆل قادىرخان دەپ ئاتاپ، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان؛ يەنە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىنچە ئۆزلىرىنى «قاراخان» دەپ ئاتىغاچقا، تارىخشۇناسلار ئۇنى «قاراخانىلار خانلىقى» دەپ ئاتىغان. بىلگە كۆل قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى بازىر ۋە ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاقلار ۋارىسلىق قىلغان. بۇخارانى مەركەز قىلغان سامانى خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوغۇلچاق ئۆزىنىڭ پايتەختىنى بالا ساغۇندىن شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىكى قەشقەرگە يۆتكەپ، ئۇدۇن لى جەمەتى خانلىقى بىلەن قوشنا بولغان. قەشقەر بۇرۇندىلا سولىي دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولغاچقا، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا قاراخانىلار خانلىقىنىمۇ سولىي دۆلىتى دېگەن. ئوغۇلچاق ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئورنىغا نەۋرە ئىنىسى ساتۇق ۋارىسلىق قىلغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ساتۇقنىڭ ئوغلى مۇسا تەختكە چىققاندا، ئىسلام دىنىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان لى شېڭتيەن ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇدۇن دۆلىتىگە قارىتا غازات قىلغان. مۇسا ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ۋارىسلىق قىلغان. ئۇدۇندىكى لى شېڭتيەنمۇ ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ۋېسا سورا ۋارىسلىق قىلغان. ئىككى تەرەپ داۋاملىق جەڭ قىلىشقان. ئۇدۇن ئۆز رەقىبىنى مەغلۇب قىلىپ، ئوبۇل ھەسەننى ئۆلتۈرگەن. بۇ تارىخىي پاكىت سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

(كەيبۇ) نىڭ 4 - يىلى (971 - يىلى)، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ راھىبى جىشاڭ ئۆز خانىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ سۇڭ سۇلالىسىگە زىيارەتكە كەلگەندە، سولىي دۆلىتىنى مەغلۇب قىلىپ بىر پىل غەنىمەت ئالغانلىقى، بۇنى تارتۇق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. سۇڭ خانى يارلىق چۈشۈرۈپ رۇخسەت قىلغان[11].

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىلار خانلىقى قۇدرەت تېپىپ، ئاخىرى لى جەمەتى خانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇدۇننى ئۆزىگە قارىتىۋالغان. ستەيىن غەربنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسەن مۇنداق دېگەن:

گرىنۋودنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، بالقاش كۆلىدىن قەشقەرگىچە بولغان جايلار X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى مەزگىلىدە ساتۇق بۇغرا خاننىڭ ئىلكىدە بولغان. خان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بۇ دىننىڭ كۈچلۈك تەرغىباتچىسى بولغان. پادىشاھ سۇڭ جېنزۇڭنىڭ يىلنامىسى جىڭدىنىڭ 3 - يىلى (1006 - يىلى)، ئۇدۇنمۇ قەشقەر ۋە بالا ساغۇندىكى تۈرك (ئۇيغۇر) خانلىقىنىڭ باشلىقى ئوبۇل ھەسەن ناسىر ئىلىك قاراخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى يۇسۇپ قادىرخانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. يۇسۇپ قادىرخان 40 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇدۇن خانى جاغالۇخالخالۇ گەرچە تىبەت (تۇبۇت)، ئۇيغۇر (سېرىق ئۇيغۇر يەنى كۇسەن ئۇيغۇرلىرى) لارنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشى بىلەن 24 يىل سوقۇشقان بولسىمۇ، XI ئەسىرگە كەلگەندە، جاغالۇ خالخالۇ مەغلۇب بولۇپ جەڭدە ئۆلگەن. يۇسۇپ قادىرخان ئۇدۇن خانى بولغان ⑪.

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. غەرب قىسمىنىڭ پايتەختى بالا ساغۇن، شەرق قىسمىنىڭ پايتەختى قەشقەر (سۇلې) بولۇپ، شەرق قىسمى غەرب قىسمىنىڭ قارىمىقىدا بولغان. مىلادى 998 — 1017 - يىللىرى، غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ چوڭ خانى (غەربىي قىسمىنىڭ) ئەھمەت ئىبنى ئەلى يەنى يۇقىرىدىكى نەقىلدە ئېيتىلغان ئوبۇل ھەسەن ناسىر ئىلىك قاراخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى يۇسۇپ ئىبنى ھەسەن (يەنى يۇسۇپ قادىر خان) بولسا قەشقەردە شەرق قىسمىنىڭ خانى ئىدى. ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ۋىسا سامگىراما ئىدى. غەرب تارىخنامىلىرىدا بۇنىڭ ئىسمى جاغالۇ خالخالۇ دېيىلگەن. خەنزۇچە تارىخنامىلاردا بۇ نام ئۇچرىمايدۇ، بۇنىڭ تەختتىكى ۋاقتى مىلادى 983 - يىلىدىن 1006 - يىلىغىچە ئىدى. يۇسۇپ قادىرخان ئۇدۇننى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇتقان.

لى جەمەتى خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىسمەن ئاھالىسى ئۇدۇندا قېلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇدۇنلار دەپ ئاتىغان (بۇ يەردە ئېيتىلغان ئۇدۇن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇدۇنغا يېقىن كېلىدۇ). يەنە بىر قىسمى شەرققە قېچىپ چىڭخەيگە بېرىپ تۇبۇتلارغا ئەل بولغان. لى جۈ «ئون ئەۋلاد خان جەمەتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايان» دا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭخەينى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى خاتىرىلەنگەندە مۇنداق دېگەن:

(سۆڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى) ۋاڭ خۇ شەنجۇ ئوبلاستىغا بارغاندا، قورچاق كۆسەن مەلىكىسى چىگىي جىبلاۋ ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى لى ئاۋۇنلار ئۇيغۇر ۋە ئۇدۇن ئاھالىسىنى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىقىپ تەسلىم بولغان [12].

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرىنىڭ داۋامى» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى داۋامىدىن پارچىلار» دېگەن كىتابلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن مۇشۇ تارىخىي پاكىتنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. لى ئاۋۇن باشچىلىقىدىكى ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ شەنجۇ ئوبلاستىدا تۇرغانلىقى (چىگىخەيدىكى شىنجىڭغا يېقىن)، شەرققە قاچقان ئۇدۇن لى جەمەتى خانلىقىنىڭ قالدۇق ئاھالىسى بولماي، باشقا كىملەر بولاتتى؟

شەرققە بېرىپ چىگىخەيدىكى تۇبۇتلارغا ئەل بولغان لى جەمەتى خانلىقىنىڭ ئاھالىسى — ئۇدۇنلاردىن تۇبۇتلار ھۆكۈمرانى بولغانلىرىمۇ بار. ئالىگۇ بۇنىڭ بىر مىسالى:

ئالىگۇ، ئەسلى ئۇدۇنلاردىن بولۇپ، كىچىكىدە ئۇنىڭ ئانىسى دۇگجيەنگە مالاي بولغان. شۇڭا دۇگجيەن ئۇنى بالا قىلىپ باققان ...... دۇگجيەن كېسەل بولۇپ سەكرات ئۈستىدە قەبىلە باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ چىگتاگىغا بېرىپ: «مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار ئىدى، ئۆلۈپ كەتكەن. ئالىگۇنى ئانىسى ماڭا بەرگەن، مەن ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرەتتىم، ھازىر ئاھالىنى شۇنىڭغا تاپشۇرسام قانداق بولىدۇ؟ دېگەندە، قەبىلە باشلىقلىرى ماقۇل بولغان [13].

ئۇدۇنلاردىن بولغان ئالىگۇنىڭ چىگىخەيدىكى تۇبۇتلارغا باشلىق بولغانلىقىدىن ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ چىگىخەيدىكى تۇبۇتلار ئىچىدىكى ئەھۋالى ياخشى، ئورنى يۇقىرى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇبۇتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئۇدۇن دۆلىتى مۇنقەرز بولغان، لى جەمەتى خانلىقىنىڭ قالدۇق ئاھالىسى شەرقتىكى چىگىخەيگە قېچىپ كەتكەن، بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنكى سۆڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە نېمە ئۈچۈن ئۇدۇن دۆلىتىگە ئائىت خاتىرىلەر يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئۇچرايدۇ؟ ئەسلىدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇدۇن دۆلىتى لى جەمەتى خانلىقىدىكى كونا ئۇدۇنغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى يېڭى ئۇدۇنغا، يەنى شىنجۇجۇدىكى ئۇدۇن ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە قارىتىلغان؛ تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، يېڭى ئۇدۇن ھەقىقىي ئۇدۇن ئەمەس، ئۇ قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونى. بۇنىڭ ئاساسلىرى:

(1) شىنغۇجۇ ئۇدۇنىدىكى ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇر بولۇپ، تارىختا «شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېيىلگەن. ئۇنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ھەممىسى ئۇيغۇرچە ئىسىم ۋە ئۇيغۇرچە مەنسەپ نامىنى قوللانغان (تارىخىي پاكىتنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ئابزاسلاردىن كۆرۈڭ).

(2) شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇدۇن خانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ «قاراخان» دېگەن ھۆرمەت ئۇنۋانى بار. قاراخان دېگەندىكى «قارا» سۆزى «ئالىي»، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى شىمالدىن بولۇپ، «قارا»نى قەدىرلەيدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر خانلىرى «قارا»نى ھۆرمەت ئۇنۋانى قىلغان. يېڭى ئۇدۇن خانلىرىنىڭ ھەممىسى قاراخان دەپ ئاتالغانلىقىدىن ئالغاندا، شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇننىڭ قارا خانلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

(3) ئۇنىڭ دۆلىتى كونا ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) دا ئەمەس، ئۇدۇننىڭ غەربىدە ئىدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا يېزىلغان فەرەڭ ئەلچىسى بېسىپ ئۆتكەن يولدىكى بىر قانچە نۇقتىدىن قارىغاندا، شىنغۇجۇ بىلەن كونا ئۇدۇننىڭ ئارىلىقى بىر قانچە ئون چاقىرىم ئەمەس، بەلكى بىر قانچە يۈز چاقىرىم، ھەتتا مىڭ چاقىرىمچە كېلىدۇ. قارا خانلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بىر مەزگىل سۇلې (قەشقەر) گە كۆچۈرۈلگەن، سۇڭ سۇلالىسى بىر مەزگىل قاراخانلار خانلىقىنى سۇلې دۆلىتى دېگەن. كېيىن، لى شىگتىيەننىڭ ئوغلى ۋىسا سورا قاراخانلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىنىڭ ھۆكۈمرانىنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇلېنى ئىشغال قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ساقلاپ قالالمىغان، سۇلېنى قولدىن بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قاراخانلار خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاراخانلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقاندا، سۇلې دۆلىتىمۇ دېيىلمىگەن، قارا خانلار خانلىقى دەپمۇ ئاتىلمىغان، بەلكى ئۆزگەرتىپ شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن دەپ ئاتىلغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تامامەن «ئۇدۇن قارا خانى» دەپ ئاتالغان. شىنغۇجۇ قەيەردە؟ ئۇ غەربتە كونا ئۇدۇن پايتەختىدىن يىراقتا، ئۇلۇغ شاش ئېلى بىلەن كونا ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىكەن، شەكسىزكى، سۇلې بولۇشى كېرەك. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دېگەن:

«ئوردۇ. ئوردا، خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ، خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ»[14].

www.uyghurkitap.com



قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم كىچىك خانى يۇسۇپ قادىرخان مۇشۇ قەشقەر (سۇلې) دە تۇرغان. XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، قاراخانىلار خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونى جۇڭگو تارىخىغا ئۇدۇن قارا خانىنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان، پايتەختى باشتىن - ئاياق قەشقەر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنفۇجۇ دەل سۇلې (قەشقەر) نىڭ ئۆزى. سۇلې نېمە ئۈچۈن شىنفۇجۇ دېيىلگەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئېھتىمال ئۇ، ئۇدۇن لى جەمەتى خانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ۋەيران قىلىنغان، كېيىن قارا خانلار خانلىقى ئۇنى قايتۇرۇۋالغان، يېڭى شەھەر ياسىغان بولغاچقا، «شىنفۇجۇ» (يېڭى قايتۇرۇۋېلىنغان ئوبلاست — ت) دەپ ئاتالغان. بۇ چوقۇم خەنزۇچە مەنەن تەرجىمە قىلىنغان شەھەر نامى. كېيىنكى ۋاقىتتا، شىنفۇجۇ 新复州 دېگەندىكى 复 خېتى خاتا ھالدا 福 غا ئۆزگەرتىلىپ، 新福州 (يېڭى بەخت ئوبلاستى) قىلىۋېلىنغان.

(4) يېڭى ئۇدۇن بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلگەن تاۋار خىللىرى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەرگىز دائىرىسى كىچىك، نوپۇسى ئاز، ئىقتىسادىي كۈچى چەكلىك بولغان كونا ئۇدۇن ئەمەس، بەلكى دائىرىسى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، ماددىي بايلىقى مول، ئىقتىسادىي كۈچى جىق بولغان قارا خانلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونى (بۇ تارىخىي پاكىتنىمۇ تۆۋەندىكى ئابزاسلاردىن كۆرۈڭ).

## 2. شىنفۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ۋە ئەتراپ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

يۇسۇپ قادىرخان لى جەمەتى خانلىقىنى يوقاتقان ۋە كونا ئۇدۇن دۆلىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئەلچى ماڭدۇرۇپ سۇڭ سۇلالىسىغا تارتۇق ئەۋەتكەن:

سۇڭ سۇلالىسى داجۇڭنىڭ يىلنامىسى شىياڭفۇنىڭ 2 - يىلى (1009 - يىلى)، ئۇدۇننىڭ قارا خانى ئۇيغۇر لوسۇۋىن قاتارلىق كىشىلەرنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن. لوسۇۋىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۇڭ سۇلالىسى خانىغا: «پېقىر ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ زىيارەتكە كەلدىم، پادىشاھ ئالىلىرىنى كۆردۈم، ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن، يىراقتىكىلەرگە ئىگىدارلىق قىلغايلا» دېگەن. خان ئۇنىڭدىن قانچە ۋاقىت يول يۈردۈڭلار؟ بۇ يەرگە قانچە

چاقىرىم كېلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، لوسۇن: «بىر يىل ماڭدۇق، كۈندۈزى يول يۈرۈپ كېچىسى دەم ئالغاچقا، قانچە چاقىرىملىقنى بىلەلمىدۇق. بۇرۇن يوللاردا بۇلاڭچىلار بولغان بولسىمۇ، ئەندىلىكتە گۇاجۇ، شياجۇ ئوبلاستلىرىدىن ئۇدۇنغا بارغىچە يوللار راۋان ئىكەن، ئادەملەر كۆپ قاتناۋېتىپتۇ. ئېلىمىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ ھال - ئەھۋال سوراپ تۇرسىلا» دېگەن. خان: «يوللار يىراق، ئەلچى ئەۋەتكەندە، دۆلىتىڭىزگە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، ئۆز نامىمدىن خەت يازدىم، بۇنى ئېلىپ بارسىڭىز، ئەلچى ئەۋەتكەنگە ئوخشاش بولىدۇ» دېگەن[10].

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خان — قاراخان. لوسۇن دېگىنىمىز ياغلاقارسانغۇن. ئۇنىڭ فامىلىسى خەنزۇ ئادىتى بويىچە، تاق خەتلىك قىلىپ تەرجىمە قىلىنغاندا، يىنىڭ ئاھاڭىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇرغۇلۇق ئاھاڭىنى قالدۇرساق «لو» بولىدۇ. لى جەمەتى خانلىقى ئەلچى ئەۋەتكەندە كۆپىنچە خەنزۇنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ مەنسەپ ئۇنۋانى سۇڭ سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى؛ لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇدۇننىڭ قارا خانى ئەلچى ئەۋەتكەندە، ئىلگىرىكىنىڭ ئەكسىچە بولغان. ئەلچىسى ئۇيغۇر، مەنسەپ ئۇنۋانى ئۇيغۇرچە ئۇنۋان بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىش بەكمۇ روشەن، كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. لوسۇننىڭ سۇڭ سۇلالىسى خانىغا قويغان «ئىگىدارلىق قىلغايلا»، «ھال - ئەھۋال سوراپ تۇرسىلا» دېگەن تەلىپى ۋە سۇڭ جېنزۇڭنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن قارىغاندا، ئىككى تەرەپ پۈتۈنلەي يېڭىدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىۋاتقان ھالەتتە بولغان. سۆزلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇزۇندىن بېرىش - كېلىش قىلىشىپ، قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشقان سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن لى جەمەتى خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋالغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. دېمەك، بۇ قېتىمقى ئەلچىنى يۈسۈپ قادىرخان ئەۋەتكەن، بۇلارنىڭ يولغا چىققان ۋاقتى مىلادى 1008 - يىلى، يەنى لى جەمەتى خانلىقى مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىنكى 2 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە، شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن دۆلىتى زور كۆلەملىك بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن، ئۇلار نۇرغۇن مال، نەرسە - كېرەك ئېلىپ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى پيەنجىڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرى) گە بارغان:

تيەنشېڭنىڭ 3 - يىلى (1025 - يىلى) 12 - ئايدا، ئەلچىلو مەنيۇدو، مۇئاۋىن ئەلچى جىنگىبەن، تەپتىش ئەندۇ، نازارەتچى جاۋدولار سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتىلىپ، قاشتېشى ئىگەر، ئاق قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن كەمەر، كىمخاب، بىر لوكىلىق تۆگە،

مەستىكى رۇمى، نۇشۇدۇر تارتۇق قىلىنغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى بۇ ماللارغا قىممىتى بويىچە پۇل قايتۇرۇش، ئۇلارنى غەربىي مېھمانخانىدا ياخشى كۈتۈش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن. يەنە بىر يۇرۇش سىرپاي، ئالتۇن كەمەر، يۈز سەر كۈمۈش قاچا، ئىككى يۈز پارە كىيىم، لومەنيۈدو غا ئالتۇن كەمەر ئىنئام قىلغان⑰.

XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قارا خانىلار خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى زور قىسىمغا رەسمىي بۆلۈنگەن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ، پات - پاتلا زېمىن تالىشىپ جەڭ قىلىشقان. قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونىنىڭ غەربكە قاتنايدىغان سودا يولى غەربىي خانلىق تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغاچقا، پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرققە بۇرۇلۇشقا توغرا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن، سودا - سېتىق پەيدىنپەي گۈللەنگەن. بۇ مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياخشى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، قاراخان سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى بىلەن تەۋە دۆلەتلىك سالاپەتتە مۇئامىلە قىلىشنى ئىختىيار قىلغان:

جيايۇنىڭ 8 - يىلى (1063 - يىلى) 8 - ئايدا، ئۇدۇن خانى لوساۋىننى ئەلچى قىلىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تەقدىم قىلغان. 11 - ئايدا، ئۇنىڭ خانىغا «سادىق، ئىتائەتمەن ئالتۇن قاناتلىق قاراخان» ئۇنۋانىنى بەرگەن. لوساۋىن: «خانىمىزمۇ مۇشۇ ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى، دېگەن. لوساۋىن قاتارلىقلار تەقدىم قىلىنغان نەرسىلەر بەدىلىگە بېرىلگەن پۇل ئاز بولۇپ قالغاچقا ئالمىغان ۋە بىر لوكلىق تۆگىنى تەلەپ قىلغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى يارلىق چۈشۈرۈپ بۇلارنى يىراقتىن كەلگەنلەر دەپ ئالاھىدە بەش مىڭ تىزىق ياماق ئىنئام قىلغان. تۆگىنى قايتۇرۇپ بەرگەن. تەقدىم قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىمۇ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپلەپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تەقدىم قىلىنغان⑱.

بۇ يەردە ئېيتىلغان لوساۋىن دېگەن نامدىكى ساۋىن ئۇيغۇر تىلىدىكى سانغۇن سۆزىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى. بۇ لوساۋىن بىلەن ئۇنىڭدىن 50 نەچچە يىل بۇرۇن تارتۇق ئېلىپ بارغان لوسۇۋىننىڭ فامىلىسى ۋە ۋەزىپىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سۇڭ سۇلالىسى خانىنىڭ شىنفۇجۇ قاراخانغا «سادىق، ئىتائەتمەن» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەنلىكىدىن قارىغاندا، قاراخانىدا سۇڭ سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ ئىتائەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى بولغانلىقى چوقۇم. تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرى بەزىدە «بۇركۈت»

نى ئۆزىگە چىرايلىق نام قىلىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «توغرۇل»، «ئالتۇن قاناتلىق قۇش» دېگەنلەر «بۈركۈت» نىڭ چىرايلىق ئاتىلىشى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا: «خېلىسىن» ئۇدۇنچە «ئالتۇن قاناتلىق قۇش» مەنىسىدە، دېيىلگەن. لېكىن مەن ئۇنى تۈبۈتچە ياكى سانسكرىتچە سۆزمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى لوساۋنىغا بەش مىڭ تىزىق ياماق بەرگەن، بۇ ئاز پۇل ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەلنىڭ، ئارغىماق ئېتىنىڭ قىممىتى ئون تېزىق ياماق بولۇپ، شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا (تۆۋەندىكى نەقىلگە قاراڭ)، بۇ پۇلغا بەش يۈز ئارغىماق كېلىدۇ. ئىنئام قىلىنغان باشقا نەرسىلەر ۋە تارتۇق قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى دېمەي تۇرايلى، شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن ئەلچىسى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقە ۋە تاۋار سودىسىدىكى پايدىسىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدىكى پاكىتتىن كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ داۋاملىق ئۈزۈلمەي كەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس:

شۇنىڭدىن بۇيان (1068 —1077)، ئۇزاقتاراق كەلگىنى بىر - ئىككى يىلدا بىر كەلسە، يېقىنى بىر يىلدا ئىككى قېتىم كەلگەن. قاشتېشى، مارجان، يېشىل تاش، پىل چىشى، مەستىكى رۇمى، قۇستە، قەھرىۋا، گۈللۈك پاختا رەخ، نۆشۈدۈر، شاھانە تۈز، غەرب كىمخابى، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ئىگەر - جابدۇق، ئات، ئىسپار، زەمچە، سىماپ، ئارشاك تارتۇق قىلغان. ئۇلار نەرسە - كېرەك ئەكەلگەن بولسىمۇ، قولىدا تونۇشتۇرۇش خېتى يوق. ھەر قېتىم كەلگەنلەرگە كەتشىلىك سىرتىپاي، ئالتۇن كەمەر، قاچا - قۇچا، ياماق پۇل؛ ۋەزىرلەرگە زەر كىمخابلىق تون ئىنئام قىلىندى. ئۇلارنىڭ جايىدىن مەستىكى رۇمى چىقىدىكەن، ھەر كەلگەندە كۆپلەپ ئالغاچ كېلىپ، شەخسىي تىجارەتچىلەر بىلەن سودىلىشىپ كۆپ پايدا ئالغان. شەخسىلەرگە ساتالمىسا، ئوبدان باھادا دۆلەت ئورۇنلىرىغا سېتىپ بەرگەن. شۇڭا ئۇلار بارغانچە كۆپ كېلىۋاتىدۇ [19].

«نەرسە-كېرەك ئەكەلگەن»، «قولىدا تونۇشتۇرۇش خېتى يوق» دېگەن سۆزگە قارىغاندا، بۇ ئادەملەر دۆلەت ئەلچىسى ئەمەس، ئىختىيارىي بېرىپ - كېلىۋاتقان شەخسىي سودىگەرلەر ئىكەن؛ لېكىن سۇڭ سۇلالىسى شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن ئۇيغۇرلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى دۆلەت ئەلچىسى دەپ قاراپ، ئىنئاملار بەرگەن ۋە مالىنىڭ باھاسى جەھەتتە ئېتىبار بەرگەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بېسىلىپ قالغان كاسات ماللىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان. شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىنىڭ تىزىملىدىن قارىغاندا، بەزىلىرى ئۆز ئېلىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى، مەسىلەن، قاشتېشى، يېشىل تاش، ئات، گۈللۈك پاختا رەخ قاتارلىقلار؛ بەزىلىرى ئېلىپ ساتىدىغان تاۋارلار، مەسىلەن، مەستىكى رۇمى، قۇستە، پىل چىشى، مارجان قاتارلىقلار («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى ئۇدۇندىن «مەستىكى رۇمى چىقىدۇ» دېگەن سۆز ياۋا - ياتاڭ گەپلەرگە ئىشەنگەنلىكتىن بولغان.

ئېھتىمال، مۇشۇ بىر قانچە يىل جەريانىدا، شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇننىڭ ئالتۇن قاناتلىق قاراخانى ئىنانچ باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتىپ، سۇڭ سۇلالىسىغا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تارتۇق قىلغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ئۇنىڭغا جاۋابەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خەت يازغان. ئۇنىڭ بۇخېتى «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ يارلىقلىرى توپلىمى» دا تولۇق ساقلانغان:

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئالتۇن قاناتلىق قاراخانى تارتۇق ئەۋەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلگەن يارلىق.

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئالتۇن قاناتلىق قاراخانىغا: ئەۋەتكەن ئادىمىڭىز بىلەن كۆرۈشتۈم، بىر ئات، 50 جىڭ ئالتۇن، قاشتېشىدا ئىشلەنگەن بىر يۈرۈش ئېگەر - جابدۇق، 18 پارچە يەرلىك كىمخاب تارتۇق قىلغان ئىكەنسىز، ۋاقىپ بولدۇم. ئۆزىڭىز يىراق رايوندا بولسىڭىزمۇ بىزنى ياد ئېتىپسىز، خەت ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ سەمىمىيىتىڭىزنى بىلدۈرۈپسىز. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تەقدىم قىلىپسىز. تىلماچنىڭ يەتكۈزگەن سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئېلىڭىزگە ئەلچى ئەۋەتىشنى ئارزۇ قىلىپسىز، كېيىن يول ئېچىلغاندا ئەلچىمۇ ئەۋەتىمەن؛ سىزنىڭ قەلبىڭىزنى چۈشىنىپ، چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ئەۋەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىككى يۈز تىزىق ياماق، بىر ئاتقا 10 تىزىق ياماق بەردىم. بۇ پۇلغا ھېساب تاۋار - دۇردۇن بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا سىزگە يەنە كىيىم - كېچەك، ئالتۇن كەمەر، كۈمۈش قاچا قاتارلىق نەرسىلەر ئەۋەتتىم، بۇنىڭ ئايرىم تىزىمى بار، بۇلارنى ئەۋەتكەن ئادەملىرىڭىزنىڭ باشلىقى ئىنانچقا تاپشۇردۇم. بۇلار قايتىپ بارغاندا تاپشۇرۇپ ئالارسىز. ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ۋاقىپلاندىم، تەلىپىڭىز بويىچە، يول ئېچىلغاندا ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ بۇ خەتنى يازدىم، ۋاقىپ بولغايسىز. ياز پەسلى، ھاۋا ئىسسىق، سۆزۈمنى قىسقارتىپ، سىزگە ئامانلىق تىلەيمەن [20].

ئىنانچ . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ئادەم ئىسمىنىڭ مەنىسى «ئىشەنچ»، «ئىشەنچلىك» ئىكەنلىكى ساقلانغان. بۇنىڭدىن ئىنانچنىڭمۇ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى

بىلگىلى بولىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ قىسىم، 609 ـ بەتكە قارالسۇن).

شىنغۇجۇ ئۇدۇننىڭ شەخسىي سودىگەرلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا ئاپارغان تاۋار بەك كۆپ، دۆلەت ئەلچىلىرى ئاپارغان مالنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتەرلىك دەرىجىدە تېخىمۇ كۆپ:

شىنزۇڭنىڭ 5 ـ يىلى (1072 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مېھمان كۈتۈش ئەمەلدارى: «ئۇدۇن دۆلىتىدىن تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچى ئارسلان سانغۇن قاتارلىقلارنىڭ 31 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق مەستىكى رۇمى بار ئىكەن، بۇنىڭ پۇلى 44 مىڭ تىزىقتىن ئارتۇق ياماق بولىدىكەن، بۇلار باھاسىدىن ئۈچ مىڭ تىزىق ياماق كېمەيتىپ ھۆكۈمەت ئىسكىلاتىغا سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەندە، شۇ بويىچە بولسۇن دېيىلدى.» ㉑

پۇراقلىق دورا ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدىن بولغان مەستىكى رۇمىدىن بىر ئادەم بىر نۆۋەتتە سۇڭ سۇلالىسىغا 30 نەچچە مىڭ جىڭ ئاپارغان، بۇنىڭ قىممىتى 40 مىڭ تىزىق ياماقتىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ سان ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بۇ سانغۇننىڭ ئىسمى «ئارسلان» (يەنى شىر) ئىكەن، بۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا ئاپارغان مەستىكى رۇمى كۆپ بولۇپ كەتكەن. «سۇڭ سۇلالىسى توغرىسىدا مۇھىم بايانلار توپلىمى. يېمەكلىك ماللار» دېگەن بابىدىكى سۆزلەردىن قارىغاندا، خەلق ئېھتىياجىدىن بەك ـ بەك ئېشىپ كېتىش بىلەنلا قالماي، ھۆكۈمەت ئىسكىلاتىدىمۇ توشۇپ كەتكەن. لېكىن يېڭى ماللار ئايمىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرغان. شۇڭلاشقا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان:

يۈەنفېڭنىڭ باشلىرىدا (1078 ـ يىلى)، دەسلەپكى يارلىق، ھەدىيە جەدۋىلى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات، ئات، ئېشەكلەر ئوردىغا ئەۋەتىلسۇن؛ مەستىكى رۇمى لازىم ئەمەس، تارتۇق قىلىشقا يول قويۇلمىسۇن ㉒.

شىنغۇجۇ ئۇدۇن ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنىڭ مەستىكى رۇمى جەھەتتە تارتقان زىيىنىنى تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ يىلى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ئۇلارنىڭ ئىچكى رايونلاردىن باجسىز چاي سېتىۋېلىشىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلغان:

يۈەنفېڭنىڭ ئۈنجى يىلى (1078 ـ) 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، يارلىق، چايچىلىق مەيدانىغا: ئۇدۇندىن تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچى چاي ئالسا، بېجى كېچۈرۈم قىلىنىپ، يىللىق تاپشۇرۇلىدىغان پۇلدىن چىقىرىۋېتىلسۇن ㉓.

www.uyghurkitap.com



يۈەنفېڭ يىللىرى (1078 — 1085 - يىللىرى)، شىنفۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سىياسىي بېرىش - كېلىشى ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مەزگىل بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەلچىسى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرغان، شەخسىي سودىگەرلەر تېخىمۇ ھېسابسىز بولۇپ كەتكەن. يۈەنفېڭنىڭ 4 - يىلىنى مىسالغا ئالغاندا:

4 - يىلى (1081 - يىلى)، قوشۇن باشلىقى ئاشىن مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىلگەن. مەكتۇپتا ئۇدۇن خانى ئۆزىنى «شايى ئەتلەسلىرى مول، بەختلىك، قۇدرەتلىك، بىلىملىك ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قارا خانى» دەپ ئاتىغان. سۇڭ خانىنى بولسا، «شەرقتە كۈن چىقىدىغان جايدىكى ئۇلۇغ دۇنيانىڭ ئىگىسى خەن جەمەتىدىكى تاغىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىدارە قىلغۇچىسى» دەپ ئاتىغان. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلىغاندا: «يول يىراق بولسىمۇ قەلبىمىز سىزگە ئىنتىلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۈچ نۆۋەت تارتۇق قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن، قايتىپ كەلمىدى» دېيىلگەن. نۇرغۇن سۆز تەكرارلانغان. دۇگجەن ئەلچىلەرنى شىخىغا باشلاپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ خەۋەر تېپىلغان ئىدى. خانىنىڭ بۇ ھەقتىكى يارلىقىدا: بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئۈچ قېتىملىق ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكەن، ئىنئام بېرىپ قايتۇرغان. پىكرىمنى بىلدۈرۈپ خەت يېزىپ بەرگەن» دېيىلگەن. پادىشاھ شىگزۇڭ ئۇنىڭ ئەلچىلىرىدىن: سىلەر بۇ يەرگە قانچىلىك ۋاقىتتا كەلدىڭلار؟ قايسى دۆلەتلەردىن ئۆتتۈڭلار؟ بولاڭ - تالاڭ ئەھۋاللىرى كۆرۈلدىمۇ، دەپ سورىغان. ئۇلار تۆت يىلدا كەلدۇق، بۇنىڭ نىسپى يول ئۈستىدە تۇرۇپ قېلىش بىلەن ئۆتتى، سېرىق باش ئۇيغۇرلار زېمىنى ۋە چىڭتاڭنى بېسىپ ئۆتتۇق. پەقەت قىتانلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن ئەنسىرىدۇق، دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇڭا، خان ئەلچىلەرگە ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن خەن دۆلىتى ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە سىزدۇرۇپ، خەت بىلەن لى شەنگە ئەۋەتكەن ㉔.

دۇگجيەن — چىڭخەيدىكى تۇبۇتلارنىڭ باشلىقى. چىڭتاڭ شەھىرى ھازىرقى چىڭخەيدىكى شىنىڭ شەھىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، تۇبۇت دۇگجيەنىنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى. سېرىق باش ئۇيغۇر — سېرىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى چەرچەننىڭ شەرقىدىن چىڭخەيدىكى سەيدام ئويمانلىقىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان. قىتان — لياۋ دۆلىتى. شىنفۇجۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇدۇن ئەلچىلىرى شەرقتە سېرىق ئۇيغۇر ۋە تۇبۇتلار رايونىدىن ئۆتۈپ، سۇڭ سۇلالىسىغا بارغان. لى شۇەن — پادىشاھ سۇڭ شىگزۇڭ چىنجۇ، فېڭجۇ،

شىجۇ، خېجۇ ئوبلاستلىرىدا تۇرۇپ چېگرا رايونىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ئەلچى. يۈەنفېڭنىڭ 4 - يىلىدىكى ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن ئۇيغۇر ئەلچىلىرىدىن تۆت تۈركۈمنى كۈتۈۋالغان. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەقسەتتىن باشقا، مەلۇم ھەربىي ئەھمىيىتىمۇ بار.

مىلادى 1085 - يىلى، سۇڭ شېڭزۇڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا سۇڭ جېزۇڭ ئولتۇرغان. ئىككىنچى يىلى، شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن قارا خانى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، شۇئان ئەلچى ئەۋەتىپ مۇبارەكلىگەن. ئارقىدىنلا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ گۆھەر تارتۇق قىلغان. سۇڭ جېزۇڭ بۇلارغا جاۋابەن مىننەتدارلىق خېتى يازغان. بۇ ئىككى پارچە مىننەتدارلىق خېتىمۇ «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ يارلىقلىرى توپلىمى» دا ساقلانغان. تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى مۇبارەكلىگەنگە جاۋابەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يازغان خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئۇدۇن قاراخانىغا: تەختكە چىققانلىقىمنى مۇبارەكلەپ خىزمەتچى ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، ۋاقىپ بولدۇم. سىز غەربتە يىراق جايدا تۇرىسىزمۇ؛ جۇڭخۇاغا ئىنتىلىپ، مېنىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن تارتۇق بىلەن سەمىمىي ساداقىتىڭىزنى بىلدۈرۈپسىز. تەسىرلىنىپ خۇرسەن بولدۇم. بۇنىڭغا جاۋابەن سىزگە كۈمۈش ۋە باشقا نەرسىلەر ھەدىيە قىلدىم (ئايرىغى كەم) بۇلارنىڭ ئايرىم تىزىمى بار، ۋاقىپ بولغايسىز.

يەنە بىر پارچە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تارتۇق قىلغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يازغان خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئۇدۇن قاراخانىغا: ئەلچى ئاباۋشىڭ ئارقىلىق ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىق نەرسىلەر تارتۇق قىلغانلىقىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، شۇنچە يىراقتىن مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ گۆھەر تەقدىم قىلىپسىز، خېتىڭىزنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، دىلىڭىزنى چۈشەندىم، سىزنىڭ بىلدۈرگەن ساداقىتىڭىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئاباۋشىڭ قايتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سىزگە كۈمۈش - تاۋار - دۇردۇن ھەدىيە قىلدىم. ئەۋەتكەن خادىملىرىڭىزغىمۇ ھەر قايسىسىغا ئايرىم كىيىم - كېچەك، كەمەر قاتارلىق نەرسىلەر ئىنئام قىلدىم. ۋاقىپ بولغايسىز ⑳ .

سۇڭ جېزۇڭ شىنغۇجۇ — ئۇدۇنلۇق ئۇيغۇر ئەلچى ۋە سودىگەرلەرگە قارىتا مۇئامىلىدە سۇڭ شېڭزۇڭدىنمۇ ئارتۇق ئېتىبار بەرگەن. خان ئەلچىلەر ئۈمىكىنىڭ باشلىقى ۋە ئادەتتىكى ئەزالىرىغىلا ئەمەس، ئەلچىلەر ئۈمىكىگە ئەگىشىپ كەلگەن سودىگەرلەرگىمۇ كۆپلەپ ئىنئام ھەدىيە بەرگەن:

www.uyghurkitap.com



يۈەنيۇنىڭ 2 ـ يىلى (1087 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قارا خانى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تارتۇق قىلغان، بۇنىڭغا قىممىتى بويىچە پۇل قايتۇرۇپ بەرگەندىن باشقا، قالغانلارنىڭ تارتۇق نەرسىسى بولسۇن، بولمىسۇن، 300 مىڭ ياماق پۇل بېرىلسۇن. 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى يارلىقتا: پۇل قايتۇرۇپ بەرگەندىن باشقا، يەنە يۈەنفېڭنىڭ 8 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش، ئالتۇن كەمەر، كىمخاب تون، بىر يۈرۈش كىيىم، قاچا ـ قۇچا، پۇل بېرىلسۇن [26].

شۇنىڭ بىلەن شىنفۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى ۋە سودىگەرلەر توپ ـ توپى بىلەن ئۈزۈلمەي كەلگەچكە، سۇڭ سۇلالىسى ئامالسىز قالغان. بۇ ئەلچى ۋە سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا سۇڭ سۇلالىسى بەرگەن ئىنئاملارنى بۆلۈشۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ماجىرا تۇغۇلۇپ، غەلۋە ـ غوغا قىلىشىپ كەتكەن. سۇڭ جېزۇڭ ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس «ئۇدۇن دۆلىتىگە بېرىلگەن ئىنئام ـ نەرسىلەرنى بۆلۈشۈش قانۇنى تۈزۈپ چىقىش» قا مەجبۇر بولغان ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چەكلىگەن، شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر يىلدا بىر نۆۋەتلا ئەلچى ئەۋەتىشىگە رۇخسەت قىلغان، سۇڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن پەيەنجىڭ (خېنەندىكى كەيفېڭ) غا يەتكۈزۈپ ئاپىرىدىغان ئەلچىنى «يۈز كىشىدىن ئاشماسلىقى كېرەك» دېگەن. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرى ۋە سودىگەرلەر توغرىسىدا «شىجۇ ئوبلاستى (ھازىرقى گەنسۇدىكى لىنتاۋ) دا سودا قىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن [27]. شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلىشى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان تاڭغۇتلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان، ئۇلار بەزىدە شىنفۇجۇلۇق ئۇدۇن ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلەرگە قارىتا ئۆچ ئېلىش ۋاستىلىرىنى قوللانغان:

يۈەنفېڭنىڭ 6 ـ يىلى (1083 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىخېدىكى يول تۈزۈمى ئەمەلدارى: غەربتىكى ئوغرىلار (تاڭغۇتلار) لەنجۇغا بېسىپ كېلىپ، غەربىي قوۋۇقنى ۋەيران قىلدى. ياللاپ ئاشلىق توشۇتىۋاتقان ئۇدۇنلۇقلارنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى ۋە تۆگىسىنى بۇلاپ كەتتى، دېگەن. خان يارلىق چۈشۈرۈپ: ئۇدۇنلۇققا بۇلاپ كېتىلگەن چارۋىسى ئۈچۈن تۈزۈم ئەمەلدارىغا بۇيرۇق بېرىپ نەپەقە بېرىلسۇن، دېگەن [28].

تاڭغۇتلارنىڭ شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ھەرگىز شۇ بىر نۆۋەتلا بولغان ئەمەس، ئەھۋالدىن قارىغاندا،

شۇنىڭدىن كېيىن دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەن ۋە سۇڭ سۇلالىسىدىن ئەسكەر چىقىرىپ تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغان:

(يۈەنيۇ) نىڭ 8 - يىلى (1093 - يىلى)، تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەلەپ قىلىنغان، خان بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغان[29].

شۇ يىلى، سۇڭ سۇلالىسىدا خانىنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇشتەك چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەن. تاڭغۇتلارمۇ سۇڭ سۇلالىسىغا ئىتائەت قىلىدىغاندەك ھالەتتە بولغان. شۇڭا سۇڭ جېزۇڭ شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىغان.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرىنى مەلۇم قىلغان.

شاۋشىڭ يىللىرى (1094 — 1097 - يىللىرى)، ئۇدۇن خانى ئابدۇل تۇڭا مىجىت يەنە: «مەنيۇ (مىناگ) لار جىنايەت ئۆتكۈزگەن، باشقا ئامال بولمىغاچقا، ئەسكەر ئەۋەتىپ، گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستقا ھۇجۇم قىلدۇق» دېگەن. خان يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ بۇ نىيەت - ئىقبالىغا ياخشى جاۋاپ بېرىلسۇن دېگەن[30].

تۇڭا — «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، بۇ «قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان»، «ئۇ يىلنىڭ كۈشەندىسى». بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى شۇ. «بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ» دېيىلگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - قىسىم، 502 - بەتكە قاراڭ). «ئابدۇل»، «مىجىت» دېگەن ئىسىملاردىن بۇ «خان» نىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ؛ تۇڭا دېگەن ئۇنۋانىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. تۇبۇتلار غەربىي شيا دۆلىتىنىڭ ئاساسىي مىللىتى بولغان تاڭغۇتنى مىناگ (خەنزۇچىسى مەنيۇ) دەيتتى، شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن بىلەن چېگرىدىكى تۇبۇتلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولغاچقا، تۇبۇتلارنىڭ ئاتىشىنى قوللىنىپ، تاڭغۇتلارنى مىناگ - مەنيۇ دېگەن. جىنايەت ئۆتكۈزدى — دېگەندە، تاڭغۇتلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرىپ ئۈزلۈكسىز پاراكەندە قىلغانلىقىغا قارىتىلغان. مىلادى 1036 - يىلى تاڭغۇتلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، گەنجۇ (گەنسۇدىكى جاڭيې)، شاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ)، سۇجۇ (گەنسۇدىكى جيۇ-

www.uyghurkitap.com



چۈەن ) ئوبلاستلىرى تاڭغۇت زېمىنىغا ئايلانغان. ئۇ يەرلەر شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇنغا يېقىن بولغاچقا، شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن سۇڭ سۇلالىسىغا ماسلىشىپ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ بۇ جايلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان.

بۇ ۋەقە «سۇڭ سۇلالىسى توغرىسىدا مۇھىم بايانلار توپلىمى» دا بىر قەدەر تەپسىلى ۋە ئېنىق بايان قىلىنغان:

شاۋشىڭنىڭ 4 - يىلى (1097 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئۇدۇن ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق قىلغان. كۈتۈۋالغۇچىلار تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئەلچى قۇتلۇقتىن قارا خانىلار شاھزادىسىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ بىلگەندە: «مەنيۆ (مىناگ) لار جىنايەت ئۆتكۈزگەن، باشقا ئامال بولمىغاچقا، ئەسكەر ئەۋەتىپ، گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستقا ھۇجۇم قىلدۇق» دېگەن. خان مېھمان كۈتكۈچىلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەلچىلەر ئوردىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، قاراخانىلار خانىغا كۆرسەتكەن ساداقىتى ئۈچۈن بىزنىڭ خۇرسەن بولغانلىقىمىزنى، ئەگەر ئۈچ شەھەرنى ئالالىسا، تېخىمۇ ياخشى كۈتۈلىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان.

قۇتلۇق — ئۇيغۇرچە «بەختلىك» دېگەن بولىدۇ، دېمەك، بۇ ئەلچىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا، ئابدۇل توڭا مىجىت — شاھزادە بولۇپ، قاراخان ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى — قارا خانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قارا خان مەشھۇر ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىيالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئابدۇل توڭا مىجىت ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ھوقۇقى چوڭ، ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىلگەن ۋە ئەسكەر چىقىرىپ تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلالىغان.

«تاڭغۇتلارغا ئائىت مەكتۇپلار» دىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، تاڭغۇت ئېلىنىڭ ئېگىسى چەنشۈن ئۆزىنىڭ غەرب تەرەپتىكى ھەربىي ئەمەلدارىغا كۈچلۈك ئەسكەر بەلگىلەپ «غەربىي فەن» لەردىن (شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن) مۇداپىئە كۆرۈشنى بۇيرۇغان. شۇڭا، شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىختا تاڭغۇتلارنىڭ گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستىنى يەنىلا مۇستەھكەم ئىگەللەپ تۇرغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

سۇڭ جېزۇڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا سۇڭ خۈيزۇڭ چىققان، ئۇ شىنغۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا يەنىلا ئىنتايىن يېقىنچىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كەلگەن - كەتكەن ئەھۋالىنى دائىم ئۆزى بىۋاستە سوراشتۇرۇپ تۇرغان. مەسىلەن، داگۈەننىڭ تۇنجى يىلى (1107 - يىلى):

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، كاڭجۇ ئوبلاستىنىڭ ۋالىيسى لى شياڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەرزىدە: ئۇدۇننىڭ ئۆزلىرىنى مۇبارەكلەشكە ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى ئوردىغا بىللە ئاپىرىش ئۈچۈن پېقىر لى شياڭ ئەۋەتىلگەن ئىدى، بۇنى بىلگەن فېڭشاۋ مەھكىمىسى بەگلىرىدىن ۋاڭ جېيۇ، سوتچى ۋاڭ ياڭلار بۇنىڭغا ماسلىشىپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرمىدى، ئەگەر بۇلارغا تەنبىھ بېرىلمىسە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەلچىلەرنىڭ يولدىن ئۆتۈشىگە تەسىرى يېتىپ، ئوردىمىز ئۈچۈن سەت بولارمىكىن، دېگەن. خان يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى مەنسىپىدىن قالدۇرغان [32].

ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچىلەرنى ئوبدان كۈتمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش جازاسى بەرگەن. بۇ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدا بىرىنچى قېتىم كۆرۈلگەن ئەھۋال، بۇنداق ئەھۋال دەل شىنغۇجۇ ئۇدۇن ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىشتا يۈز بەرگەن. بۇنىڭدىن سۇڭ خۈيزۇڭنىڭ بۇنىڭغا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

سۇڭ خۈيزۇڭ دەۋرىدە شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشمۇ بەك كۆپ بولغان. بىر قېتىم، سۇڭ خۈيزۇڭ «تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان ئەڭگۈشتەر تامغا» ئويدۇرۇش ئۈچۈن شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن قاراخانىدىن چىرايلىق قاشتېشى تەلەپ قىلغان. شىنغۇجۇدىكى ئۇدۇن قاراخانى دەرھال جاۋاب خەت يېزىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە ئىزدەپ تېپىپ، سۇڭ خۈيزۇڭنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ خەت تولىمۇ قىزىقارلىق يېزىلغان. ھازىر ئوقۇغاندىمۇ چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە بىر خىل روھىي كەيپىيات بىلىنىدۇ:

شاھەنشاھ (سۇڭ خۈيزۇڭ تەختتىن چۈشكەندە شۇنداق ئاتالغان، شۇڭا بۇ يەردە ئۇنى ھۆرمەتلەپ «شاھەنشاھ» دېگەن) ئەڭگۈشتەر تامغا ئويدۇرماقچى بولۇپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇدۇن دۆلىتىگە قاشتېشى ئەۋەتىش ھەققىدە مەكتۇپ يېزىلغان. بىر كۈنى، سەي تياۋ قائىدە بويىچە ئوردىغا كەلگەندە، شۇنىڭغا ئوخشاش ئوردىغا كەلگەنلەردىن ئىچكى ۋەزىر ۋاڭ ئەنجۇڭ: «يېقىندا ئۇدۇن دۆلىتىدىن خەت

www.uyghurkitap.com



كەلگەندى، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تەرجىمە قىلدۇرساق، بەكمۇ كۈلكىلىك يېزىلغان» دېگەن. بىللە تۇرغان باشقا بەگلەر: «نېمە دەپتۇ، بىزمۇ ئاڭلاپ باقساق» دېگەن. ئىچكىسى ۋەزىر ۋاڭ ئەنجۇڭ خەتنى ئوقۇپ بەرگەن. خەتتە: «شەرقتىن چىققان قۇياش نۇرىنى چېچىپ يورۇتۇۋاتقان غەرب تەرەپتىكى بەش يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ئەلنىڭ قانۇن - نىزام ئىگىسى قاراخانىدىن، شەرقتىن چىققان قۇياش يورۇتۇۋاتقان ھەممە ئالەمنىڭ قانۇن - نىزام ئىگىسى، تاغىمىز بولغان ئۇلۇغ باشقۇرغۇچىغا: سىز تەلەپ قىلغان قاشتېشىنى تېپىپ ئەۋەتىشكە جىق كۆڭۈل بۆلگەن بولسامۇ، سىز دېگەن ئۆلچەمدىكىنى تېپىش قىيىن بولدى. ئادەم تەيىنلەپ ئىزدەپ تېپىشنى بۇيرۇدۇم، سىز دېگەن ئۆلچەمدىكىسى تېپىلسىلا ئەۋەتىپ بېرىمەن» دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن: «يۈلىن ھەققىدە خاتىرىلەر»دە ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ بىرپارچە مەكتۇپى يېزىلغان، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئالاھىدە يېزىلغان. مەن بۇلارنى باشقىلار تىزىپ سىلىقلاشتۇرغانمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن» دېۋىدىم، ھەممەيلەن جىم بولۇشتى. كېيىن قاشتېشى ئەۋەتىلگەن. ئۇزۇنلۇقى ئىككى چى، رەڭگى ئاجايىپ سۈزۈك، راسلا بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئەگۈشتەرمۇ ئويۇلغان [a].

«تىياۋگۇەن. يەنى تىياۋلى 条例 — نىزام، قانۇن. «ئۇلۇغ باشقۇرغۇچى» — «ئۇلۇغ پادىشاھ» «يۈلىڭ 裕陵» سۇڭ جېزۇڭنى دېمەكچى. ئۇ ئۆلگەندە يۈكىيۇلىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. «يۈلىڭ خاتىرىلىرى» — سۇڭ جېزۇڭنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى تارىخىي ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن ھۆكۈمەت كىتابى. شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇن قاراخانى ئۆزىنى «غەربتە بەش يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئەلنىڭ نىزام - قانۇن ئىگىسى» دەپ ئاتىغان. ئەسلىدە ئۇنىڭ دۆلىتى ئاران بەش يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا ئەمەس. كونا ئۇدۇننىڭ پايتەختىدىن ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى چارقىلىق (ھازىرقى چەرچەن ناھىيە شەھىرى) قىچە بولغان ئارىلىقنى ئالغاندىمۇ بىر مىڭ ئۈچ يۈز چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، كونا ئۇدۇندىن غەربتە قەشقەرگە (يەنى شىنفۇجۇغا) يەنە ئىككى مىڭ چاقىرىمغا يېقىن كېلىدۇ. دېمەك، شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇننىڭ شەرقى ئۈچ مىڭ چاقىرىمدىن ئېشىپ كېتىدۇ، قانداقمۇ ئۇنى ئاران بەش يۈز چاقىرىم دېگىلى بولسۇن! قاراخانىنىڭ ئۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى سۇڭ سۇلالىسىغا ياخشىچاق بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى خانىنىڭ «ھەممە ئالەمنىڭ نىزام ئىگىسى» ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى بىلدۈرۈش. بۇنى ھەرگىز راس دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

شىنجاڭدىكى ئۇدۇن يەنە سۇڭ خۇيزۇڭغا ئارغىماق ئات تەقدىم قىلغان، بۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

جېڭخې يىللىرى (1111 — 1118 - يىللار)، ئۇدۇن دۆلىتى سۇڭ سۇلالىسىغا تۆت ئات تارتۇق قىلغان، ئۇنىڭ بىرسىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە چى بەش سۇڭ، يەنە بىرسىنىڭ ئالتە چى ئىككى سۇڭ، قالغان ئىككىسىنىڭ بەش چى 9 سۇڭدىن كېلىدۇ، بۇ ئادەتتىكى ئاتلاردىن ئەمەس، كۆرۈنۈشى ئاجايىپ، مۇۋاڭنىڭ سەككىز ئارغىمىقى بولۇپ، بەك كېلىشكەن - چاققان ئىدى،[34] خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ .

«جۇڭگونىڭ ئۆلچەملەر تارىخى» دىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، سۇڭ دەۋرىدىكى چى ھازىرقى چىدىن تەخمىنەن 2.1 سانتىمېتىر قىسقا ئىكەن، يەنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بىر چىسى ھازىرقى 30.72 سانتىمېتىرغا باراۋەر كېلىدىكەن. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەڭ ئېگىز بىر ئاتنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر؛ ئىككىنچىسىنىڭ 1.91 مېتىر، قالغان ئىككىسىنىڭ 1.81 مېتىر كېلىدۇ. كونا ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدە داڭلىق ئات چىقمايتتى. قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي خانى باشقۇرۇۋاتقان پەرغانە ئويمانلىقى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەرغانە دۆلىتىدىن زور ئېگىز ئات چىقاتتى؛ ئىلى دەريا ۋادىسى بويىچە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيسۇن دۆلىتىدىن غەرب ئېتى چىقاتتى. شىنجاڭدىكى ئۇدۇن سۇڭ خۇيزۇڭغا تارتۇق قىلغان بۇ تۆت ئات چوقۇم ئاشۇ ئىككى رايوندىن كەلتۈرۈلگەن، مانا بۇمۇ شىنجاڭدىكى ئۇدۇن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونى ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى.

شىنجاڭدىكى ئۇدۇننىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى سۇڭ خۇيزۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە داۋاملاشقان [35]. ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇڭ خۇيزۇڭ تەختتىن چېكىنگەن: بىر يىلدىن كېيىن، جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى پېيەنجىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، سۇڭ سۇلالىسى جەنۇبقا يۆتكىلىپ، بىر مەھەل قولدا قالغان زېمىنغا شۈكۈر قىلىپ ياتقان. شىنجاڭدىكى ئۇدۇن بىلەن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن جىن دۆلىتى ئايرىپ تۇرغاچقا، ئەلچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغا بارغانلىقى تارىخنامىلاردا ئۇچرىمايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، شۇنى ئەستايىدىل كۆرسىتىمىزكى، قاراخانىلار خانلىقى توغرىسىدىكى ئەرەبچە ۋە پارسچە تارىخىي خاتىرىلەردە، كۆپىنچە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام

دىنىي ئەسەبىيلىكى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلگەن. شۇڭا ئۇلارنى غەيرى دىندىكىلەر (بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇبۇت، سېرىق ئۇيغۇر، تاڭغۇتلار ۋە سۇڭ سۇلالىسىنى دېمەكچى) نىڭ چىقىشالمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنى دېگەن. بۇ بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە بۇرمىلاشتىن ئىبارەت. شىنفۇجۇدىكى ئۇدۇننىڭ ئەلچى ۋە سودىگەرلىرى سېرىق ئۇيغۇر ۋە چىڭخەيدىكى تۇبۇتلار رايونلىرىغا ئەختىيارىي بېرىپ - كېلىپ تۇرغان، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە شۇنداق قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىشقان. بۇ ئەھۋال قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە دوستانە پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى، مۇناسىۋىتى ئىناق ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق يىرىكلىشىشى ئۇنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان، دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

ئىزاھاتلار:

① «تاڭ سۇلالىسى توغرىسىدا مۇھىم بايانلار» 98 - جىلد: «جېڭيۈەننىڭ 5 - يىلى (789 - يىلى) 7 - ئايدا، مەلىكە ئوردىغا بارغان، ئۇيغۇر - خۇيخې 回纥 ئەلچىسى لى يىجىن مەلىكە شەنئەننىڭ تۇۋەنگە ياتلىق بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 纥 خې دېگەن خەتنى 鹘 گۇغا ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئېلىنى شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى دەپ، شۆھرىتىنى كۆتەرمەكچى بولغان. تاڭ دېزۇڭ بۇنى ماقۇل كۆرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە 回纥 خۇيىخې دەپ ئاتىلىشى 回鹘 خۇيگۇغا ئۆزگەرتىلگەن».

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد «چەتئەللەر 6. ئۇيغۇرلار».

③ «سۇڭ سۇلالىسى توغرىسىدا مۇھىم بايانلار توپلىمى. يات قەۋملەر 4. فەرەڭ».

④ سۇڭ سۇلالىسى «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» 1 - جىلد «بۇكۇك تەزكىرىسى» دە: «تيەنباۋ يىللىرى، شىفەن (تۇبۇتلارنى دېمەكچى)، ئۇلۇغ شاش، كانگىيە ئۈچ دۆلەت قوشۇن تارتىپ شىلياڭ مەھكىمىسى (ئىلاۋە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇغاندا «ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» نىڭ خاتاسى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ) نى قورشىۋالغان. بۇكۇك پادىشاھ ھوزۇرىغا كىرىپ، ئىسرىقدان ئالدىدا تۇرۇپ، شەيقەتلىك خاننىڭ مەخپىي سۆزىنى 27 قېتىم

ئوقۇغان . پادىشاھ ئوردىدا تۆت - بەش يۈز ئاجايىپ نەۋكەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ بۇكۇڭدىن سورىغان. بۇكۇڭ: «بىسامىن تەڭرى خانى قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئەنشىنى قۇتقازغان، تېزدىن يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ ئەۋەتىلسە» دېگەن. ئۇلۇغ شاش يەنى تاشكەنت دۆلىتى. تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، شاش، كانگىيە دۆلەتلىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى، تۈبۈتلار دائىم غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى پاراكەندە قىلغان .

⑤ ۋاڭ گوۋېي «گۇەنتاڭ جىلىن»نىڭ 4 - جىلد «ئۇدۇن مەلىكىسى تاپىلغان يەردە ساقلانغان بۇدساتىۋا سۈرىتىگە خاتىمە» دە: «لى جەمەتىنىڭ دۆلەتكە ئىگە بولۇشى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن بولدىمىكىن؛ شۇنىڭدەك، مۇقەددەس تەڭرى(圣天) قاغاننىڭ ئۆزىمۇ ئۇيغۇرمىكىن، دەپ گۇمانلىنىمەن».

«لى جەمەتى ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، بۇددا دىنى ئارقىلىق چوڭقۇر ئاساس ئورناتقان، يەنە ۋىسادىن بۇيان، تاڭ سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ كەلگەن، شۇڭا ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە دەپ ئاتىغان. بۇتقا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىگەن. يۈز يىل جەريانىدا دۆلىتى تۇراقلىق - خاتىرجەم ئۆتكەن، قەدىمكى ئادەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇنداقتا، لى جەمەتى ئۇيغۇرنىڭ باشقا بىر تارمىقىدىن بولامدۇ؟ گوپىڭلىياڭ «غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئىزدىنىش» («غەربىي رايون تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ بىرىنچى مەجمۇئەسىگە قاراڭ) دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ، مۇنداق بىر مەسىلىگە، يەنى ئۇدۇن خانى لى شېڭتيەن قايسى مىللەتكە مەنسۇپ؟ دېگەن مەسىلىگە تاقىلىدۇ. بۇنىڭ مەنتىقىغە ئۇيغۇن جاۋابى: ئۇ، ئۇيغۇر. بىرىنچى، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ خان ئائىلىسى ئەزالىرىغا «لى» دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلغان، لېكىن ئۇدۇننىڭ خان جەمەتىگە «لى» دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلمىغان؛ لى شېڭتيەننىڭ «لى» فامىلىسى، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئەجدادى بولغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر تاڭ سۇلالىسىدىن ئىنئام ئالغان فامىلە بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا لى شېڭتيەن «ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىغا تەۋە، دەپ ئاتىغان». ئىككىنچى، بىز دۇنخۇاڭنىڭ بىر غاردىكى پېشايۋاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانىمۇ ئۆزىنى شېڭتيەن قاغان - مۇقەددەس تەڭرى قاغان دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۇچراتتۇق. «شېڭتيەن — مۇقەددەس تەڭرى» سۆزى

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئۇنۋانىدا قوللىنىلغان ئومۇمىي ئاتالغۇ ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىكى مەزگىلدە، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، مانى راھىبلىرى خان ئوردىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇدۇنمۇ لى شېڭتيەن دەۋرىدە مۇشۇنداق بولغان.

⑥ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» بىرىنچى قىسىم، ئۇيغۇرچە، پىكىر ئېلىش نۇسخىسى، 288 ـ بەت.

⑦ جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭلارنىڭ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ نامى، يىلنامىسى ۋە ئۇنىڭ خان ئائىلىسىنىڭ نەسەب مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ («دۇنخۇاڭ، تۇرپان خەت ـ چەكلىرى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»)

⑧ «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى» 74 ـ جىلد، «يات قەۋملەر توغرىسىدا قوشۇمچە خاتىرە 3. ئۇدۇن».

⑨ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 39 ـ، 44 ـ، 104 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑩ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد، «چەت ئەللەر 6. ئۇدۇن».

⑪ ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن».

⑫ لى جىڭ «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئون ئەۋلاد خانى توغرىسىدا مۇھىم بايانلار».

⑬ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 492 ـ جىلد، «تۇبۇت، ئالگۇ».

⑭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 168 ـ بەت.

⑮⑯⑰⑱ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد، «چەت ئەللەر 6. ئۇدۇن».

⑲ «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ يارلىقلىرى توپلىمى» 240 ـ جىلد.

⑳㉑㉒ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى. يات قەۋملەر 4. ئۇدۇن».

㉓ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد، «چەت ئەللەر 6. ئۇدۇن».

㉔ «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ يارلىقلىرى توپلىمى» 240 ـ جىلد.

㉕㉖㉗ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى. يات قەۋملەر 4. ئۇدۇن».

㉘㉙ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد، «چەت ئەللەر 6. ئۇدۇن».

㉚㉛ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى. يات قەۋملەر 4. ئۇدۇن».

㉜㉝ سەي تياۋ «تيەۋېي تېغى سۆھبەتلىرى» 10 ـ جىلد، 6.

㉞ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى. يات قەۋملەر 4. ئۇدۇن».

# چاغاتاي خانلىقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ليۇ جژشياۋ

XIII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تولىسى مەلۇم بىر زېمىندا ياكى مەلۇم بىر مەزگىلدە ئۆزلىرىگە لايىق مۇھىم ئورۇن تۇتقان: چوڭ ئوغلى جۇجىخاننىڭ بالىسى باتۇ ياۋروپاغا قىلىنغان يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان ھەم كېيىنكى كۈنلەردە بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنى قۇرغان؛ 3 - ئوغلى ئوگداي چىڭگىزخاننىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىمپېرىيىنىڭ سەركەردىسى بولغان؛ ئېلىمىز تارىخىدىكى يۈەن سۇلالىسى، ئىران تارىخىدىكى ئىل خاندانلىقىنى چىڭگىزخاننىڭ 4 - ئوغلى تولۇينىڭ 2 - ئوغلى قۇبلاي بىلەن 3 - ئوغلى ھىلاكۇ تىكلىگەن.

سىياسىي ۋەزىيەتتە قاتتىق داۋالغۇش بولۇۋاتقان ئەشۇ يىللاردا ئىزدېرىكى يوقالغان چاغاتاي ئەۋلادلىرى XIV ئەسىرگە كەلگەندە، بىردىنلا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدا مۇھىم كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، چاغاتاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان چاغاتاي خاندانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا، ماۋارا ئۇننەھر رايونىغا، ھەتتا ئىران ئېگىزلىكىدىكى قىسمەن رايونلارغا كېڭەيگەن بولۇپ، بۇ خانلىقنىڭ تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئۇيغۇر تارىخى، قازاق تارىخى، ئۆزبېك تارىخى ۋە قىرغىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگەللەيدۇ. بولۇپمۇ خاندانلىق مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ھەم شۇ دائىرىدە قوللىنىلغان يېڭىچە ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

چاغاتاي خاندانلىقىنى قۇرغان چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىغا كەلسەك، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار ئىقتىسادىي قۇرۇلما، تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن پەيدىنپەي يېقىنلىشىپ، ئاخىرى يەرلىك ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com



(1)

چىڭگىزخان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى، ماۋارائۇننەھر رايونى ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان بۇ پايانسىز كەڭ زېمىننى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى جۇجى، چاغاتاي، ئۆگداي، تولۇيغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن.

جۇجى سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىملىرى، «موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئاياق باسىدىغان جايلىرى» غا ئېرىشكەن؛ ئۆگداي بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىغا ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا ئېرىشكەن؛ كەنجى بالا ۋارىسلىق قىلىش دېگەن قائىدە بويىچە تولۇي موڭغۇل دالاسىغا ئېرىشكەن؛ چاغاتاي بولسا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە بولمىغان جايلار — تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر رايونى ۋەئامۇ، سىر دەريالىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ئېرىشكەن.

چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر قانچە 10يىل داۋامىدا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تولىسى مەلۇم مەزگىلدە ۋە مەلۇم دائىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ ئارىلىقتا پەقەت چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىلا ئۈن - تۈنسىز جىمىپ كەتكەن.

سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدەنسەك، شۇنەرسە ئايان بولىدۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ شەخسىي قابىلىيەت ئىقتىدارىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوبيېكتىپ شارائىت چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىرەر ئىشقا ئىنتىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايون بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارا ئۇننەھر رايونى شۇ چاغلاردا ئەڭ باياشات رايونلاردىن ھېسابلىناتتى، شۇڭا بۇ رايونلار شۈبھىسىزكى، ئۆزگىچە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. چىڭگىزخان ھايات چېغىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەھمۇت يالۋاچ (ئۇ چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا زور تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، چىڭگىزخاننىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان ئىسلام تارىخ ماتېرىياللىرىدا بۇ كىشى توغرىسىدا خېلى كەڭ مەلۇمات قالدۇرۇلغان) نى بۇ رايونلارنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن ھەمدە بۇ دائىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزگەن.

ئۆزىنىڭ بەنت بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن چاغاتاي تەخمىنەن 1238 - يىللىرى ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا مەھمۇت يالۋاچنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغان. ئىمپېرىيە تەختىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئوگداي مەھمۇت يالۋاچنى خانبالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ) نىڭ نازارەتچىلىكىگە، مەھمۇت يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدنى چاغاتايغا سۈيۈرغال قىلىنغان رايوننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن، چاغاتاي ئۆزىنى ئەيىپلەش بىلەن بۇ قېتىمقى ماجىرانى توختاتقان. ئىمپېرىيە ھوقۇقىنى مەركەزگە يىغىپ تۇتقان مەزگىللەردە، چاغاتاي سورىغان بۇ سۈيۈرغال زېمىنىنى مەيلى قانۇن جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىيەتتە بولسۇن، ئىمپېرىيە بىۋاسىتە ئىدارە قىلدى. مانا بۇ — چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىقىدىكى بىر سەۋەب.

1259 - يىلى 8 - ئايدا، مونكە سىچۈەننىڭ دىياۋيۈتەي قەلئەسىدىكى جەڭدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىمپېرىيە تەختىدە كىم ئولتۇرىدۇ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق ئېلىشىش بولغان.

1260 - يىلى 6 - ئايدا، تولۇينىڭ 2 - ئوغلى قۇبلاي كەيپىڭ قەلئەسىدە خان بولغانلىقىنى جاكالاپ، ئېلىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر فېئودال سۇلالىسى يەنى يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئېلىمىز تارىخىدىكى تۆھپىسىگە كۆز يۇمۇشقا بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، شۇ ئىشتىن كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۆرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ بىخلىرى ئۆزىنى ئارقا - ئارقىدىن كۆرسىتىشكە باشلىغان.

قۇبلاي خانلىق قۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، جۇجىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنى، قۇبلاينىڭ 3 - ئىنىسى ھىلاكۇ ئىران ئېگىزلىكىدە ئىل خاندانلىقىنى قۇرغان.

دەسلەپتە قۇبلاينىڭ باش خانلىق ئورنى ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇش - باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى ئاجىزلىشىپ، پەقەت ئۆز ئەجدادلىرى ئارا سىغىنىش ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىلا ساقلىنىپ قالدى.

ئاقىۋەتتە، سىمۋول خاراكتېرىدىكى بۇ باشقۇرۇش - باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ كېتەلمىدى. 1268 - يىلى، ئوگداينىڭ ئەۋلادى — قايدۇ ئىمپېرىيىنىڭ خانلىق تەختىگە ئۆز تەلىپىنى قويدى ۋە تېز ئارىدا قۇبلاينىڭ

www.uyghurkitap.com



تىيانشاننىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىدىكى كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. چاغاتاينىڭ ئەۋلادى دوغا قايدۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنى قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن قۇبلايغا قارشى كۆرەش ئۇگداي-چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ بىرلەشمە كۈرىشى بولۇپ قالدى.

قۇبلايغا قارىتىلغان بۇ كۆرەشتە ئۇگداي-چاغاتاي ئەۋلادلىرى كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، قايدۇ ئۇگداي بىلەن چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى دائىرىسىدە، يەنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ ئالالىدى.

1301-يىلى قايدۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا ئوگداي ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئىقتىدار، بىلىم ھەم شىجائەتتە دوغاغا تەڭ كەلگۈدەك بىرەر ۋارىس چىقمىغان. قۇبلايغا قارشى كۆرەشتە قايدۇدىن قالسىلا دوغا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

قايدۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى چەبەر ۋارىسلىق قىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى ئوبدان چۈشەنگەن چەبەر يۈەن سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، دوغانىڭ تەسىرىنى چەكلەش نىيىتىگە كېلىدۇ.

ئۆزىنى كىرولىندا قىلىنغان ۋەدىگە ۋاپا قىلغۇچى — 1229-يىلى چىڭگىزخاننىڭ 1-ئەۋلادلىرى كىرولىن دەرياسى بويىدا، ئوگداي ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىق تەختىگە مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا قەسەمياد قىلىشقان — دەپ ئاتىغان دوغا، چەبەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئاسىيلىق دەپ ھېسابلاپ، 1304-يىلى قوشۇن تارتىپ چەبەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ. چەبەر پانا ئىزدەپ يۈەن سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتىدۇ.

چەبەر ئۈستىدىن قازىنىلغان غەلىبە دوغانى قايدۇنىڭكىدىنمۇ كەڭ زېمىنغا ئىگە قىلدى. دوغا ئۆز ئەجدادىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى قوچو خانلىقى — چىڭگىزخان دەۋرىدىن تارتىپ تارىمنىڭ شىمالىي ياقىسىدا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھاكىمىيەت ئىدى — غا قاراشلىق زېمىنمۇ دوغانىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە، دوغا ھۆكۈمران بولغان بۇ ھاكىمىيەت «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى — ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇھىم دېھقانچىلىق رايونلىرى بولغان تارىم ۋادىسى بويلىرىدىكى بوستانلىقلارنى

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ دائىرىگە يەنە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ كەڭ ئوتلاقلار يەنى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىمۇ كىردى.

1306 - يىلى دوغا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئوغلى كۈنجۈك باستى. ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ كۈنجۈك ئۆلدى. كۈنجۈك ئۆلگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم موڭغۇل خانزادىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە چاغاتاينىڭ يەنە بىر ئوغلى بولغان مۇئاتوغاننىڭ ئەۋلادى تالقۇن خانلىق تەختىگە چىقىدۇ.

ئۇرۇق - نەسەبىنىڭ قانچىلىك يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دوغانىڭ بالىلىرىنىڭ نەزەرىدە ھوقۇقنىڭ باشقىلار قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئاقىۋەتتە، بىر قېتىملىق زىياپەتتە دوغانىڭ كىچىك ئوغلى كۆبەك تالقۇننى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختىنى تارتىۋالىدۇ. شۇ چاغدا دوغانىڭ چوڭ ئوغلى ئىسەن بوقا لەشكەرلىرى بىلەن باشقا جايدا تۇراتتى. مۇقىملىشىپ قالغان قائىدە - يوسۇن بويىچە دوغادىن قالغان خانلىق تەخت ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىغا مەنسۇپ بولاتتى. ئېھتىمال مۇشۇ قائىدە - يوسۇننىڭ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىسەن بوقا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىرىلدى. بۇ 1308 - يىلى ئەتراپىدا بولغان ئىش.

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللەرگىچە، گەرچە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، موڭغۇل ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تۈگەل ئىتائەت قىلغان ئەمەس. ھەممىدىن ئاۋۋال، يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئىل خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەر ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ تۇرمۇش شەكلىگىچە بىر قاتار ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ياسىدى.

چاغاتاي ئەۋلادلىرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئىل خان خاندانلىقىنىڭ سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە پىسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن، لېكىن يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئىل خان خاندانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كۆز يۇمۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈەن سۇلالىسى چاڭچياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، نىيەتلىرىنى بۇزغان موڭغۇل خانزادىلىرىنىڭ توپىلاڭلىرىنىمۇ تىنچىتقان. ئىل خان خاندانلىقى بولسا چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنلىرىنى خۇراسان رايونلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەنلا قالماي، ئەرمىنىيە ۋە گىرۇزىيىنى يېڭىباشتىن بويسۇندۇرغان ھەم ئوتتۇرا شەرق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رايونىغا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغىغان ئىدى.

كۆبەك چاغاتاي خاندانلىقىنى گۈللەندۈرۈش — بۇ ئەينى زاماندا كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىنى ھاسىل قىلالايدىغان شوئار ئىدى — نى باھانە قىلىپ، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پايتەختىنى دېھقانچىلىق رايونىغا كۆچۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى يېڭى ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىنتىلىۋاتقان بىر قىسىم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئوتلاقتىن ماۋارا ئۇننەھر رايونىغا كۆچۈرۈلۈپ، قارشى قەلئەسىدە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى تىكلەندى.

پايتەختنى كۆچۈرۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بۇ كىشىلەر، يەنە يۈەن سۇلالىسى ۋە ئىل خان خاندانلىقىدىن ئۈدۈم ئېلىپ، ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىشنى، شۇ يول بىلەن سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىقنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار ھەتتا موڭغۇللارغا يات بولغان يەرلىك فېئوداللار تەبىقىسى بىلەن يېقىنلاشتى.

پايتەختنى كۆچۈرۈش، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش، موڭغۇللارغا يات بولغان فېئودال يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن يېقىنلىشىشتەك رادىكال خاراكتېر ئالغان بۇ تەدبىرلەر ئاخىرى كېلىپ بىر تۈركۈم كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ كونسېرۋاتىپ كۈچلەر 1269-يىلى قايدۇ تالاستا چاقىرغان بىر يىغىندا ماقۇللانغان تالاس پەرمانىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، پايتەختنى دېھقانچىلىق رايونىغا كۆچۈرۈشنى ئەجدادنىڭ ۋەسىيىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك دەپ ئەيىبلەپ، پايتەختنى يېڭىباشتىن ئوتلاققا كۆچۈرۈپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار دېھقانچىلىق رايونىدىكى غەيرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يېقىنلىشىشقىمۇ قاتتىق قارشى چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، ئىسەن بوقا بىر تۈركۈم موڭغۇل كونسېرۋاتىپ ئاقسۆڭەك ۋە خانزادىلىرىنىڭ قۇترىتىشى ياكى زورلىشى بىلەن ماۋارا ئۇننەھر رايونىدىن كۆچۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئالمىلىق قەلئەسىدە (بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) بارگاھ تىكلىدى. كۆبەك بولسا ماۋارا ئۇننەھر رايونىدا تۇرىۋەردى. لېكىن ئۇ ئىسەن بوقانى خان دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. نۇرغۇن پارس ۋە ئەرەب ئالىملىرى ئۇلارنى «شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقى» ۋە «غەربىي چاغاتاي خاندانلىقى» دەپ ئايرىپ ئاتاشقان.

بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان رايونلىرى ھەم ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى كۆبەكنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. مۇشۇ

دائىرە ئادەتتە «غەربىي چاغاتاي خاندانلىقى» دەپ ئاتىلاتتى. بۈگۈنكى ئىلىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ رايونى ھەم ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار ئىسەن بوقانىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بۇ دائىرە ئادەتتە «شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقى» ياكى «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

ئىسەن بوقا ئىلى ۋادىسىدا بارگاھ تىكلىگەندىن كېيىن، شەرققە يۈرۈش قىلىشقا بىر مەھەل تەمشەلگەن ئىدى. ئىسەن بوقانىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى كونكرېت ستراتېگىيىلىك نىشانى توغرىلىق بىر نېمە دېمەك تەس. بىراق، شۇنداقتىمۇ ئىسەن بوقانىڭ مۇنداق ھەرىكەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان مۇھىت ۋە شارائىت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش زۆرۈر.

بىرىنچى، ئىسەن بوقا تەختكە چىقىشتىن بىر يىل ئاۋۋال، يۈەن چىڭزۇڭ (تۆمۈر) ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. يۈەن چىڭزۇڭدىن قالغان خانلىق تەختنى چۆرىدەپ خانىش بولوگان، خان جەمەتى ئانانداز، قەسەن، ئايۇربەلا، باتترا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق غىژ-غىژ پەيدا بولغان. دېمەك، شۇ چاغدا يۈەن سۇلالىسى پاتىپاراق ھالەتتە تۇراتتى.

ئىككىنچى، شۇ چاغدا ھەربىي كۈچكە سۆيۈنۈپ مۇۋەپپەقىيەت ۋە شۆھرەت قازىنىدىغان دەۋرلەر ئۆتۈپ، ھەر قايسى جايلار قانۇن ۋە تەرتىپ تىكلەشكە باشلىغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە بىر تۈركۈم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە پۇقرالىرى ئارقا-ئارقىدىن دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشكە كىرىشكەن ئىدى. سىياسىي قۇرۇلمىدا ۋە تۇرمۇش شەكلىدە بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر، قىسمەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا بىئاراملىق ھەتتا يىرگىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىغان ئىدى.

مەزكۇر ماقالىدە بايان قىلىنىۋاتقان شۇ مەزگىلدە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن پەقەت ئىسەن بوقا باشچىلىقىدىكى چاغاتاي خاندانلىقىلا — ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكى زور كۆپچىلىك — ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان قەدىمىي ئۆرپ-ئادەتكە رىئايە قىلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ قالغان، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر نەزەرىدە، شۈبھىسىزكى، ئىسەن بوقا توغرا يول تۇتقان كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسەن بوقاغا ھەم قوللاش بولۇپ بىلىنىدۇ، ھەم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى بېغىشلايدۇ.

... بىراق، ئىسەن بوقانىڭ ئەسلى كۆچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق بار ئىدى. 1313-يىلى ئىسەن بوقا تىيانشاننىڭ

www.uyghurkitap.com



شەرقىي قىسمىدا يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندۇ.

ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا، ئىسەن بوقا بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ كىشىلەردە بىرەر ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇشى تەس ئىدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش پەقەتلا يۈەن سۇلالىسى بىلەن چاغاتاي خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا پاسىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينىيالىغان. لېكىن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ۋەقە نۇرغۇن جەھەتلەردە چېتىلغان. ئىسەن بوقا شەرقتە مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكتىن كېيىن، غەربكە يۈزلىنىپ، ئىران ئېگىزلىكىگە قەدەم قويۇپ، شۇ مەزگىلدە ئىران ئېگىزلىكىدە بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

ئىسەن بوقانىڭ غەربكە قەدەم قويۇشىدىكى يىراق - يېقىن سەۋەبلەر ئۈستىدە بىر قۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك بىلىش ئۈچۈن زۆرۈر.

ئۇنىڭ يىراق سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، چىڭگىزخان ئۆز بالىلىرىغا سۇيۇرغال بۆلۈپ بەرگەندە، گەرچە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى چاغاتايغا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى بىر مەزگىلگىچە مۇشۇ دائىرىدە چاغاتايلا ئەمەس، ھەتتا ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ پات - پات ئۈزۈلۈپ تۇرغان ئىدى. نۇرغۇن تارىخچىلار بۇ ھالەتنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلغاندا، ھەمىشە چىڭگىزخاننىڭ ھىندى دەرياسى بويىدا جالالىدىننىڭ سۇ ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلغانلىقىغا باغلايدۇ.

بۇ داستانىك كۆرۈنۈش چىڭگىزخاننىڭ مىجەز - خۇلقىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن . بىراق، ئىمپېرىيىنىڭ ئۆز تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنى بىر سەۋەنلىك دېمەي بولمايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، جالالىدىن قايتا كۈچ جۇغلاپ، ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۇرۇشنى يەنە يىل داۋاملاشتۇرغان. بۇنىڭغا ئۇلاپ 1252 - يىلى ھىلاكو دۇنياۋى خاراكتېر ئالغان قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىلەر گۇرۇھى ـــ مۇلاھىدىنى تازىلاپ يوقىتىش دېگەن باھانە بىلەن ئىران ئېگىزلىكىگە قوشۇن تارتقان ۋە ئىل خان خاندانلىقىنى بەربات قىلغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، مۇنداق تارىخىي شارائىتتا، چاغاتاي ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلگەن زېمىن دائىرىسىدە بىرەر ئىشنى ۋوجۇتقا چىقىرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇ ۋەجىدىن، تاكى قايدۇ باش كۆتۈرۈپ ئۇگداي - چاغاتاي سۇيۇرغاللىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ئوغلى قۇتلۇق خوجىنى شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. قۇتلۇق خوجىنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستانغا قارىتىلغان ئۇرۇش بىلەن باغلانغان.

قۇتلۇق خوجىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىسەن بوقانىڭ غەربكە يۈزلىنىشىنىڭ يېقىنقى سەۋەبىدۇر.

قۇتلۇق خوجىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى داۋۇت خوجا ئۆز قېرىندىشى تۆمۈر كوراگانىنىڭ يەكلىشى بىلەن كىچىك دادىسى ئىسەن بوقادىن پانا ئىزدەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەلەر تەخمىنەن 1313 - يىللىرىدا بولغان.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، دەسلەپتە ئىسەن بوقا ئۆزىنىڭ بۇ قېرىندىشىغا قائىدە - يوسۇن بويىچە قىلىنغان زۆرۆر مۇئامىلىلەردىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇقچە غەمخورلۇق قىلمىغان. بۇ چاغ دەل ئىسەن بوقانىڭ يۈەن سۇلالىسى بىلەن تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدا تىركىشىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئىسەن بوقا بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى بىزگە ئايان ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىراق-يېقىن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1315-يىلى چاغاتاي قوشۇنلىرى كۆبەكنىڭ قوماندانلىقىدا كوراگاننى جازالاش دېگەن شوئار ئاستىدا، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا ئۆتۈپ شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە ئۇرۇش باشلىۋەتكەن. ئۇرۇشتا كۆبەككە ھەمرا بولغۇچى خانزادىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بىز داۋۇت خوجا بىلەن پاساۋۇلنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. چۈنكى داۋۇت خوجا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبچىسى ئىدى. پاساۋۇل بولسا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئىران ئېگىزلىكىدە قىلغۇسى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى.

ئۇرۇش ئاساسەن ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە خۇراسان ئەتراپىدا بولغان. ۋەھالەنكى، چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بۇنىڭدىن كۆپ ھالقىپ، ئۇلارنىڭ تارماق قوشۇنلىرى ھەتتا پارس قولتۇقىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇرۇش 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلىپ، داۋۇت خوجا ئۆز سۇيۇرغالىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، چاغاتاي قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىنگەن. لېكىن، بۇ مەزگىللەردە چاغاتاي خاندانلىقىنى ئۇرۇشتىن خالىي قىلالىغىدەك شارائىت تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com



يېڭى ئۇرۇشقا سەۋەبچى بولغان ئامىل شۇكى، كۆپەك ئىسەن بوقانىڭ ئالدىدا ياساۋۇلنى — يۇقىرىدا بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق — ئىران ئېگىزلىكىدە ئۇرۇش قىلغاندا دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دەپ ئەيىبلىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپەك يەنە ياساۋۇلنى ئىسلام دىنىغا بىھۆرمەت قىلغان دەپ ئەيىبلىگەن.

ئېھتىمال، بۇ ئىككى ئەيىبنىڭ بىرى ئىسەن بوقانىڭ زېھنىگە قاتتىق تەككەن بولسا كېرەك، ئىسەن بوقا كۆپەككە ياساۋۇل ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا، ياساۋۇلنىڭ دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكمۇ، ئىسلام دىنىغا بىھۆرمەت قىلغانلىقىمۇ دەلىللەندى. ئىسپات شۇكى، ئىلخان خاندانلىقى قوشۇنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ياساۋۇلغا يار-دەملەشكەن. ياساۋۇل دېگەن بۇ ئەرباب ھەم ھوقۇق مەستانىسى ھەم مال-مۈلۈك ئەۋارىسى ئىدى. 1318-يىلى ياساۋۇل ئىلخان خاندانلىقىنىڭ گۆدەك پادىشاھى ھۇسەيىنگە خىيانەتكارلىق قىلدى. بۇ ئىلخان خاندانلىقى مۈشكۈلات ئىچىدە قالغان كۈنلەر ئىدى. ئۇنىڭ شىمالىي زېمىنى جۇجى ئەۋلادى ئۆزبېكخاننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن، ئۇنىڭ غەربىي زېمىنى مىسىر قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن، ئۇنىڭ شەرقىي زېمىنى بولسا ياساۋۇلنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە قالغان ئىدى.

بۇ چاغدا، ئىسەن بوقانىڭ شەخسىي ئاداۋىتى سىياسىي مەنپەئەتتىنمۇ ھال-قىپ كەتكەن بولسا كېرەك. چاغاتاي خاندانلىقى بۇ پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، ئىل خان خاندانلىقىنى پارچىلاشقا قاتناشمىغان، بەلكى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياسا-ۋۇلغا ھۇجۇم قىلغان. كۆپەك باشلاپ ماڭغان سەككىز تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇن — بۇلارنىڭ تۆت تۈمىنى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ يېڭى ئىتتىپاق-دىشى بولغان خۇراسان، كوھىستان قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن يەتكۈزۈپ بېرىلگەن — شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە ياساۋۇلغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان.

1320-يىلى 6-ئايدا، ياساۋۇل ئافغانىستاندا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆپەكنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قەتل قىلىنغان. ئىسەن بوقا بىلەن كۆپەك ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي زېمىنلىرىدىكى ئۇلارنىڭ ئىنىلىرى دۆلەت تۆمۈر بىلەن تارما شىرىن بۆلۈنۈشۈپ باشقۇرغان.

دۆلەت تۆمۈرنىڭ ئىزىنى باسقان كىشى بوززان ئىدى. بوززاننىڭ نەسەبنامىسى مۇنداق:

بوززان — جاگام — دوغا.

تارىخ ھۆججەتلىرىدە بوززان توغرىسىدا قالغان مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز ئىدى. بوززان توغرىسىدا مۇھىم دەپ ھېسابلانغان مەلۇمات شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بوززان تارما شىرىنىنى مەغلۇب قىلغان ھەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن، ئۇرۇش ئوتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ھەم ماۋارا-ئۇننەھر رايونىنى يېڭىباشتىن قاپلىغان.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى تۇغلۇق تۆمۈر تىنچىتقان. تۇغلۇق تۆمۈر ھىجرىيە 730 - يىلى (مىلادى 1329 — 1330 - يىل) تۇغۇلغان. بەزى يازما ماتېرىياللاردا ئۇنى 14 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغان دېيىلسە، بەزى يازما ماتېرىياللاردا 18 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغان دېيىلىدۇ.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىغانكى، تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تارىخىدا ئەڭ قابىلىيەتلىك ھۆكۈمران بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى يىغىپ ئېيتقاندا مۇنۇلاردىن ئىبارەت:
(1) ئۇ ماۋارا ئۇننەھر رايونىنى ھەم شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي خاندانلىقىنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.
(2) ئۆزىنىڭ موڭغۇل قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئومۇملاشتۇرغان.

بىز ئاۋۋال ئۇنىڭ بىرىنچى مۇۋەپپەقىيىتى، يەنى ماۋارا ئۇننەھر رايونىنى قايتا بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي خاندانلىقىنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

كۆبەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ماۋارا ئۇننەھر رايونىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقىلىپ كەتكەن ھۆكۈمرانلار ئىچىدە — بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى سۇلتان، پادىشاھ دەپ ئاتىدى، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى خان دەپ ئاتىدى — ئاخىرقىسى قاززانخان ئىدى. ھازىرچە قولىمىزدا قاززانخاننىڭ شەجەرەئىي نەسەبلىرىنى دەلىللەپ بېرەلىگىدەك ئاساس يوق. بەزى مەلۇماتلاردا ئۇ ياساۋۇلنىڭ ئەۋلادى دەپ قەيت قىلىنغان، بەزى ماتېرىياللاردا بولسا ئۇ تارما شىرىننىڭ ئەۋلادى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ھەتتا بەزى مەلۇماتلاردا ئۇ باتۇنىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قازانخاننىڭ نەسەبلىرى توغرىسىدا مەلۇمات ئاز بولغان بىلەن، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا نۇرغۇن مەلۇمات قالدۇرۇلغان. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ ياۋۇز، چاكىنا ھەم ئەيشۇ - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن كىشى ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى ئىنسانىيەتتە بار ھەممە ئىللەت قازانخاندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، دەپ ئەيىبلىگەن.

1345 - يىلى قازانخان ۋاپات بولغان. كىشىلەر قازانخاننىڭ ئەۋلادى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادىدىن ئېشىپ كېتەلىگىدەك بىرەر يېرى بار دېيىلسە، ئۇ — بۇ كىشىلەردە ئىپادىلەنگەن چۈپەيلىك، ھاماقەتلىك ۋە قورقۇنچاقلىق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خان جەمەتىگە يات كىشىلەرنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ خانلىق تەختىگە چىققان.

تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خاندانلىقىنى قايتا روناق تاپتۇرۇشقا نىيەت باغلاۋاتقاندا، ماۋارائۇننەھر رايونىدا خانلار ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان، سىياسىي قالايمىقانچىلىق راسا ئەۋج ئالغان مەزگىل ئىدى.

1360 - يىلىدىن باشلاپ، تۇغلۇق تۆمۈر ماۋارائۇننەھردىكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا قايتا - قايتا ھەربىي كۈچلەرنى سېلىپ، 3 يىلغا قالماي ماۋارائۇننەھردە 20 نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، 1362 - يىلغا كەلگەندە ئاخىرقى ھېسابتا ماۋارائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ماڭدۇرغان. شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدىكى مەشھۇر قەلئەبەلخ چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدىكى تۇنجى تايانچ نۇقتىسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر بىرلىككە كەلگەن چاغاتاي خاندانلىقىنى يېڭىباشتىن تىكلىگەن.

تۇغلۇق تۆمۈر پامىرنىڭ غەربىدىكى زېمىنلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياسنى سەمەرقەندە تۇرغۇزغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلخ قەلئەسىدە تۆمۈر ئىسىملىك يەنە بىر كىشىنى مۇشۇ دائىرىنىڭ باش نازارەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. تۆمۈر ئىسىملىك بۇ كىشى كېيىنكى چاغلاردا تۆمۈرلەڭ يەنى ئاقساق تۆمۈر دەپ ئاتالدى. تۆمۈرلەڭ دېگەن بۇ ئىسىم ئىسلام تارىخىي ھۆججەتلىرىدە كۆپىنچە قانلىق پاجىئە بىلەن مەنىداش ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى.

تۆمۈرلەڭنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىش مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولمىغاچقا، بىز پەقەت ئۇنىڭ ماقالىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

تۆمۈرلەڭ خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بەلخ قەلئەسىنى ئوبدان باشقۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈرگە ياراپ قېلىپ، ئۇنى سەمەرقەندكە يۆتكەپ ئىلياسنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكىگە ئۆستۈرگەن.

يۇقىرىدا بايان — قىلىنغانلار تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بىرىنچى مۇۋەپپەقىيىتى.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە ئومۇملاشتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار مەزكۇر ماقالىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بايان قىلىشقا قالدۇرۇلدى.

1363 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ ئالمىلىق قەلئەسىدە دەپنە قىلىنغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قورغاس ناھىيىسى دائىرىسىدە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلامىيەتچە قەبرىسى ھېلىھەم ساقلانماقتا.

تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس سەمەرقەندتىن ئالمىلىق قەلئەسىگە كېلىپ خانلىق تەختكە ئولتۇرغان.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا پارچىلىنىشىدىن ئىبارەت پاجىئە ئەنە شۇ ئىلياس ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تۆمۈرلەڭ چاغاتاي خاندانلىقىنى پارچىلىغۇچى ئاساسىي كۈچ ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تۆمۈرلەڭ ئىلياس بىلەن پېتىشالماي، سەمەرقەندنى تاشلاپ بۈگۈنكى ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردا، شۇزاماندىكى چۈشكۈن ئېسىلزادىلەرگە ئوخشاش بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن. شۇ كۈنلەردە بىر قېتىملىق جەڭدە سول پۇتىغا ئوق تېگىپ ئاقساق بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۆمۈرلەڭ «ئاقساق تۆمۈر» دەپ ئاتالغان.

ئىلياس سەمەرقەندتىن ئالمىلىققا يېنىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۆمۈرلەڭ قېيناغىسى ھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ قوشۇن تارتىپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىپ، بەلخ قەلئەسىنى تارتىۋالغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، سەمەرقەند قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلغان. 1365 - يىلى، تۆمۈرلەڭ قوشۇن باشلاپ تاشكەندكە ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com



قىلغاندا، چاغاتاي خانىدانلىقى قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ زەربىگە ئۇچراپ، سەمەرقەندكە چېكىنىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، تۆمۈرلەڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئۆتۈپ بەلخ قەلئەسىگە چېكىنىپ كەتكەن. چاغاتاي خانىدانلىقى قوشۇنلىرى يېڭىباشتىن ماۋارا ئۇننەھرگە كىرگەن.

چاغاتاي خانىدانلىقى ئۈچۈن ئەڭ پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئىلياس ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن. شۇ چاغدا بولاجى — ئەينى زاماندائۇ دوغلات جەمەتىدىكىلەرنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇلۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە چىقارغانلىقى ئۈچۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن ئىدى — نىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى قەمەرىددىن قوشۇن تارتىپ، «بىركۈن ئىچىدىلا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 18 ئوغلىنى قىرىپ تاشلاپ» خانلىقنى تارتىۋالغان. قەمەرىددىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى 12 يىلغىچە داۋام قىلغان. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى تۆمۈرلەڭ بىلەن ماۋارا ئۇننەھرنى تالىشىش بىلەن ئۆتكەن. بۇ ئۇرۇش داۋامىدا قەمەرىددىننىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ناھايىتى ئاز بولغان، ئەگەر بىرەر نەتىجە بار دېيىلسە، ئۇ — قەمەرىددىننىڭ تۆمۈرلەڭنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا بۆسۈپ كىرىش مۇددىئاسىنى بىنەتىجە قىلغانلىقىدۇر.

قەمەرىددىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئەۋلادلىرى قايتىدىن خانلىق تەختىگە چىققان يېڭى ھۆكۈمراننىڭ ئىسمى خىزىر خوجا بولۇپ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇ 黑的火者 دەپ ئاتالغان.

خىزىر خوجا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ، قەمەرىددىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خانلىقنى تارتىۋالغاندا، خىزىر خوجىنى بولاجىنىڭ چوڭ ئوغلى خۇدايدات يوشۇرۇپ ئالغان، كېيىنكى يىللاردا خىزىرنى ئىزلەپ پامىر، كۇئېنلۇن ۋە تارىم ۋادىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. قەمەرىددىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خىزىر خوجا خۇدايداتنىڭ يۆلىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىققان.

خىزىر خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللار تۆمۈرلەڭنىڭ كىچىك ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۇرۇش بىلەن قاتتىق بەند بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەن ئىدى، شۇڭا چاغاتاي قوشۇنلىرى تۆمۈرلەڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قالدۇرۇپ كەتكەن ئازغىنا قوشۇنلىرىنى يېڭەلىگەن ئىدى.

ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن غەلىبىلەر خىزىرنىڭ غەيرىتىگە مەدەت بولدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا چاغاتاي خانىدانلىقىغا مەنسۇپ بولغان ھەممە زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە نىيەت باغلاپ، ئۆز پايتەختىنى ئالمىلىق قەلئەسىدىن ئالمۇتاغا كۆچۈرۈپ

بارغان. كېيىنكى كۈنلەردە، دەرۋەقە، چاغاتاي قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەقىقەتەنمۇ خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار سەمەرقەند، بۇخارا، خارەزىم قاتارلىق مۇھىم شەھەر ـ قەلئەلەرگىچە كۆپ قېتىم قىستاپ بارغان، بىراق، تۆمۈرلەڭ غەربىي ئاسىيادىكى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇش بىلەنلا، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتۇرۇپ كېلىپ، پۈتۈن كۈچىنى چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىغا قاراتقان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق جەڭ ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا بولغان. جەڭدە چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولغان. تۆمۈرلەڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئالمىلىققا ۋە قەشقەرگە ماڭغۇزغان.

ئالمىلىق قەلئەسىدە خىزىر خوجا تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، تۆمۈرلەڭ قوشۇنى بۇ قەلئەنى ئىشغال قىلىپلا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بويىچە مۇھىم سىياسىي مەركەز بولۇپ كەلگەن ئالمىلىق قەلئەسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. قەشقەر قەلئەسىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

خىزىر خوجا ئالمىلىقتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تىيانشان يولى بىلەن كۇچاغا قېچىپ بېرىپ، ئاندىن بەشبالىققا كۆچۈپ بارغان ھەم بۇ قەلئەنى ئۆزىنىڭ يېڭى پايتەختى قىلغان. خىزىر خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ قالدۇق چاغاتاي خاندانلىقى «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «بەشبالىق» دەپ ئاتالغان ھەم مەخسۇس تەزكىرە تۇرغۇزۇلغان.

شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارقىلىق، خىزىر خوجا تۆمۈرلەڭنىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئېتىراپ قىلغان ھەم قۇدا بولۇش ئارقىلىق تۆمۈرلەڭ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە سۈلھ ھاسىل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ماۋارائۇننەھر رايونى زېمىن جەھەتتە ۋە مىللىي تەركىبتە تەدرىجىي يوسۇندا مۇستەقىل گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان.

خىزىر خوجىدىن كېيىن، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن يەنە بىر نەچچىسى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇلار: مۇھەممەت — شىر ئەلى — ئۇۋەيس — يۇنۇس قاتارلىقلار ئىدى. لېكىن مەيلى ئۇلار رەھبەرلىكىدىكى ھاكىمىيەت بولسۇن، مەيلى ئۇلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرى بولسۇن، ماۋارائۇننەھر رايونى بىلەن چېتىلمىغان.

چاغاتاي خاندانلىقى ئەمەلىيەتتە خىزىر خوجىدىن كېيىنلا تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان.

(2)

XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەم ماۋارائۇننەھر رايونىدا سادىر بولغان بىر قاتار ۋەقەلەر ئىچىدە، ئىككى ۋەقە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇنىڭ بىرى — چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ قازانغان شەۋكەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى؛ يەنە بىرى — مۇشۇ شەۋكەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى نابۇت قىلغۇچى خان جەمەتىگە يات كۈچلەرنىڭ ئۇلغىيىشى ئىدى.

چاغاتاي خاندانلىقىدىكى بۇ ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاساسەن جالايىر، بارلاس، گاۋچىن، ئارلات ۋە دوغلاتتىن ئىبارەت بەش چوڭ جەمەت بولۇپ، جالايىر جەمەتىدىكىلەر خوجەند ئەتراپىدا ياشايتتى، بارلاس جەمەتىدىكىلەر قالقا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا ياشايتتى، گاۋچىن جەمەتىدىكىلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا ياشايتتى، ئارلات جەمەتىدىكىلەر ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا ياشايتتى، دوغلات جەمەتىدىكىلەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ رايونىدا ياشايتتى.

ئەجداد ۋە نەسەبنى دەستەك قىلىپ كۆرەڭلەيدىغان ئەشۇ زاماندا، بۇ جەمەتلەر ئۆز نەسەبلىرىنى تەڭلا چىڭگىزخانغا باغلايتتى.

دوغلات جەمەتىنى مىسال قىلايلى. مىرزا ھەيدەر كوراگان — ئۇنىڭ تارىخىي ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىنى تەتقىق قىلىشتا نوپۇزلۇق ئەسەر — ئۆزىنىڭ نەسەبلىرىنى ساناپ كېلىپ، «مېنىڭ جەمەتىم دوغلات موڭغۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى» دېگەن. موللا مۇسا سايرامى مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ بۇ مەلۇماتىغا تەپسىلىي تەبىر بېرىپ، «تارىخى ھەمىدى» دە مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان: «دوغلات سۆزى موڭغۇلچىدا ئاقسۇق دېگەنلىك بولىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى تاغىسى سەككىز پەرزەنت كۆرگەن، ئۇنىڭ ئالتىنچىسى ئاقساق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەبىلىسىمۇ ئاقساق دېگەن نام بىلەن ئاتالغان». بۇ بايانىنى دەلىللەش قىيىن، ئىنكار قىلماقمۇ تەس. بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، چىڭگىزخان ئۆز بالىلىرىغا سۇيۇرغال بۆلۈپ بەرگەندە، دوغلاتقا ئوخشاش يات جەمەتلەرنى چاغاتاينىڭ تەۋەلىكىگە بۆلۈپ بەرگەنلىكىدە گەپ يوق.

دەسلەپتە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى خان جەمەتىگە خاس ئىمتىياز بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدا نامى ئاتالغان بەش جەمەت بەھرىمەن بولالايدىغان مەنپەئەتلەر چەكلىك ئىدى. مۇشۇ جەمەتتىكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ئىسەن بوقا بىلەن كۆبەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولدى. ئۇنىڭ مۇھىم

ئالامىتى شۇكى، سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىدىن خان جەمەتىدىن باشقىلارمۇ بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى.

دوغلات جەمەتىدىكىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى مۇشۇ ئۆزگىرىشنىڭ شاھىدى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈرلۈك يازما مەلۇماتلار — مەيلى تۇغلۇق تۆمۈرنى مەدھىيىلەش بولسۇن، مەيلى قارىلىسۇن — تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ دوغلات جەمەتىگە مەنسۇپ بولاجىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىققانلىقىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققاندىن كېيىن، بولاجىنىڭ ۋاپاسىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قاتار ئىمتىيازلارنى بەرگەن. بۇ ئىمتىيازلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

بىرىنچىسى، ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان جەسانلىق مەنسەپ — ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى؛

ئىككىنچىسى، مەڭلەي سۇيەي — ئۇنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى ئايدەك جامال دېگەنلىك بولىدۇ — رايونىنىڭ نەسەبلىك ھۆكۈمرانى. بۇ دائىرە شىمالدا باغراش كۆلىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا خوتەن بوستانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچىسى، خاننىڭ پەرمانىغا بولاجىنىڭ مۆھۈرى بېسىلمىسا ئىجرا قىلىنمايدۇ.

روشەنكى، ئاخىرقى ئىمتىياز بولاجىنىڭ ئورنىنى خاننىڭ ئورنىغا يانداپلا قويغان. ئەمەلىيەتتە، تۇغلۇق تۆمۈر بالا چېغىدا تەختكە چىققانلىقى ئۈچۈن، خاندانلىقنىڭ ھوقۇقى ئاللىقاچانلا بولاجىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

بولاجى تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىن ۋاپات بولغان. شۇ چاغدا ئىلياس ھاكىمىيەت بېشىدا ئىدى. قەمەرىددىن ئۆز ئاكىسى بولاجىدىن قالغان ئىمتىيازلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، ئىلياس بۇ ئىمتىيازلار ئاتىدىن بالىغا قالىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن قەمەرىددىننىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. مانا بۇ، قەمەرىددىننىڭ قوشۇن تارتىپ توپىلاڭ قىلىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولغان.

شۇقېتىملىق قىرغىنچىلىقتا، بولاجىنىڭ ئوغلى خۇدايدات تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى خىزىرنى قۇتقۇزۇپ قالغان. خۇدايدات خىزىرغا ھەمرا بولۇپ 12 يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈپ، ئاخىر خىزىرنى تەختكە چىقارغان. ئەمەلىي تۆھپە بىلەن ھېسابلاشقاندا، خۇدايداتنىڭ ھەسسىسى ئۆز دادىسى بولاجىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن خۇدايدات ئۆز دادىسى بولاجىغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئىمتىيازغا ئېرىشكەن.

«تارىخ ھەممىدى» دە، خۇدايدات بەھرىمەن بولغان 12 خىل ئىمتىياز تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن :

(1) جەيسانلىق مەنسەپ ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ؛

(2) مەڭلەي سۈيەي يەرلىك نەسەبلىك ھۆكۈمرانى بولىدۇ؛

(3) خاننىڭ پەرمانى خۇدايداتنىڭ مۆھرى بېسىلمىسا ئىجرا قىلىنمايدۇ؛

(4) خان بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرىدۇ؛

(5) خانغا ئىككى چاكار چاي، قىمىز تۇشۇيدۇ؛ خۇدايداتقا بىر چاكارچاي، قىمىز تۇشۇيدۇ؛

(6) توققۇز جىنايەت ئۆتكۈزمىگىچە جازاغا تارتىلمايدۇ؛

(7) توققۇز جىنايەت ئۆتكۈزگەندە، قىزىل كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ سوراققا تارتىلىدۇ؛

(8) قىيىن - قىستاققا ئېلىش توغرا كېلىپ قالسا، قىزىل كىگىز ئۈستىدە قىيىن - قىستاققا ئېلىنىدۇ؛

(9) توققۇز جىنايەت ئۆتكۈزمىگىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ؛

(10) توققۇز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۆلۈم جازاسى قىلىچ، تۇقماق ياكى دارغا ئېسىش ۋاستىسى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ؛

(11) ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، ئادەمىزات يوق يەردە ئارغىماقنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئىجرا قىلىنىدۇ؛

(12) ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، جەسەتنى خان جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن ئەربابلەڭگە ئوخشاش ئەمىر - ۋەزىرلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئۈزىتىدۇ.

بۇ چاغدا پامىرنىڭ غەربىدە خان قەۋمىگە يات جەمەتنىڭ كۈچلىنىشى تېز ئۇلغايدى.

1345 - يىلى، جالايىر جەمەتىدىن قازىغان قوشۇن باشلاپ بېرىپ قازانىنى ئۆلتۈردى.

چاغاتاينىڭ سەرگۈزەشتىسى تۇغلۇق تۆمۈرگە ئوخشاپراق كېلىدىغان يەنە بىر ئەۋلادى بايىن قۇلى خانلىق تەختكە چىقىرىلىدۇ. بىراق، بايىن قۇلى شىجائەت، تەدبىر ۋە قەيسەرلىكتە ھەتتا تۇغلۇق تۆمۈردىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ، ھەممە ھوقۇق قازىغاننىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. 1357 - يىلى قازىغان ۋاپات بولۇپ، بايىن قۇلى قازىغاننىڭ ئوغلى ئابدۇللانىڭ قولىغا قالغان. مۇشۇ مەزگىل جالايىر

جەمەتى راسا روناق تېپىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

بايسىن قۇلى ئابدۇللا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەقە تەخت تاماگەرلىرى ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن پۇرسەت بولىدۇ. ئابدۇللا، «خاننى ئۆلتۈرگەن» دەپ تەرەپ-تەرەپتىن قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. ئاخىرىدا بارلاس قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بايسىن سەئىد غازىنى سەركەردە قىلىپ، ئابدۇللانى مەغلۇب قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بارلاس جەمەتى جالايىر جەمەتىنىڭ ئورنىنى بېسىپ پامىرنىڭ غەربىدىكى زېمىننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ.

يازما مەلۇماتلاردا، بايسىن سەيىد غازىنىڭ ئەسكىلىكى ئۈستىدە كۆپ توختالغان. بايسىن سەئىد غازىدا ئىلغا ئالغىدەك سىياسىي مۇۋەپپەقىيەت بولمىغان. ماھىيەتتە، ئۇ بارلاس جەمەتىنىڭ قورچىقىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

1362 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ماۋارائۇننەھر رايونىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن چاغاتاي خاندانلىقىنى يېڭىباشتىن تىكلەش بىلەن تەڭ، بارلاس جەمەتىنىڭ ماۋارائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغىمۇ خاتىمە بەرگەن. بۇ جەمەتنىڭ سەركەردىسى ھاجى بارلاس ئىران ئېگىزلىكىگە قېچىپ كېتىۋېتىپ، خۇراساندا قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

چاغاتاي خاندانلىقىنى يېڭىباشتىن روناق تاپتۇرغانلىقى ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوبرازى بىردىنلا نۇرلانغانىدى. شۇ دەۋردە راسا ئۇلغىيىۋاتقان خان قەۋمىگە يات كۈچلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايتا روناق تاپقان چاغاتاي خاندانلىقى ۋاقىتلىق تىزگىنلەش رولىنىلا ئوينىيالىغان. بۇ ھالەت كېيىنكى قەمەرىددىن توپىلىڭىدا تامامەن دەلىللەنگەن.

پامىرنىڭ شەرقىدە قەمەرىددىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندا، پامىرنىڭ غەربىدە تۆمۈرلەڭ كىشىلەرگە تونۇلماقتا ئىدى. XIV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت يازما ئەسەرلەر ئىچىدە، بۇ ئەرباب ئىلغا ئېلىنمىغىنى يوق دېيەرلىك. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ماقالىدە ئالاقىدار تەپسىلاتلارنى مەقسەتلىك ھالدا ئاتلاپ ئۆتتۈم. شۇنداقتىمۇ كىچىككىنە ئىزاھ بېرىپ ئۆتىمەن. تۆمۈرلەڭ — بارلاس جەمەتىگە مەنسۇپ كوراگان قەۋمىنىڭ باشلىقى تالايىنىڭ ئوغلى. ھاجى بارلاس — تۆمۈرلەڭنىڭ كىچىك دادىسى بولىدۇ.

تۈرلۈك ئىجتىمائىي كۈچلەر زورىيىۋاتقان ئەشۇ يىللاردا، دىندارلار جەمەتىمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىغان. بۇلاردىن ئەڭ چوڭ بولغىنى پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئەرشىددىن جەمەتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆز ۋاقتىدا تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدىكى ئايكۆل دېگەن يەردە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندا، ئەرشىدىننىڭ دادىسى جالالىدىن ئىمام ملىق سۈپىتى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىمان ئېيتقۇزغان.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقى ئۆز قېرىنداشلىرىغا دەرھال ئايان بولغان ئەمەس. تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدىن ئالمىلىققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىي ئېتقادىنى جاكالىغان ھەم جالالىدىننى ئالمىلىققا خاندانلىقىنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان، ئەمما، جالالىدىن سەپەرگە چىقماي تۇرۇپلا ئالەمدىن كېتىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن دادىسىنىڭ ئورنىدا ئالمىلىققا بارىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈر ئىنتايىن قاتتىق تەدبىرلەر بىلەن ئالمىلىقتا موڭغۇل بەگزادىلەرنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرىدۇ. ئېيتىلىشىچە، پۈتۈن مۇراسىملارغا ئەرشىدىن رىياسەتچىلىك قىلغانىكەن.

بۇ مەزگىل تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا راسا ئىشتىياق باغلىغان مەزگىل ئىدى. ئەرشىدىننىڭ بۇ ئېغىر خىزمىتىنى مۇكاپاتلاش ھەم ئۆزىنى سادىق مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈر ئەرشىدىنگە مۇنۇ ئىمتىيازلارنى بەرگەن:

(1) ئەرشىدىنگە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ باشلىقىدىن بالىسىغا مىراس قالىدىغان شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن؛

(2) كۇچادا ئەرشىدىنگە خانىقا سالدۇرۇپ بەرگەن؛

(3) تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن ئېلىنىدىغان ئۆشرە ـ زاكاتنىڭ بىر قىسمىنى ئەرشىدىن جەمەتىگە تەئەللۇق قىلىپ بەرگەن.

ئىماملىق مەرتىۋە ئەرشىدىن جەمەتىنى مۇشۇ رايوندا ئەڭ نوپۇزلۇق كۈچلەردىن قىلىپ قويغان. مۇقىم خانىقا ئەرشىدىن جەمەتىنى تۇرغۇن ۋەخپە يەر ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىغا ئىگە قىلغان. ئۆشرە ـ زاكاتتىن بەھرىمەن بولۇش ئەرشىدىن جەمەتىنى شەكلى ئۆزگەرگەن سۇيۇرغاللىغا ئىگە قىلغان.

مۇشۇ جەمەت ھاسىل قىلغان تەسىر كۈچ تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ۋەقەلەردە تولۇق دەلىللىنىدۇ.

خىزىر رەسمىي خانلىق تەختىگە چىقىشتىن ئاۋۋال، خۇدايدات باشلىق 30 نەچچە كىشىلىك ئەلچىنى ئەرشىدىننىڭ رايىنى ئېلىپ بېقىش ئۈچۈن كۇچاغا ئەۋەتكەن. بۇ ئەلچىلەر ئەرشىدىنگە ئاتاپ 100 ئات، 500 كالا، 1000 قوي، 50 تۆگە 15 قۇل سوغا قىلغان. ئەرشىدىننىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، خىزىرنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىش رەسمىيىتى ئاندىن تاماملانغان.

بۇندىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ نامزاتلىرىمۇ ئەرشىدىن تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن، ھەتتا خۇدايداتنىڭ باش ۋەزىرلىككە قويۇلۇشىنىمۇ ئەرشىدىن تەكلىپ قىلغان.

پامىرنىڭ غەربىدە باھاۋۇدون نەخشىۋەندى ئىسىملىك كىشى ئەشۇ دائىرىدە دىنىي رەھبەر بولغان، بۇ جەمەتنىڭ روناق تاپقان ۋاقتى ئەرشىدىن جەمەتىدىنمۇ بالدۇرراق بولۇپ، كۆبەكزامانىدىلا باھاۋۇدۇن نەخشىۋەندى خاندانلىقنىڭ قىسمەن سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا باشلىغان.

(3)

بىز چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتە قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىياپىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مەزمۇنلار پەقەت چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى مەمۇرىي قۇرۇلما، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ھەم مەدەنىيەت قاتارلىق مەزمۇنلار تولۇقلايدۇ.

## مەمۇرىي قۇرۇلمىسى

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ يولغا قويغىنى قوش يوللۇق مەمۇرىي قۇرۇلما ئىدى. بىز ئالدى بىلەن خاندانلىق مەمۇرىي قۇرۇلمىسىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى — خاندانلىق پۇقرالىرى — نىڭ ئەھۋالىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقايلى.

ئىقتىساد نۇقتىسىدىن قارىغاندا، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پۇقرالىرىنى دېھقان ئاھالىلەر ۋە چارۋىچى قەبىلىلەر دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ماۋارا ئۇننەھر رايونىدا ياشايدىغانلار خاندانلىقنىڭ دېھقان پۇقرالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تيانشاننىڭ شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدا ياشايدىغانلار خاندانلىقنىڭ چارۋىچى پۇقرالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي خاندانلىقى زېمىن دائىرىسىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تارىخى بۇندىن بىر قانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى مەزگىللەرنى مۇقەددىمە قىلىدۇ. بۇ دائىرىدىكى سودا پائالىيىتى ۋە شەھەر تۇرمۇشىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇر باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ دائىرىدە ھاكىمىيەت تىكلىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر مۇنچە سۇلالىلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇشۇ پۇختا قەلئەلەرنى تايانچ نۇقتا قىلىپ يۈرگۈزگەن.

چاغاتاي خاندانلىقى ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ ئوتلاقنىڭ ئىككىسىنى، يەنى جوڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىنى سورىدى. بۇ ئوتلاقلار خاندانلىق دائىرىسىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئوخشاش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي پائالىيەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. بۇ ئوتلاقلار ساكلار مەدەنىيىتى بەرپا بولغان جاي ئىدى. شۇنداقلا ھۇنلار، دىڭلىڭلار، چوڭ ياۋچىلار، تۆلۆسلەر (تېلېلار)، جۇجانلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار (خۇيگۇلار) نىڭ ئاساسىي تارىخ سەھنىسىمۇ بولغان.

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق يىراققا يۈرۈشى — چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا، باتۇنىڭ ياۋروپاغا، ھىلاكۇنىڭ ئىران ئېگىزلىكىگە قىلغان يۈرۈشلىرى — شۇ ئوتلاقلارنى يۆلەنچۈك قىلغان. جۇجى، ئۆگداي، چاغاتاي خاندانلىقلىرىنىڭ ئۆز بارگاھلىرىنى ئوتلاقلاردا تىكلىگەنلىكى ئوتلاقلارنىڭ شۇ زاماندىكى رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايەن قىلىدۇ.

دىنىي ئېتىقادتىن قارىغاندا، خاندانلىقنىڭ پۇقرالىرى مۇسۇلمانلار ۋە كۆپپارلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. مۇسۇلمان پۇقرالار خاندانلىقنىڭ دېھقان پۇقرالىرى، كۆپپار پۇقرالار خاندانلىقنىڭ چارۋىچى پۇقرالىرىدۇ، بۇ چارۋىچى پۇقرالار ئىسلام دىنىغا سوغاق چىراي بىلەن قارايتتى ياكى ئۇنىڭدىن ياتسىرايتتى. بۇلا ئەمەس، ھېچقايسىدىن شۇ زامانلاردا بۇ كۆچمەن خەلقلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تامامەن كونترول قىلالىغان ئەمەس.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ قوش يوللۇق مەمۇرىي قۇرۇلمىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەشۇ زېمىن، تارىخ، ئىقتىساد ۋە دىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.

بۇ مەمۇرىي قۇرۇلمىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوتلاق رايونلاردا خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا بىر قاتلام بار. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بولسا خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىككى قاتلام بار ئىدى.

چاغاتاي خاندانلىقى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا زادى چېقىلمىغان. قەبىلىلەر بۇرۇنقىدەكلا، ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى، ھەم مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ تۇرىۋەردى. خاننىڭ پەرمانلىرى قەبىلە باشلىقلىرى ئارقىلىق مۇشۇ كۆچمەن قەبىلە خەلقى ئارىسىدا بەجا كەلتۈرۈلگەن. قەبىلە باشلىقلىرى ئۆز قەبى-

لىرى دائىرىسىدە ئەنئەنىۋى ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە چاغاتاي خاندانلىقى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەمۇرىي ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولغان. مەسىلەن: باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ۋەھاكازالار.

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا خاننىڭ پەرمانلىرى ئالدى بىلەن باش نازارەتچى، ئاندىن جايلاردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئارقىلىق دېھقان پۇقرالار ئارىسىدا بەجا كەلتۈرۈلگەن. باش نازارەتچىنىڭ قارمىقىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئەمەلىيەتتە يەرلىك ھاكىملار ئىدى. ئۇلار «مۇلك» دەپ ئاتىلاتتى. مۇلكلەر بۇخارا، تاشكەند، سەمەرقەند، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلىنغان، ھەتتا پايتەخت ئالمىلىقتىكى مەمۇرىي ئىشلارمۇ مۇلكلەر تەرىپىدىن بېجىرىلەتتى.

ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە قوش يوللۇق مەمۇرىي قۇرۇلما، شۈبھىسىزكى، چېچىلاڭغۇ بېقىندۇرۇش ۋە بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى تۇتۇپ تۇردى. مۇشۇ قوش يوللۇق مەمۇرىي قۇرۇلما ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ئارقىلىق شۇنى بايقاپ ئالدۇقكى، جايلاردىكى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە مۇلكلەردە قائىدىدىن چەتلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىسىمۇ، خاندانلىق ئاساسلىقچە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ۋە ئىمتىيازىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. لېكىن قەبىلە باشلىقلىرى ۋە مۇلكلەردە خاندانلىقنىڭ مۇھىم سىياسىي تەدبىرلەر توغرىسىدىكى مۇزاكىرىگە قاتنىشىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. مۇھىم سىياسىي تەدبىرلەر توغرىسىدىكى مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ھوقۇقى پەقەت موڭغۇل خانزادىلىرىدىلا بولاتتى.

بۇنداق چېچىلاڭغۇ بېقىندۇرۇش - بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، جايلاردىكى مۇلكلەر ئۆز نامىدا پۇل قۇيدۇرالايتتى ۋە جايلاردىكى مەسچىتلەردىمۇ ئۆز جايىدىكى مۇلكلەرگە ئاتاپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇلاتتى.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسىدا كۆپەكنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى.

يازما ماتېرىياللاردا نۇرغۇن مەلۇمات قالدۇرۇپ كەتكەن كۆپەك يەنە نۇرغۇن يادىكارلىقلارنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى كۆپ تارتىدىغىنى — ئۇنىڭ نامىدا قۇيدۇرۇلغان مېتال پۇلدۇر. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «كۆپەك چاغاتاي خاندانلىقى دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدىغان پۇلنى قۇيدۇرغان ھەم پارس ۋە ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ پۇل بىرلىكىنى ئۆلچەم قىلغان. كۆپەك دىرھەم ۋە دىنارنى قۇيدۇرغان ... ئوتتۇرا

ئاسىيادا بۇ پۇل كېيىنكى يىللاردا كۆبەكنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان» * پۇللارنىڭ قۇيۇلۇشى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە كۆپ تەرەپلىمە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ يەردە بىز شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، پۇل قۇيۇش چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ باج تۈزۈمىدە يېڭى بۇرۇلۇشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ بۇرۇلۇشلار، بىرىنچىدىن، نەرسىنىڭ ئورنىنى پۇل ئالدى؛ ئىككىنچىدىن، نوپۇسقا قاراپ باج ئېلىشنىڭ ئورنىنى زېمىنغا قاراپ باج ئېلىش ئالدى. زېمىنغا قاراپ باج ئېلىش تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى كۆبەكنىڭ مۇھىم سىياسىي مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆبەك باج ئېلىش دائىرىسىنى تەبىئىي شارائىتقا قاراپ ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى «تۈمەن» دەپ ئاتىغان. زېمىنغا قاراپ باج ئېلىش تۈزۈمى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىمۇ يولغا قويۇلغان. بۇ يەردە باج ئېلىنىدىغان زېمىن دائىرىسى «ئورچىن» دەپ ئاتالغان، بۇ موڭغۇلچە تېرمىن بولۇپ «مەھەللە»، «ئەتراپ»، «دائىرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

زېمىنغا قاراپ باج ئېلىش، ماھىيەتتە، باجنى ھۆددىگە بېرىشكە بىر ئاز يېقىنلىشىدۇ. ھۆددە ئالغۇچىلار ئەلۋەتتە جايلاردىكى مۇلۇكلەردۇر.

پۇل ۋە باج تۈزۈمىدە كۆرۈلگەن بۇ يېڭىلىقلار چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ياساۋۇلنى ماۋارا ئۇننەھر رايونىدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئۆز زېمىنى دائىرىسىدە يۈز ئۆرۈگەن ھەر قانداق كۆچكە يول قويمايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى تارما شىرىن، دۆلەت تۆمۈر ۋە قاززان دەۋرلىرىدە نابۇت قىلىۋېتىلدى. ئۇلاردىن كېيىن مەركەز كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىشكە يۈز تۇتۇپ، دوغلات ھەم جالايىر جەمەتلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىشتى.

## ئىقتىساد

ئارقا بوغا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى غەربىي رايوندا قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇرغۇن نەتىجىلەر قازىنىپ، جەمئىيەتنى خاتىرجەملەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش،

* «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان. گېڭ شىمىن تەرجىمىسى.

سودا ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويغانىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاققا بارمىدى. قايدۇ، دوغالارنىڭ قۇبلاي بىلەن قىلىشقان ئۇرۇشى يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىردىنلا يوقاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چاغاتاي خاندانلىقى دائىرىسىدە ئىجتىمائىي ئىقتىساد تۆۋەنلەپ كېتىۋەردى.

بۇنداق ھالەتنىڭ بىرىنچى سەۋەبچىسى — ئۇرۇش. شۇ دەۋرگە ئائىت يازما مەلۇماتلارنى ۋاراقلايدىغان بولساق، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئاساسچىسى دوغادىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى خان خىزىرغىچە ئۇرۇش پائالىيەتلىرى ھەر بىر خاننىڭ تارىخىغا پۈتۈلگەن. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بەزىلىرى پامىرنىڭ شەرقىدە بولغان، بەزىلىرى پامىرنىڭ غەربىدە بولغان، ھەتتا گايىدا چاغاتاي خاندانلىقى زېمىنىنىڭ سىرتىدىمۇ بولغان.

ئۇرۇشنى پەيدا قىلغان ئامىللار كۆپ، ۋەھالەنكى، خاندانلىق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن بولغان ئۇرۇش ھەممىدىن كۆپ. ئىسەن بوقا، دۆلەت تۆمۈر، تۇغلۇق تۆمۈر، ئىلياس، خىزىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانلىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە پىتىراپ كەتكەن، ئەسكەرلەر ۋە باندىتلار ھەممە جاينى قاپلاپ كەتكەن. چېرىك بىلەن بۇلاڭچىنى ئايرىغىلى بولمايتتى، گاھىدا خاندانلىقنىڭ مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى قاراقچىلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ، ئاھالە ۋە سودىگەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى. ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئەۋج ئالغان ئەشۇ يىللاردا، ھەتتا تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارمۇ ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. يولۇچىلار ۋە كارۋانلار خاتىرجەم ماڭالمايتتى. بۇلا ئەمەس، خاننىڭ ئەلچىلىرى ۋە خىزمەت ئورنىغا كېتىۋاتقان ئەمەلدارلارمۇ مۇھاپىزەتچىسىز سەپەرگە چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ھەممىدىن ئاۋۋال سودا پائالىيەتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى. خاندانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، ئىقتىسادىي مەركەزلەر ئارقا - ئارقىدىن زەئىپلىشىپ كەتتى. بىر زامانلاردا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىقتىسادىي مەركەز دەپ تونۇلغان ئاقسۇ قەلئەسىنىڭ شۇ كۈنلەردە خارابىلىققا ئايلىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەر دەستىدىن تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ، سەرسان بولۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر.

جەمئىيەتنىڭ پاراكەندىچىلىكى، ئىگىلىكنىڭ خارابلىشىشى، قاتناش - ترانسپورتنىڭ توختاپ قېلىشى جايلاردىكى ئېكسپلاتاتسىيىچى سىنىپنى قاتتىق نارازىسىغا

www.uyghurkitap.com



سالدى. كۆچمە مۈلۈكلەر ئەمدى ئىشەنچسىز بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەر گىرەلىشىپ كەتكەن رايونلاردا، كۆچمە مۈلۈكلەر ھەممىشە غەلىبە قىلغۇچىلار-نىڭمۇ، مەغلۇب بولغۇچىلارنىڭمۇ تالان - تاراج قىلىدىغان نىشانى بولۇپ قالدى. دەۋر ئارقىغا چېكىنىشكە يۈزلەندى، پۈتكۈل ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ئۆز ئىشتىياقىنى ئېتىز - ئېرىققا باغلىدى، چۈنكى يەر دېگەن «ئالتۇن قوزۇق» - تە.

بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، يېزىلاردا ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بەلگە قىلىنغان يانچىلىق تۈزۈمى قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە كۆرۈلگەن چۈشكۈنلۈكنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردىن يەنە شۇنىمۇ كۆرۈۋىمىزكى، بۇنداق چۈشكۈن-لۈكنىڭ يەنە بىر سەۋەبى — خاندانلىقتىكى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ دېھقانچىلىققا تۇتقان سوغاق مۇئامىلىسىدۇر.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پۈتكۈل دۆلەت پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلساق، چاغاتاي خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى روناق تاپقۇزۇش يولىدا بىرەر تەدبىر قوللانغانلىقىنى چىلىقتۇرالمايمىز. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچى-لىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشقا ئىنتايىن چوڭقۇر رىشتە باغلىغان. ئۇلار ھەتتا چارۋىچىلىقتىن باشقا ھەممە كەسىپنى ھارام دەپ قارىغان. بۇنداق پىسخىك ھېسسىيات ئىسەن بوقانىڭ شەرققە كۆچۈشىدىكى ئىچكى ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

گەرچە كۆپەك باشلىق بىر تۈركۈم موغۇل خانزادە، ئاقسۆڭەكلىرى ماۋارا-ئۇننەھردە كېيىنكى يىللاردا داۋاملىق قېپقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار موغۇل ئۇرۇقىدىن بولمىغانلار بىلەن بولغان پەرقىنى ئىمكان قەدەر ئېنىق ئايرىشقا تىرىش-قان. مەسىلەن، تىل، ئۆرپ - ئادەت، ھەتتا كىيىم - كېچەك جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلگەن. نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ئۆز خاتىرىلىرىدە كۆپەكنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي پامىر موغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز ئوردى-سىدا يەنە ئايرىم چېدىر تىكتۈرۈپ، دۆلەت مېھمانلىرىنى شۇ يەردە قوبۇل قىلىدى-غانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

## مەدەنىيەت

بۇ شۇ قىسىمدا دىنىي مەسىلە — بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان بىرىنچى مەسىلە. چاغاتاي خاندانلىقىدا تىركىشىپ تۇرغان دىنلار، ئىسلام دىنى بىر قەدەرپ،

بۇددا دىنى باشچىلىقىدىكى باشقا دىنلار بىر تەرەپ بولۇپ، ئىككى چوڭ لاگېرنى تەشكىل قىلغانىدى.

شۇ زامانلاردا، بۇددا دىنى گەرچە تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ياقىلىرىدىكى بەزى پارچە - پۇرات دائىرىلەردە تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاسىتە رىقابەتلەشكۈدەك ماغدۇر ۋە شارائىت قالمىغانىدى. چارۋىچى قەبىلە ۋە خەلقلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنلارغا كەلسەك، بۇ دىنلار كۆپىنچە ئىپتىدائىي دىنلار بولۇپ، دىنىي پىرىنسىپى ئېنىق، دىنىي قائىدىسى مۇكەممەل بولغان ئىسلام دىنى بىلەن ئەلۋەتتە تەڭ بولالمايتتى.

دەۋرقە، ئىركىشىپ تۇرغان بۇ ئىككى لاگېر چاغاتاي خاندانلىقىدىكى دىنىي مەسىلىلەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ — چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر قايسى دىنلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە، مۇھىمى، ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى بىلەن يىراقلاشقان دەۋر خاندانلىقنىڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرى ئىدى، ئىسلام دىنى بىلەن يېقىنلاشقان دەۋر خاندانلىقنىڭ زەئىپلەشكەن دەۋرى ئىدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خۇلاسە شۇكى، چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىدىن ئۆزىنىڭ ماددىي كۈچى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە پايدىلانغان.

تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىن، چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان ئىدى. خىزىر دەۋرىگە كەلگەندە، خاندانلىقنىڭ پۈتكۈل دۆلەت پائالىيىتىگە، جۈملىدىن سىياسىي ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرىگىمۇ قويۇق دىنىي تۈس كىردى. چىڭگىزخاننىڭ مۇشۇ بىر تۈركۈم ئەۋلادلىرى، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان ئىشتىياق بىلەن سامانىلار ۋە قاراخانىلار سۇلالىلىرى ئورنىدا پ كېتەلمىگەن خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ، ئىسلام دىنىنى ئىيانشاننىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىدا ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى قۇرۇقلۇقنىڭ ئەڭ شەرقىي چېتىدىكى ياسىلغا يەتكۈزدى.

دىنىي مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ، چاغاتاي ئەلادلىرى باشچىلىقىدىكى موغۇل خانزادە ۋە بەگزادىلىرىنىڭ ئاخىرى كېلىپ يەرلىك ئاھالىلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كېتىشىدە مۇھىم باسقۇچ بولدى. بۇ موغۇل كىشىلىرى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى خەندەك يوقالدى.

www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت قىسمىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان ئىككىنچى مەزمۇن — تىل.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك تۆھپىسى تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي خاندانلىقى يوقىلىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن، «چاغاتاي تىلى» دېگەن ئاتالغۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىز ياشاۋاتقان زامانغا كەلگەندە، «چاغاتاي تىلى» دېگەن ئاتالغۇ بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرگە تونۇلدى.

چاغاتاي تىلىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە زور تارىخىي رولى XVI ئەسىردىن كېيىن پەيدىنپەي ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى جەلپ قىلغىنى قارشى، لۇتفى، سەككاكى،[*] ناۋايى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ كۆركەم، شەۋكەتلىك ئەسەرلىرى ئىدى. پەقەت ناۋايىلا 14 داستان يازغان، يازغان بېيىتى 2 مىليون مىسرادىن ئاشىدۇ.

ئاتىلىشىغا قارىغاندا بۇ خىل تىلنى چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىجاد قىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام ئۇنىڭ ئىستېمال قىلىنغان زېمىن دائىرىسى ۋە زامانغا قاراپ، يەنى XIV ئەسىردە چاغاتاي خاندانلىقى زېمىنى دائىرىسىدە قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ قويۇلغان. ئۇزاق ۋاقىت تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، كىشىلەر ئاخىرى شۇنى بىلدىكى، «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ تىل، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل بىردەك تىل، شۇڭا بۇ تىلنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئەربابلار بەزىدە بۇ تىلنى «قەشقەر تىلى» دەپمۇ ئاتىغان. بۇ ئاتاق ئەمەلىيەتتە چاغاتاي تىلىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئەمدى، بىز بۇ تىلنىڭ تارىخىي يىلتىزى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى قەدەمدە گەپنى چىڭگىزخان زامانىدىن باشلايلى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىلىكىگە ئاتلانغان چاغدا، ئىمپېرىيىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلار يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى بويسۇندۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلىرىدا پۈتۈكچى، ھېساباتچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار ئىدى. مۇشۇ ئورگانلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتتا بولغان قويۇق ئالاقىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ دەۋرلەردە مۇشۇ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا نەقەدەر چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

ئەگەر بىز يىراقتىن ئۆتمۈشنى ئەسلەيدىغان بولساق، يەنە شۇنىمۇ كۆرىمىزكى، X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سامانىلار خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى ئورنىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئومۇملاشتۇرغان ۋە بۇ تىل نۇرغۇن سورۇنلاردا تاجىك تىلىنىڭ ئورنىنى باسقان. غەربىي لياۋ سۇلالىسى (قاراخىتايلار) زامانىسىدا، ماۋارا ئۇننەھىر رايونىدىكى تىل پاسىللىرى ئاساسىي جەھەتتە قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ھالەتتە تۇرغان. مۇشۇ تارىخىي مەزگىلدە، كېيىنكى دەۋردىكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇرۇقلىرى ئەمەلىيەتتە بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا يەنە بىر قېتىم يۆلىنىپ كىرىشى، مۇشۇ ئونىۋېرسال تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى خېلى تېزلەتكەن.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى مۇنداق بىر ئوخشىتىش بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن: بۇ تىلنى بىر بىنا دېسەك، ئۇنىڭ ئۇلى يەنى فونېتىكىسى، گراماتىكىسى ئۇيغۇرلارنىڭ، خىش - كېسەكلىرى يەنى لېكسىكىسى بولسا ھەر جەھەتتىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ، قازاق تىلىنىڭمۇ، ئەرەب تىلىنىڭمۇ، پارس تىلىنىڭمۇ ۋە موڭغۇل تىلىنىڭمۇ ئامىللىرى بار.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە ھەممە كىشى قايىل. مۇئەللىپ ئورتاق باھاغا قوشۇلۇش بىلەن بىللە، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇكى، چاغاتاي تىلىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا تەكىتلەنگەن بۇ مەزمۇن ئۇنىڭ بىر كىچىك تارمىقىدىنلا ئىبارەت. لېكىن، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشتا تەكىتلەپ ئۆتكەنلىرىم سەل چاغلاشقا بولمايدىغان ئاساسىي ئېقىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ سىياسىي خاتىمىسى بەشبالىق ھاكىمىيىتى دەۋرىگە توغرا كەلسە، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ۋاقتى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

پايدىلانغان كىتابلار:

1 . «تارىخى جاھان گۇشاي» 1 - توم.

( داۋامى 168 - بەتتە )

# شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات

تيەن ۋېيجياڭ

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، غەربىي رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مالىمانچىلىقتا «زېمىنى كەڭلىرى دۆلەت، زېمىنى تارلىرى يۇرت دەپ ئاتىلىپ، بىر-بىرىگە بېقىنمايدىغان باشباشتاق بولىۋالغانلىقى»①، شۇ چاغدىكى غەربىي رايون ۋەزىيىتىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى ئىدى. بۇ خېلى كۆپ «دۆلەت»، «يۇرت»لار ئىچىدە، بىر قەدەر قۇدرەتلىك، غەربىي رايوننى بىر مەھەل بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە 200 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى — پارس تارىخنامىلىرىدا «موغۇلىستان»، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «بېشبالىق» (بەشبالىق) دەپ ئاتالغان يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە ئۇنى «چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى» دەپ ئاتايدۇ.

موغۇلىستان خانلىقىنىڭ زېمىنى كەڭ، تەۋە قەۋمى كۆپ بولۇپ، غەربتە پەرغانە، شەرقتە قۇمۇل، جەنۇبتا شىزاڭ، شىمالدا ئۇيرات موڭغۇللىرى زېمىنىغىچە بولغان كەڭ زېمىن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان، موڭغۇل خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قېپقالغان قەبىلىلىرى ۋە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق قەۋملەرنى ئىدارە قىلغان. قەدىمكى غەربىي رايون تارىخىدا، موغۇلىستان خانلىقى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇ دەۋردىكى تارىخىي ئەھۋاللار توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان موڭغۇل قەبىلىسى — دوغلات قەبىلىسىگە ئائىت تارىخىي ئەھۋاللار توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى تېخىمۇ ئاز.

مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، بۇ ماقالىدە موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ غەربىي رايون تارىخىدا ئوينىغان رولى ئۈستىدە دەسلەپكى

قەدەمدە ئىزدىنىپ كۆردۇم. نا مۇۋاپىق جايلىرىغا يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ نامى ۋە ئېتنىك مەنبەسى

دوغلات (Duqhat) خەنزۇچىدە 《朵豁拉惕》 ياكى 《秃忽剌》 يېزىش پارس تىلىدىكى دوغلات [Duq(u)Iat ياكى DuKlat] دېگەننىڭ باشقىچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بۇ يۇەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر. ئەبۇ غازىنىڭ «تۈرك شەجەرىسى» دە، موڭغۇل تىلىدىكى «دوغولوڭ» [dOqhOiOag(-lang)] دېگەننىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، ئۇ «ئاقساق» (Iame) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان②.

دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ھازىرمۇ ھەر خىل قاراشلار بار، مەسىلەن، بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى چۇلۇق دەپ ئاتالغان تۈرك قەبىلىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ ③. شۇنداقتىمۇ، XIV ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيە تارىخچىسى راشىدىن (Rashidi-dinFadI AII$_{ah}$) يازغان «تارىخنامە» دە، موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى تۇمىنىخان (Tumineh-Khan) نىڭ 8-ئوغلى بۇرلجار (burIjar) قەۋمىدىن بولۇنۇپ چىققانلىقى، تۇمىنىخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى خابۇلخان چىڭگىزخاننىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن④. ۋ. بارتولد بۇ قەبىلە ئەڭ دەسلەپ بۇگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى يايلاقلاردا پائالىيەت قىلغان، چىڭگىزخان دەسلەپتە تايچىئۇت قەبىلىسى بىلەن جەڭ قىلغاندا، دوغلات قەبىلىسى ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان ⑤. تارىخىي ماتېرىياللاردا، چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئورتوبقا يەتتە تۈرلۈك ئىمتىياز بېرىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنى نەزەرگە ئالساق، ئورتوب دوغلات قەبىلىسى چىڭگىزخان ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغاندا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن تارتۇقلانغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەلەيمىز.

دوغلات قەبىلىسىنىڭ چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئىش پائالىيەتلىرى، يەنى قاچان، قايسى سەۋەبتىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىن غەربىي رايونغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي ئەھۋاللار توغرىسىدا بىز پايدىلىنىشقا بولىدىغان

www.uyghurkitap.com



بىردىنبىر ماتېرىيال بۇ قەبىلىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئەۋلادى ـــ مۇھەممەد. ھەيدەر. دوغلات مىرزا تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدىيە» («ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ⑥ دېگەن ئەسەردۇر. دوغلات جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەيدەر كىتابىنىڭ ئىككى يېرىدە ئۆز جەمەتىنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرىدىكى تارىخى ۋە غەربىي رايونغا كۆچۈش سەۋەبى ئۈستىدە توختالغان، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«(چىڭگىزخان) ئىستىلا قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى تۆت ئوغلىغا سۈيۇرغال قىلىپ بەردى، ... ئۇ قوشۇن ۋە ئەمىرلەرنىمۇ تەقسىم قىلىپ ئۇسۇل بىلەن تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى، شۇنداق قىلىپ ماڭلاي سۈيا رايونىنى دوغلات قەبىلىسى ئىدارە قىلىدىغان بولدى. ماڭلاي سۈيا «ئافتافقا باققان زېمىن» دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاچ، چالىش، ئىسسىق كۆل ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنى بار، كاشغەر (قەشقەر) ۋە خوتەن ئۇنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، دوغلاتلاردىن سۈيۇرغالغا ئېرىشكەن كىشى ـــ ئەمىر بابداخان بولۇپ، بۇ رايون ئاتابەكرى دەۋرىگە قەدەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە مىراس قالغان» ⑦.

«بولاجى ئاقسۆڭەكلەر، چاغاتايخان ئۆز زېمىنىنى سۈيۇرغال قىلىپ بۆلگەندە

---

2 . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 ـ جىلد.
3 . مىر خۋاند: «رەۋزە توسسافا» 3 ـ توم.
4 . «تارىخى رەشىدى» (زەللىي).
5 . «شەجەرەئى تۈرك».
6 . «تارىخى رەشىدى»، 3 ـ باب، خەنزۇچە تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.
7 . موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى».
8 . پازىل ئابدۇللا: «ۋاسافنامە».
9 . «جالالىددىن كېيىنكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈر خان ھەققىدە قىسسە».
10 . سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسى «دۇنيا تارىخى»، 37 ـ باب.
11 . «ئەلشىر ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 400 يىللىقىنى خاتىرىلەش ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ مۇقەددىمىسى.
12 . بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە».

ماڭلاي سۇيا رايونى ئەمىر بولاجىنىڭ ئەجدادى ئورتوبقا تەككەن»(8).

يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تەخمىنەن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ماڭلاي سۇيا رايونى رەسمىي تۈردە دوغلات جەمەتىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىغا ئايلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇنداقتىمۇ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا، مىلادى 1222 - يىلى راھىب چيۇ چۇجى يارلىققا بىنائەن غەربكە سەپەر قىلغاندا، غەربىي رايوندا بولاجى ئىسىملىك بىر موڭغۇل تۇتۇن بېگىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى، بولاجى ئەينى چاغدا موڭغۇل - ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن (9). بەزىلەر ئۇنى ھەيدەرنىڭ كىتابىدا ئېيتىلغان بولاجى دېگەن كىشىمىكىن دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى كىشىنىڭ يىل دەۋرى 100 نەچچە يىل پەرقلەنگەچكە، ئۇنداق بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك. مەن بۇ كىشى بولاجىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشى بولۇشى، ياكى ئورتوب دېگەن ئەمىر بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا يىل دەۋرى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇنداقتا، مۇنداق دېيىشكە، يەنى تەخمىنەن چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، دوغلات قەبىلىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتلانغان، كېيىن غەربىي رايوندا قېپقالغان. ئۇزاق ئۆتمەي چىڭگىزخان زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە، دوغلات قەبىلىسى چاغاتايخانىنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى قەبىلە بولغان، دېيىشكە بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

دوغلات قەبىلىسى چىڭگىزخان دەۋرىدە كىشىلەرگە تونۇلغان بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە قەدەر ئۇنىڭ ئوينىغان رولى باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قارىغاندا ئانچە يېتەرلىك بولمىغان، مەسىلەن، خۇددى راشىدىن ئېيتقاندەك: «بۇرۇن ۋە ھازىر ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرىدىن نام - ئاتاق - ئابروي قازانغانلار بارلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان». ھالبۇكى، چاغاتاي خانلىقى زەئىپلىشىش بىلەنلا، ئۇنىڭغا تەۋە دوغلات قەبىلىسى كۈچىيىش ۋە قۇدرەت تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئاخىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان موغۇلىستان خانلىقىنى قۇرغان.

## 2. دوغلات قەبىلىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادى XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىچكى تالاش - تارتىش، مۇرەككەپ

زىددىيەت توقۇنۇش ئۆپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، بىرلىككە كەلگەن چاغاتاي خانلىقى يىمىرىلدى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىچىدە خان ھوقۇقىنى يۈرگۈزگىدەك نوپۇزى بار ھەمدە بۇنداق ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇۋالالىغىدەك كىشى بولمىغاچقا، ئاللىقاچان قانات - قۇيرۇقلىرى چىقىپ قالغان، ئەسلىدە چاغاتايخانغا تەۋە قەۋملەرنىڭ ئەمىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن باشباشتاق بولۇۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سوردى. ئەبۇغازى: «ھەر بىرجاي، ھەر قايسى قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى خان، قەبىلە خانى دەپ ئېلان قىلغانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ» دەيدۇ. بۇ دەۋرنى ھەتتا بەزىلەر «قەبىلە خانلىرى دەۋرى» دەپ ئاتىغان [10]. غەربىي قىسمىدىكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ خازانخان جەمەتى چاغاتايخاننىڭ ئەۋلادى داشماننى چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىنىغا خان قىلغان، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمدار ئىزدەۋاتقاندا، شەرقىي قىسمىدىكى ئەينى چاغدا موڭغۇللارنىڭ قۇدرەتلىك قەبىلىسى ھېسابلىنىدىغان دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۆزلىرىگە ھەر تەرەپلىمە، ھەر قايسى جايدا «خان» ئىزدىدى. 1347 - يىلى، ئۇلار موغۇلىستاندا سەككىز ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىپ، ئۇنى شەرقىي قىسىم چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلىدى. ھەيدەر كىتابىدا، دوغلات قەبىلىسى تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتايخاننىڭ ئەۋلادى ئىسەن بوقىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خان قىلىپ تىكلىگەن، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى باشقا تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەر ۋە كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «تارىخى رەشىدىيە» دىكى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسەن بوقىنىڭ ئوغلى دېگەن بايان دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى تەرىپىدىن توقۇپ چىقىلغاندەك تۇرىدۇ [11]. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان، چۈنكى ئۇلار «ئۆز قەۋمىدىكىلەرنى قەدىرلىگەن، موڭغۇل ئەمەسلەرنى قورقۇپ بەيئەت قىلغان يات تايپىلار دەپ قاراپ كەمسىتكەن» [12].

دوغلات قەبىلىسى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بولاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قۇستادان بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى بولغان دەۋردە تازا قۇدرەت تاپقان. بۇ دەۋردە، دوغلات جەمەتى ئىنتايىن كۈچەيگەن، بولۇپمۇ بولاجى دەۋرىدە موغۇلىستان خان جەمەتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى دوغلات قەبىلىسى كونترول قىلغان زېمىننىڭ كەڭلىكىدىن پەرەز قىلالايمىز. دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولاجى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان

بولۇپ، ئاتىسىنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئەمەلىيەتتە موغۇلىستان خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقدارىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆز جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى رايوننى شەرقتە كۇچا، بۈگۈرگە، غەربتە پەرغانە ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىغىچە، جەنۇبتا چەرچەن، سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىغىچە كېڭەيتتى. ئۇنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئەنجان، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر بار ئىدى، پايتەختى ئاقسۇدا ئىدى [12]. شۇنداق قىلىپ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىن، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ ئەسەرلىرىدە ئادەتتە ئالتە شەھەر، شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتالغان قەشقەرىيەدىنمۇ خېلى كەڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىمۇ موغۇلىستان زېمىنىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى [13]. بۇنىڭدىن، بۇ چاغدىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ زېمىنى، يەنى «ئاپتاپتا باققان رايونى»، ماھىيەتتە، خانلىقتىكى «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈر 16 يىل تەخت سوراپ، 1363 - يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ تەختتە ئولتارغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە يۈز بەرگەن بىر نەچچە ۋەقە غەربىي رايون تارىخىدا ئىنتايىن زور تەسىر قالدۇردى.

بىرىنچى، تۇغلۇق تۆمۈر — موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شەرق ۋە غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان بۆلۈنۈپ كەتكەن تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تېررىتورىيىسى غەربتە بالقاش كۆلى (بۇ موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان كۆل) گىچە، شەرقتە ئۇيراتلار زېمىنىغىچە، شىمالدا ئېمىل دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسىغىچە، جەنۇبتا پەرغانىدىن قەشقەر، بارىكۆلگىچە (بۇ بايان خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ ئاساسەن ئوخشاش، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «بېشبالىق، ... جەنۇبتا خوتەن بىلەن، شىمالدا ئۇيراتلارنىڭ زېمىنى بىلەن، غەربتە سەمەرقەنت بىلەن، شەرقتە قوچۇ بىلەن چېگرىلىنىدۇ» [14] دېيىلگەن) كېڭەيگەن موغۇلىستان خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن [15]، يەنە ماۋارا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى ماۋارا ئۇننەھردىكى رايونلارغىچە كېڭەيتتى. چاغاتاي خانلىقىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي رايون قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن مالىمانلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكىگە پايدا يەتكۈزدى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىش ۋە قوشۇلۇشنى تېزلىتىشتە بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى.

ئىككىنچى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى موڭغۇللار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا 16 تۈمەن تۈتۈنلۈك موڭغۇل ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئۆز قەۋمىگە باشچىلىق قىلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىپ، كېيىنكى شىنجاڭ تارىخىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنى مىلادى X — XI ئەسىردىكى قاراخانىلار دەۋرىدە غەربىي رايونغا تارالغان، كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تارالغان ۋە ئەۋج ئالغان. لېكىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، ئەينى چاغدىكى غەربىي رايوننىڭ كۆپ قىسىم رايونى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. كۇچادىن ئاقسۇغىچە، جەنۇبتىن شىمالغا بۇددا مەدەنىيىتى ئۆتۈش قىيىن بولغان توساققا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىنى توسۇۋالغان ئىدى. لېكىن تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىسلام دىنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى، شەرقىي قىسمىدا تەدرىجىي تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، مىلادى XVI ئەسىرگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى ئاھالىلار ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدى.

موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدا تېز تارقىلىشى تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىكى ئىككى زور تارىخىي ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككى زور تارىخىي ۋەقەنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىلىرى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى تۇغلۇق تۆمۈرنى چاغاتايخاننىڭ ئەۋلادى دەپ قاراپ ئۆزلىرىگە خان قىلغانلىقى ئۈچۈن، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىمۇ دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ تەسىرى ـ تۈرتكىسىدىن بولغان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈر تېخى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئاۋۋال، موغۇلىستان خانلىقىدا مۇھىم ئەمەل (ئۇۋۋەيبەگ) تۇتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى تۇلەك (ھەيدەرنىڭ بوۋىسى) خۇپىيانە ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ⑰. دوغلات قەبىـ

لىسىنىڭ باشلىقى بولغان تۇرىك ئاللىقاچان ئىسلام دىنىغا ئاللىقاچان ئېتىقاد قىلىغانلىقىدىن، بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى بۇ قەبىلە ئىچىدە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تەسىرى ۋە بىسىمى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەۋمىنى باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان دېيەي بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

دوغلات قەبىلىسىنىڭ موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانلىق ھوقۇقىغا بىۋاسىتە ئارىلاشقانلىقى ۋە ئۇنى كونترول قىلغانلىقى قەمىردىننىڭ ئىسيانىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقەدە ئەڭ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ. ھەيدەرنىڭ خاتىرىلىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈر خان تېخى تەختتىكى چاغدا، خانلىقنىڭ كۈندىلىك مەمۇرىي ئىشلىرىنى كونكرېت باشقۇرىدىغان «ئۇلۇسبېگى» لىك ئەمىلىنى ئەمىر بولاجى ئۈستىگە ئالغان. بولاجىنىڭ ئورنىغا ئاران يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خۇدايداد ۋارىسلىق قىلغان. بۇ تەبىئىيكى خۇدايدادنىڭ تاغىسى ئەمىر قەمىردىننىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇڭا، 1363 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلۈش بىلەنلا، قەمىردىن ئۆز قەۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىر كۈن ئىچىدىلا موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىكى 18 ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خان بولىۋالغان. ئەمەلىيەتتە ئەسلىدە دوغلات قەبىلىسى جەمەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇش موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىراسخور خانلىرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، خان جەمەتلىرىنىڭ قىرغىن قىلىنىشىدەك تارىخىي ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن، بۇ قەبىلە خانلىقتا قانچىلىك تەسىر كۈچ ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ چاغدىكى خانلار «چاغاتاينىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادلىرى» دىن چىققاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى.

قەمىردىن توپىلىڭىدىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەنى خۇدايداد نىڭ شېرىكلىرى قەمىردىننىڭ قىلىچىدىن ئامان قالغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بىردىنبىر ئوغلى — قىدىر خوجىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۇرتىغا قېچىپ كەتتى. قەمىردىن 20 نەچچە يىل موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. بۇ خانلىقنى تارتىۋالغان مەزگىلدە موغۇلىستان خانلىقى دائىرىسىدە ئىچكى ئۇرۇش داۋاملىق يۈز بېرىپ، ھەر ۋاقىت يىغىلىق بولۇپ تۇردى. قارىغاندا ئۇنىڭغا بىرىنچى، قەبىلىلەر ئىتائەت قىلماي، ئىچكى يىغىلىق ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغانلىقى؛ ئىككىنچى، سىرتقى جەھەتتە ماۋارا ئۇننەھردىكى چاغاتاي ئەۋلادى تۆمۈر خاننىڭ ئۈزلۈكسىز بېسىپ كىرگەنلىكى؛ ئۈچىنچى، ئۇ بىر «قۇرچاق خان» نى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، «ھەممە قەبىلىلەر بىر خاننىڭ بوي-

روقىنى ئاڭلايدىغان» ۋەزىيەت يارىتالمىغانلىقى سەۋەب بولغاندەك قىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، پايانسىز كەتكەن يايلاق، بوستانلىقلاردىكى شۇنچە كۆپ قەۋملەر ئىچىدىكى دوغلات قەبىلىسى مۇتلەق نوپۇزى بار تۇرۇقلۇق ئۇلار تەرىپىدىن قانداقمۇ جەلپ قىلىنسۇن؟ بۇ قەمەردىننىڭ ئۆز رەقىبى بىلەن بولغان كۈرەشتە زەئىپ ئورۇندا تۇرۇشىنى، ئاخىرى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ موغۇلىستاندىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ۋاھالەنكى قەمەردىننىڭ رەقىبى، جېنى خۇدايداد قولىدىكى كوزىرى — قىدىر خوجا باشچىلىقىدىكى تەۋە قەۋمدىن پايدىلىنىپ قەمەردىننى مەغلۇب قىلىپ 1389 - يىلى قىدىر خوجىنى موغۇلىستان خانى قىلىپ رەسمىي تىكلىدى.

قەمەردىننىڭ مەغلۇبىيىتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىپ، ئۇلارنىڭ غەربىي رايوندىكى قۇدرەتلىك ئورنىنى تەۋرىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خان جەمەتىنىڭ نوپۇزى ۋە ئەمەلىي كۈچى كۈچىيىش ۋە مۇستەھكەملىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قىدىر خوجا موغۇلىستاننىڭ خانى بولغاندىن كېيىن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايداد ئۆزى ئىگەللىگەن ھوقۇقنى قىدىر خانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئۆز بېشىمچىلىق قىلالمايدىغان، خان جەمەتىنى ھۆرمەتلىمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ دەل دوغلات قەبىلىسىنىڭ موغۇلىستان خانىغا يول قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

قىدىر خوجىدىن باشقا، خۇدايداد يەنە ئىلگىرى-ئاخىر بەش خاننىڭ ھىمايىسىدە موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ دەۋرنى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇدرەت تاپقان باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ ⑱. ئۇۋەيسخان دەۋرىگە قەدەر، بۈگۈنكى شىنجاڭ دائىرىسىدە قۇمۇلدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. ھەر قايسى خانلار يەنە دائىم دېگۈدەك غەربتىكى ماۋرائۇننەھردىكى ھەر قايسى جايلار ۋە شىمالدىكى قۇدرەتلىك قەۋم — ئويراتلارنىڭ زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ، ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قىدىر خوجىدىن باشلاپ، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىڭ سۇلالىسىغا ئولپان يوللاپ، باردى-كەلدى قىلىپ، ئۆزىنى مىڭ سۇلالىسىغا تەۋە دەپ ئاتىغاچقا، موغۇلىستان رايونى مىڭ سۇلالىسىنىڭ «تەۋە» رايونى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قىدىر خوجا، ئۇۋەيسخانلار تەقۋادار، ساداقەتمەن مۇسۇلمانلار بولغاچقا، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئىسلام دىنى ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

قىدىر خوجا، ئۇۋەيسخانلار تۇرپان رايونىغا غازات ئۇرۇشى قوزغىغاندا، ئۇ يەردە بىر نەچچە قېتىم قوشۇن تۇرغۇزغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئۇزاقتىن بۇيانقى بۇددا دىنى رايونىدىمۇ ئىسلام دىنى مۇرتلىرى بارلىققا كەلگەن ھەمدە تەدرىجى ھالدا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان رايونغا ئايلانغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، خۇدايداد ھىمايە قىلىپ كەلگەن موغۇلىستاننىڭ ئالتە خاننىڭ مەزگىلى — يەنىلا دوغلات قەبىلىسى ناھايىتى ئەتىۋالانغان مەزگىل بولغان. بۇ قەبىلىنىڭ خان جەمەتىنى يۆلەپ تۇرغۇزغان تۆھپىسىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قىدىر خوجا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە تۇغلۇق تۆمۈر ۋاقتىدا بۇ قەبىلىگە بەرگەن يەتتە تۈرلۈك ئىمتىياز، كېيىن خۇدايداد قاتارلىق ئەمىرلەرگە بېرىلگەن ئۈچ تۈرلۈك ئىمتىيازنى داۋاملىق ساقلىغاندىن باشقا، يەنە ئۇلارغا ئۈچ تۈرلۈك ئىمتىياز بەرگەن، ئۇنىڭ بىرىدە: «بارلىق ئەمىر - پەرمانلارغا خۇدايدادنىڭ مۆھرى بېسىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ خاننىڭ تامغىسى ئۇنىڭ مۆھرىنىڭ ئالدىغا بېسىلىشى كېرەك» [19] دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن، بۇ دەۋردىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئورنى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزىرىدە، يەنىلا باشقا قەۋملەردىن ئۈستۈن قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇدايداد قاتارلىق ئەمىرلەر ئۆز جەمەتىنىڭ خانلىقتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۆز كۈچىنى زورايتتى. بۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم رايونلار ئەمەلىيەتتە تەدرىجى ھالدا خانلىقنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلغان دوغلات قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ قالدى. ھەيدەر: «(خۇدايدات) قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، باي ۋە كۇچا قاتارلىق رايونلاردا ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىللەپ تۇردى» [20]، «قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، خۇدايدادنىڭ مۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى — پۈرسەت يار بەرسە پۈتكۈل موغۇلىستاننى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئىدى» [21] دەيدۇ. ھالبۇكى، موغۇلىستان خانلىرى بۇنىڭغا خېلى سەگەك بولغاچقا، ئۇلارمۇ دوغلات قەبىلىسىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ خان جەمەتىگە سىڭىپ كىرىشى ۋە كېڭىيىپ كېتىشىنى بىر ئامال قىلىپ چەكلەپ تۇرغان. خۇدايداد قېرىغاندا ئۇۋەيسنىڭ نەسىھىتىگە ئۇنىماي غەربكە — ھەج قىلىشقا كەتكەنلىك ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى تارىخ كىتابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، قارىغاندا ئۇ كەتمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدەك قىلىدۇ. ھەيدەرنىڭ كىتابىدا، خۇدايداد نىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇۋەيس خان بىلەن بولغان زىددىيىتى ناھايىتى چوڭقۇرلىشىپ، موغۇلىستان بىلەن قارشىلى-

www.uyghurkitap.com



شىۋاتقان سەمەرقەنتنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبېك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇۋەيسخان باشچىلىق قىلغان موغۇلىستان قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن خۇدايداد بىلەن ئۇۋەيسخاننىڭ توقۇنۇشى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ موغۇلىستان خانلىقىدىكى ھوقۇقى، ئورنى تۆۋەنلەشكە باشلىغان.

### 3. دوغلات قەبىلىسى بىلەن خان جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى

بارتولدنىڭ تەتقىقاتى: ئۇۋەيسخان 1429 - يىلى ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇۋەيسخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى موغۇلىستان خانلىقى تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، موغۇلىستان خانلىقى ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى ھەمدە قايتا بىرلىككە كېلەلمىدى[23].

ئۇۋەيسخان ئۆلۈش بىلەنلا، موغۇلىستان خانلىقى ئوڭشىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغۇللىرى ھوقۇق مەنپەئەت تالاشقانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇۋەيستىن ئىككى ئوغۇل قالغان بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى يۇنۇس (خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىكى ئەلى)، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئىسەن بوقا ئىدى، موغۇلىستاندىكى كۆپ قىسىم ئەمىرلەر ئىسەن بوقىنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۇنۇس قەۋمىنى باشلاپ سەمەرقەنتكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاچقا، ئىسەن بوقا تەبىئىي ھالدا موغۇلىستاننىڭ خانى بولۇپ قالغان. بۇ مەزگىلدە ئىسەن بوقا خاننىڭ ئوردىسىدا مۇھىم ئەمەل تۇتقانلار يەنىلا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىكى مۇھىم شەخس — خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى سەييىد ئەلى ئىدى.

سەييىد ئەلىنىڭ ئاتىسى — سەييىد ئەخمەت مىرزا ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا، خۇدايدادخان ئوردىسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئوغلى سەييىد ئەخمەت مىرزىنى قەشقەرنى نازارەت — مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. لېكىن سەييىد ئەخمەت مىرزا ئىقتىدارسىز بولغاچقا، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەرلىك خوجىلار سەمەرقەنتتىكى مىرزا ئۇلۇغبېك بىلەن تىل بىرىك

تۇرۇپ ئۇنى قەشقەردىن قوغلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قەشقەر بىلەن ئەنجان سەمەرقەنت خانىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. كېيىن خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى سەييىد ئەلى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا خانغا تەكلىپ بەرگەن، بۇ، ماھىيەتتە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئىدى. ئىسەن بوقا خانمۇ ئېھتىمال دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ ئۆزىگە يار - يۆلەك بولغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان بولسا كېرەك.

ئۈچ يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىسىدا، سەييىد ئەخمەت ئەلى ئاخىرى قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە شۇ يەرنىڭ ئەمەلدارى بولدى. ئۇ قەشقەرگە 24 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت (1434 - ياكى 1435 — 1457 - ياكى 1458 -) ھۆكۈمرانلىق قىلدى [23]. بۇ مەزگىلدە موغۇلىستان خانلىقىدا بىر قېتىم مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ئىسەن بوقاخان موغۇلىستاندىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قەشقەردە تۇرۇۋاتقان سەييىد ئەلى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، دەرھال موغۇلىستانغا قاراپ ئاتلىنىپ، ئىسەن بوقىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئاقسۇدا خانلىقىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قايتىدىن ئۆز قولىغا ئېلىشىغا ياردەملەشتى. بۇ ھەقتە، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى» دە: «خان (ئىسەن بوقا) نىڭ تەختكە چىقىپ، قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن ۋاقىپلاندۇق» دەپ خاتىرىلەنگەن [24]، بۇ، موغۇلىستان يېڭىباشتىن ئىسەن بوقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقەدىن، بۇ مەزگىلدە دوغلات جەمەتىنىڭ كۈچى خېلى قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياردىمى بولغاچقا، ئىسەن بوقاخان يەنە بىر مەھەل موغۇلىستان خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى قېتىم ماۋارا ئۇننەھر رايونىغا يۈرۈش قىلىپ ئەنجاننى قايتۇرۇۋالغان.

ئىسەن بوقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى، تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىدنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. موغۇلىستان خانلىقىنىڭ كۈچىيىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۇ شۇ چاغدا ئىراندا تۇرۇۋاتقان يۇنۇسخاننى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قورال - ياراق، ئەسكەر بېرىپ، ئىسەن بوقىنىڭ غەربكە قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى موغۇلىستانغا شەرق تەرەپتىن بېسىپ كىرىشكە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاكا -

ئۇكا ئىككىسى قايتىدىن ئېلىشىۋاتقاندا، دەسلەپتە موغۇلىستان خانلىقىدىكى ئىسەن بوقىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن يار - يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر گۇرۇھ يۇنۇسنى، يەنە بىر گۇرۇھ ئىسەن بوقىنى قوللىدى.

دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەيىد ئەلى 1457 — 58 - يىلى ئۆلدى، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل قالغان بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى مىرزا سانىز، كىچىكىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىسەن بوقا خاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خان جەمەتى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەبىئىيكى ئىسەن بوقا خاننىڭ قوللىغۇچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. 1461 — 62 - يىلى، ئىسەن بوقا خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى دوست مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يەنە دوست مۇھەممەد خانغا ئەگەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەيىد ئەلىدىن كېيىن قەشقەرنىڭ ئەمەلدارى بولغان مىرزا سانىز بولسا يۇنۇسخاننىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. شۇڭلاشقا، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىن ئاقسۇدىكى دوست مۇھەممەد خاننىڭ قېشىغا كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردىكى سانىز ئالەمدىن ئۆتتى. 1464—65 - يىلى، دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى قەشقەرنىڭ ئاھالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى قارشى ئالدى.

موغۇلىستان خانلىقىدا تەخت ۋارىسى بولغان دوست مىرزا زوراۋان مۆكۈمدار بولغاچقا، گەرچە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭغا بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن دوست مىرزىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ، تالان - تاراج قىلىشىدىن قۇتۇلالمىدى، بۇ قەشقەردىكى دوغلات قەبىلىسى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئەمىرلەر ئۆز قەۋمىنى باشلاپ يۇنۇسخانغا تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن، يۇنۇسخان ئوڭۇشلۇق ھالدا پۈتكۈل موغۇلىستاننىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، يۇنۇسخاننىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلغان رايونى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى يايلاقلار ئىدى. بۇ ھالەتنى، ئاساسلىقى، موغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يۇنۇسخاننىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى موغۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇلار يايلاقنى، يىلقىلارنى، كۆچۈپ يۈرۈپ چېدىردا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، شەھەرلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش-

تىن بىزار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىنى ھىمايە قىلىشتىكى شەرتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ـ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئۆلچەم قىلىش ئىدى، يۇنۇسخان شەھەر ـ بازارلاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش ۋە تىنچ يېزا ـ كەنت تۇرمۇشىنى ياقتۇرسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكى قەۋمىنىڭ رايىغا بېقىپ، يىلبويى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقىدەكلا دوغلات جەمەتىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقۇرۇشىدىكى رايون بولۇپ تۇردۋەردى.

يۇنۇسخان ھۆكۈمرانلىقىدا موغۇلىستان ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر قەدەر تىنچ ۋە گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇردى. ھالبۇكى بۇ مەزگىلدە، دوغلات جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىچكى مالىمانچىلىقتىن بۆلۈنۈشنىڭ ئىزلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ قېتىمقى ئىچكى مالىمانچىلىق مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى ئابابەكرى (خەنزۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى «قوچو مەھكىمىسىنىڭ باج ـ سېلىقى» دا، بۇ كىشىنىڭ مىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ئولپان تاپشۇرغانلىقى بايان قىلىنغان) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن. ئابابەكرى سانىزمىرزىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن دەسلەپتە دوست مىرزىغا تەۋە بولغان. كېيىن ئۇنىڭ خارلىشى تۈپەيلىدىن قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ تاغىسىنىڭ قول ئاستىدا ئەمەلدار بولغان. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، پۇرسەت يار بەرسىلا تاغىسىدىن بۆلۈنۈشنى خىيال قىلغان، شۇڭا ئاسىيلارنى ئۆز يېنىغا توپلاپ باشقىلارنى چەتكە قاققان، چېنىنىڭ بېرىچە ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتىپ تاغىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلاتقان، ھەرۋاقىت قەشقەردىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىغا كۆز تىككەن. ئۇ تۈرلۈك بانىلار بىلەن قەشقەردىن باشقا بىر مۇنچە شەھەر ـ بازارلار، مەسىلەن: خوتەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلارنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇندىن كېيىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، رەسمىي تۈردە تاغىسىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغان. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆزى قوشۇن باشلاپ بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن، بولسىمۇ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. كېيىن ئۇ موغۇلىستاندىكى يۇنۇسخاندىن ياردەم ئېلىپ، 1480 ـ يىلى ئابابەكرىنىڭ مۇھاپىزەتىدىكى مۇھىم بازار ـ يەكەنگە يەنە بىر قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۇنىڭ قوشۇنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلدى، قەشقەرمۇ ئابابەكرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇس بىلەن شەرمەندىلەرچە ئاقسۇغا قاچتى.

ئابابەكرى قەشقەرگە 30 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ قەشقەردـ
ىكى ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدا ئالاھىدە ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككى مەسىلە
بار، ئۇنىڭ بىرى، بۇ مەزگىلدە قەشقەرنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى بۇرۇنقىدەكلا ئابابەكـ
رى باشچىلىقىدىكى دوغلات جەمەتىنىڭ قولىدا بولدى؛ يەنە بىرى، ئابابەكرىنىڭ
بۇ مەزگىلدىكى ھۆكۈمرانلىقى زۇلمەتلىك بولدى، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى ئىنتايىن
قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى. بۇ، كېيىن سەئىدخاننىڭ قەشقەرنى
قايتۇرىۋېلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئابا بەكرى قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، موغۇلىستان خان جەـ
مەتىدىمۇ چاتاق چىقىپ تۇردى. ئالدى بىلەن، يۇنۇسخان شەھەر ـ بازار تۇرمۇـ
شىغا ئىشتىياقى بولغاچقا، موغۇلىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئوغلى سۇلتان مەھـ
مۇتخان ئەسلىدىكى جايىدا تۇرۇپ سىياسىي ئىشلارنى باشقۇردى. 1487 ـ يىلى
ۇنۇسخان قەشقەردە ئۆلدى. ئوغلى سۇلتان مەھمۇتخان تەخت ۋارىسى بولدى
ەمدە بىر مەھەل تاشكەنتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى، 2 ـ قېتىم
ۋارا ئۆتۈنەھىردىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنتنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇشقا
ۇرۇندى، بۇ مەزگىلدە دوغلات جەمەتىنىڭ ئەمرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ
وغلى، يەنى «تارىخى رەشىدىيە» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئاتىسى ـــ مۇھەممەد ھۈسەيىن
وراگان مەھمۇدنىڭ بارگاھى ئۈچۈن كۆچ چىقىرىپ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈـ
چۈن، مەھمۇد ئۆزىنىڭ ئاچىسىنى مۇھەممەد ھۈسەيىنگە ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا كوـ
اگان (كىيوغۇل) دېگەن نامنى بەرگەن ㉕. كېيىن، مەھمۇتخان ئۆزبېك شەيبانىـ
ان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلگەچكە، غەم ـ ئەندىشە، ئۈمىدسىزلىكتە ئاغا ـ
ىنىلىرى بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەھمۇتخان ئوتتۇرا ئاسىـ
ادا، ئاغا ـ ئىنىلىرى موغۇلىستاندا ئالەمدىن ئۆتكەن.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، موغۇلىستاندا تۇرۇۋاتقان ئەھمەت ئوتتۇرا ئاسـ
غا ـــ تاغىسى مەھمۇدنىڭ شەيبانىخانغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم قىلغىلى كەتكەندە،
ۆغۇلىستاننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئوغلى مەنسۇرغا تاپشۇردى. ئاتىسى ئۆلـ
ەندىن كېيىن مەنسۇر تەبىئىي ھالدا موغۇلىستانغا خان بولدى، ئۇ تەخت ۋارىسى
لغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئاكا ـ ئىنىلىرى ۋە قېـ
ندا شلىرىغا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، ئىچكى جەھەتتە مالىمانچىلىق كېلىپ چىقتى،
ىنىڭ ئىنىسى سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كېتىشكە
جبۇر بولدى.

سۇلتان سەئىدخان ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردا پائالىيەتلەندى، بۇ مەزگىلدە دوغلات جەمەتىنىڭ ئەمىرى، «تارىخى رەشىدىيە» نىڭ ئاپتورىنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ ئۆلپەتدىشى بولدى. بۇ كېيىن دوغلات قەبىلىسىنىڭ سەئىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئېتىبارلىنىشىغا ئاساس سالدى. تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىلدە، «تارىخى رەشىدىيە» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ سەئىدخان بارگاھىدا ئەمەل تۇتتى. 1514 - يىلى، سەئىدخان ساقلاۋاتقان ئەنجان نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە ئۆزبېك خانى شەيبانىخانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، سەئىدخان سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ شەھەردىن چېكىنىپ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئەنجاندىن ۋاز كەچتى ۋە موغۇلىستاندىن ئۆتۈپ، كۆپ قېتىملىق تىرىشىش ئارقىلىق قەشقەرنى ئىگىلەپ ياتقان ئابابەكرىنى قوغلاپ چىقىرىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي قىسىم موغۇلىستان خانلىقىدىكى مەنسۇرخان بىلەن قارشىلىشىش ۋەزىيىتى رەسمىي شەكىللەندى.

ئابابەكرى — دوغلات جەمەتىدىكى بىر قەدەر ئىقتىدارلىق ئەمىرلەرنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ قۇرغان قەشقەر ھاكىمىيىتى موغۇلىستان خانلىقىدىن مۇستەقىل بولۇپ، بىر مەھەل خېلى كۈچەيدى. ئۇ موغۇلىستان خانلىرى ئۇيۇشتۇرغان بىر قانچە قېتىملىق قايتارما ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپلا قالماي، يەنە غەربكە — بەدەخشانغا يۈرۈش قىلدى، جەنۇبتا تىبەتنى ئىشغال قىلدى، بىر مەزگىل موغۇلىستاننىڭ ئىچكى قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى موغۇللارنى پەرغانە، ئەنجانلارغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى، ئۆزبېكلارنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى، ھەتتا «ئاچكۆز شىر» دەپ ئاتالغان قىرغىزلارمۇ ئۇنىڭدىن ۋەھىمىگە چۈشتى. مەنسۇرخان مەزگىلىدە، ئۇ قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، موغۇلىستاندىكى مۇھىم شەھەرلەر — ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاننى ئىشغال قىلدى.

ئابابەكرىنىڭ بىر مەھەل قۇدرەتلىك بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە 30 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلىيالىشىدا ئۇنىڭ ئۆزى باتۇر، جەڭگە ماھىر ئىكەنلىكىدىن باشقا، بىرىنچى، قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭ جەمەتىنى يادرو قىلغانلىقى، ئىچكى جەھەتتە بىرلىك، جەڭگىۋارلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغانلىقى؛ ئىككىنچى، باي مۇنبەت قەشقەر بوستانلىقىنى تايانچ بازا قىلىپ، ھەربىي قوشۇن ئاشلىق ۋە يەم-بوغۇز جەھەتتە ئارقا سەپنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتىگە ئىگە بولغاچقا، ھەم ئىلگىرىلىيە-

يدىغان، ھەمچىنىكىنە لەيدىغان، ئارقا سەپتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولغانلىقى؛ ئۈچىنچى،
سلام دىنىنى پائال يولغا قويۇپ، خەلقنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن كونترول قىلىشنى كۆ-
يتكەنلىكى ھەممىدە تەبىقىلەرگە ئايرىلىشى قاتتىق قەۋم ھوقۇقى ۋە شەرىئەت ئارقى-
ى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاستىسىنى ياردەمچى قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. تەخمىنەن
شۇ دەۋردە، موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى يەرلىك مىللەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە
لۇپ كەتكەن بولۇشى ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراق-
شىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئۆتۈش جەريانىنى ئاياقلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ
ەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئابابەكرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە قەش-
رنىڭ قولىدىن كېتىشى دوغلات جەمەتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە يەنە بىر قېتىم زەر-
ە بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئىزچىل تۇردە موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئەتۋالىشى-
سازاۋەر بولۇپ كەلگەن دوغلات جەمەتى بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەچكە،
ان جەمەتىنىڭ ئۇلارنى ئەمەلدارلار ئارىسىدىن قوغلىۋېتىشى ۋاقىت مەسىلىسىدى-
لا گەپ بولۇپ قالدى.

سەئىدخان قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەمەلىي كۈچى يەنىمۇ قۇد-
ەت تاپتى. شۇڭا موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا تۇرۇۋاتقان مەنسۇرخان ئۇنىڭ
لەن سۈزلەشمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى، 1516 - يىلى، ئىككى تەرەپنىڭ
ەلچىلىرى ئالاقىلاشقاندىن كېيىن، ئاغا - ئىنى ئىككىسى ئاقسۇ بىلەن كۇچا
ارىلىقىدىكى ئاباد كەنتىدە كۆرۈشۈپ ياراشتى. بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كې-
شى موغۇلىستاننى 30 نەچچە يىل چوڭراق يېغىلىق بولماي تىنچ ئۆتۈش ئىمكا-
يىتىگە ئىگە قىلدى [26]. 1533 - يىلى، سەئىدخان تىبەتكە قىلغان يۈرۈشىدىن قايى-
ش سەپىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. سەئىدخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى دوغلات قەبى-
سىنى ئەڭ ئاخىرقى ھىمايىچىسىدىن مەھرۇم قىلدى. سەئىدخان تېخى تەختىكى
اغدا، شەرقىي قىسىم موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانى مەنسۇر سابىق خان، ئۆز ئاتى-
ى سۇلتان ئەخمەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن دوغلات جەمەتىنىڭ ئەمىرى جاپ-
ار بېرو باشچىلىقىدىكى كۈچلەرگە زەربە بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دوغلات
ەمەتىنىڭ شەرقىي قىسىم موغۇلىستاندىكى تەسىرى تولۇق تۈگىگەن بولسا كېرەك [27].
ۇڭا سەئىدخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى رەشىت تەختكە چىقىپلا،
وغلات جەمەتىنىڭ باشلىقى، ھەر قايسى ئەمەلدارلارنىڭ سەردارى ھەيدەرنىڭ تا-
ىسى سەييىد مۇھەممەدنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دوغلات جەمەتىگە چېتىشلىقى بار-
ىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن ئۆز ئاتىسى سەئىدخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغ-

قانلىرى ۋە كونا ئەمەلدارلىرىنى ئورنىدىن قوغلاپ چىقاردى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەل مۇشۇ چاغدا سىرتتىكى ھەربىي يۈرۈشتە ئىدى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كەشمىرگە قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالدى. ئالاھەزەل شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ سادىسى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچتى.

بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن دوغلات قەبىلىسى 200 يىللىق پائالىيىتىدىن كېيىن نېمىشقا بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغانلىقى ئۈستىدە تارىخىي كىتابلاردا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. شۇنداقتىمۇ، بىز تارىخىي كىتابلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك ئاز - تولا يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلەيمىز. مەن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى، ئالدى بىلەن غەربىي رايون ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سىياسىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولغانلىقى، كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىدارە قىلىش ئارقىلىق موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ھوقۇقى تەدرىجىي كۈچىيىپ، خان ھوقۇقىنىڭ نوپۇزى ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئۆزىنى چەكلەپ تۇرغان دوغلات جەمەتىگە قاتتىق نارازىلىق، قارشىلىشىش كەيپىياتى بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكتىن، خۇددى سۇلتان مەنسۇرنىڭ: «ئۇلارنى (دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىنى) كۆزدىن يوقاتمىسام، مەن خانلىق تەختىمدە مەڭگۈ خاتىرجەم بولالمايمەن» دېگىنىدەك ھالەتكە كەلگەنلىكتىن، ئۇلار خان ھوقۇقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دوغلات جەمەتىنى ھەر ۋاقىت ئاجىزلىتىپ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايمەن. ئۇنىڭدىن قالسا، موڭغۇل قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركۈلۈش ۋە كۈرەشمۇ مۇھىم بىر سەۋەب بولدى، موغۇلىستان خانلىقى دائىرىسىدە نۇرغۇن قەبىلە، قەۋملەر بولۇپ، ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئۆز ئارا ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئېلىشىپ، بىر - بىرىگە يول بەرمەيتتى، دوغلات قەبىلىسى ئۆزىنىڭ يانتاياقلىق رولىنى ھەر قايسى خانلارنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقى بىلەن ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلدى، ھالبۇكى بۇ مەزگىلدە باشقا قەۋملەرمۇ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى. رىشتخان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، بارلاس قەبىلىسى دوغلات قەبىلىسىدىكىلەرنى ئورنىدىن تەدرىجىي سىقىپ چىقاردى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رىشتخاننىڭ «ھىماتچىسى» لىق ئالاھىدە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، رىشتخاننىڭ قولى ئارقىلىق دوغلات قەبىلىسىدىن چىققان ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئورنىنى ئىگىلەش مەقسىتىگە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنا رايونلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىشى، ئۆز دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇردى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى خوراتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ۋە يەرلىك مىللەت تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زەئىپلىشىشىنىڭ سەۋەبى بولدى.

بىر مەھەل قۇدرەت تاپقان موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى زەئىپلەشكەندىن كېيىن نەگە كەتكەنلىكى ھەققىدىمۇ تارىخىي كىتابلاردا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. تۈرلۈك ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، مەن زەئىپلەشكەندىن كېيىنكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ھەيدەر باشچىلىقىدا كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن باشقا، خېلى كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ كەتكەن، ھازىرقى قازاقلارنىڭ دوغلاتلار دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىسى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەممىدە بۇرۇنقى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بار، دەپ قارايمەن.

ئىزاھاتلار:

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 ـ جىلد، «غەربىي رايون تەزكىرىسى» VI.

② ئەبۇ غازى: «تۈركلەرنىڭ شەجەرىسى»، دېمىسان تەرجىمە قىلغان فرانسۇزچە نۇسخا، 336 ـ بەت.

③ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 154 ـ بەتتىكى ئىزاھ.

④ راشىدىن: «تارىخنامە»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 توم، 1 ـ قىسىم، 316ـ بەت.

⑤ ۋ. بارتولد: «دوغلات» ــ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئېنگلىزچە نەشرى، IV، 662 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىنغان.

⑥ بۇ كىتابنى ن. ئېلئاس بىلەن ئې. روسس ئېنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتاب ۋە ئاپتورىغا دائىر تەپسىلىي ئەھۋاللار ھەققىدە ۋاڭ جىلەيىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى («شىنجاڭ تارىخىدىكى

ئاتاغلىق زاتلار» نىڭ 1 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن) دىن پايدىلىنىڭ.

⑭⑦ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 205 ـ بەت.

⑧ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 155 ـ بەت.

⑨ ليۇ جېژچياڭ: «راھىپ چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھىتى»، ۋاڭ گوۋېي «موڭغۇلچە تارىخ ماتېرىياللارغا تۆت تۈرلۈك ئىزاھ».

⑩ ليۇيىڭشېڭ: «چاغاتاي خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 5 ـ سان.

⑪ ۋ. بارتولىد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا دائىر 12 ـ لېكسىيە»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 213 ـ بەت.

⑫ ياڭ يىكۈي: «يىچېن» ـ «شۆەنليەنتاڭ مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلگەن.

⑬ ئاكمۇ شكېن: «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىلنامىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر مەجمۇئە» 1 ـ سان، 69 ـ بەت.

⑮ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 ـ جىلد، «غەربىي رايون تەزكىرىسى» IV.

⑯ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 ـ قىسىم، 62 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 200 ـ بەت.

⑱ بۇ ئائىلە خانىنىڭ رەت ـ تەرتىپى مۇنداق: قىدىرخوجا، سامچاگان، مۇھەممەد، نەخشىخان، شىر مۇھەممەد، ئۇۋەيس. «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موغۇل خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىل 1 ـ سان.

⑲ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 228 ـ 230 ـ بەتلەر.

⑳ ئەمىر خۇدايدادنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامىلاردىمۇ چېپىلىقىدۇ، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى توغرىسىدا ئەمەلىي خاتىرە» 332 ـ جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى» VI گە قاراڭ. پېرسىيىلىك خوجا غىياسىدىن يازغان: «شاھ رۇخ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر توغرىسىدا خاتىرە» دىمۇ كۆرۈلىدۇ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 105 ـ بەت.

(داۋامى 188 ـ بەتتە)

# شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا

لىن گەن

شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسى كۆپ يىللاردىن بېرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، مىلادى 91 - يىلى شىمالىي تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ غەربكە قېچىپ كەتكەندىن تارتىپ، تاكى مىلادى 290 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە دون دەرياسىنىڭ شەرقىدە پەيدا بولغانغا قەدەر ئۆتكەن 200 يىل ئىچىدە ھۇنلارنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتابلىرىدا ھېچقانداق خاتىرە يوق دېيەرلىك، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە بوش قالغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قىيىن بولغاچقا، ئىلمىي ماقالىلەرمۇ يوق دېيەرلىك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىز ئالىملىرىدىن چى سىخې ئەپەندى «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1977 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلغان «ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى ھەل قىلالمىغان ياكى تولۇق ھەل قىلالمىغان. يولداش شياۋجىژىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1978 - يىل 7 - سانىدا ئېلان قىلغان «ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسىدە، چى سىخې ئەپەندىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ماقالىنىڭ ئۆزى مەخسۇس ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدىكى ئىزدىنىش بولماستىن، بەلكى بىر پارچە مۇنازىرە ماقالىسى بولۇپ قالغان. يۇقىرىقى ئىككى ماقالىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولسىمۇ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھۇنلار مىلادىدىن ئىلگىرى 209 - يىلى باتۇر (مودۇ) تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن،

غەربىي خەن دەۋرىدىكى كۆچىيىش ۋە ئاجىزلىشىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (گۇاڭۋۇدىنىڭ جيەنۋۇ 24 - يىلى، مىلادى 48 - يىلى) گە كەلگەندە، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، جەنۇبتىكىلەر خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ياشىغان. شىمالىي ھۇنلار خەن سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىپ ئۇنىڭ زېمىنىغە دائىم بېسىپ كىرگەن.

شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سالغۇچى كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى خەن سۇلالىسىنىڭ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا باشتىن - ئاخىر زور تەھدىت ۋە توسالغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، خەن سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى ھەمدە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن شىمالىي ھۇنلارغا قارشى پائال تۈردە قايتارما ھۇجۇم ئېلىپ بارغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا كەڭ كۆلەمدە قايتارما ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى مىلادى 89 - يىلى (پادىشاھ خېدىنىڭ يۇڭيۈەن تۇنجى يىلى) باشلانغان. خەن خاندانلىقى سەركەردىسى دۇشيەن، گېڭ بىڭلار بىلەن جەنۇبىي تەڭرىقۇت لەشكەرلىرى بىرلىشىپ، شىمالىي ھۇنلارنى جىلۇ تېغى (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھورىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئوبگىن تېغى) دا ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەن. خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى ئۇنى ھاڭگاي تاغلىرىغىچە قوغلاپ بېرىپ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى تاش ئابىدىگە پۈتۈپ قايتقان. ئىككىنچى يىلى، پادىشاھ خەن فۇ يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل ناھىيىسى) نى ساقلاپ ياتقان قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالغان، ئاندىن جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ جىلۇ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خاڭجىن ئارقا خوشۇنىنىڭ غەربىي جەنۇبى) قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي ھۇنلارغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربە بەرگەن. يارىلانغان شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتكەن. مىلادى 91 - يىلى (يۇڭيۈەن 3 - يىلى) خەن فۇ زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. گېڭ كۈي شىمالىي ھۇنلارنى ئالتۇن تاغ (شىنجاڭدىكى ئالتاي تېغى) دا قاتتىق زەربىگە ئۇچراتقان. شىمالىي تەڭرىقۇت قىسمەن ئادەملىرىنى باشلاپ (قانچىلىك ئادەملىكى نامەلۇم) غەربكە قاچقان. شۇ-

نىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي يىمىرىلگەن.

شىمالىي تەڭرىقۇت مىلادى 91 - يىلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆز ئېلىنى باشلاپ غەربكە قاچقان. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى باشلانغان.

## ئۇنىڭ بىرىنچى مەنزىلى ئۇيسۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونى بولدى

«خەن سۇلالىسى تارىخى» 96 - جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «(ئۇيسۇنلار) شەرقتە ھۇنلار، غەربىي شىمالدا كانگىيە، غەربتە پەرغانە، جەنۇبتا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ». جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا بۇ يەرلەر ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي ھۇنلار بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل قۇملۇقىنىڭ شىمالى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانلىقتىن، شىمالىي تەڭرىقۇت باشلاپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى خەن سۇلالىسىمۇ بىر ۋاقىتلارغىچە بىلەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، «خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى تارىخى» دىكى خاتىرىلەرمۇ بىردەك ئەمەس. 89 - جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە 23 - جىلد «ۋۇشيەن تەزكىرىسى» دە، «شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ قاياققا قاچقانلىقى نامەلۇم» دېيىلگەن. 45 - جىلد «يۈەن ئەن تەزكىرىسى» دە: «شىمالىي تەڭرىقۇت گېڭ كۈيدىن قاتتىق مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئۇيسۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. شىمالدىكى جاي-

---

(21) ن. م. بىرو: «كەشمىر ۋە قەشقەر» ئېنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 23 - بەت.

(22) مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 275 - بەتتىكى ئىزاھ.

(23) يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 265 - بەتتىكى ئىزاھ.

(24) يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 54 - بەت.

(25) يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 332 - بەت.

(26) يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 345 - بەت.

(27) (28) يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 265 - بەت.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

لار بوش قالدى. قالغان ئادەملىرىنىڭ قاياققا كەتكەنلىكى نامەلۇم» دېيىلگەن. «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى «بايان» دا: «شىمالىي تەگرىقۇت قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، بېشىنى كىگىز بىلەن يۆگەپ، ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىگە كەتتى» دېيىلگەن. ھەر جەھەتتىكى ئەھۋاللاردىن ئۇلارنىڭ ئۇيسۇنلارغا كەتكەنلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

شىمالىي تەگرىقۇت قەۋمى ئۇيسۇنلار رايونىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، خىللانغان قىسمى داۋاملىق غەربىي شىمال تەرەپكە يۈرۈپ كانگىيەگە يېتىپ باردۇ، ئاجىز، يۈرەلمەيدىغان كىشىلەر يەنىلا ئۇيسۇنلار يېرىدە قالدۇ. ئۇلارنىڭ داۋاملىق غەربكە ماڭغان ۋاقتى ۋە سەۋەبلىرى ئېنىق ئەمەس. لېكىن غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا، مىلادى 554 - يىلى (شىمالىي چى خانلىقىنىڭ تيەنباۋ 5 - يىلى) يېزىلىپ پۈتكەن «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دا ئازراق خاتىرە بار بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ 102 - جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان.

> ياپيان دۆلىتى ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دەي دۆلىتىگە 10 مىڭ 930 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ يەردىكىلەر بۇرۇن شىمالىي ھۇن تەگرىقۇتىنىڭ قەبىلىلىرى ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھارۋا - ئاتلىقلار سەنگۇنى دۇشيەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان، شىمالىي تەگرىقۇت ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ كانگىيەگە كەتكەن، يول يۈرەلمەيدىغان ئاجىزلار كۇچانىڭ شىمالىدا قېپقالغان. ئۇلار يۈرگەن ۋە تۇرغان يەر دائىرىسى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلەتتى، ئادەملىرى 200 مىڭدىن ئاشاتتى، لياڭجۇلۇقلار ئۇنى ‹تەگرىقۇت خانى› دەپ ئاتايتتى».

بۇ يەردە شۇنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەككى، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ياپيان دۆلىتى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيسۇنلار يېرىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىدا ئەمەس. ئۇيسۇنلار جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ھەمىشە جۇجانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئۆز يەرلىرىنى تاشلاپ غەربتىكى پامىر تاغلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلار بۇ يەردە ياپيان دۆلىتىنى قۇرغان. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

ئۇيسۇن دۆلىتى چىگۇ شەھىرىدە (قەشقەر ئەتراپىدا) بولۇپ، كۇسەنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىدى. دەي دۆلىتىدىن 18 مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. بۇ دۆلەت دائىم جۇجانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقىدىن غەربتىكى پامىر تاغلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن.

كۇسەن هازىرقى شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرى ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان شىمالىي تەگرىقۇت قەبىلىسى غەربتىكى كانگىيىگە كەتتى، «يول يۇرەلمەيدىغان ئاجىز كىشىلەر كۇسەنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتى» دېيىلگەن. قىسمەن ئاجىزلار، ئەمەلىيەتتە، يەنىلا ئۇيسۇنلارنىڭ كونا يېرىدە قېلىشقان. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە ياپبان دۆلىتى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە بار: «بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدا يانار تاغ بار» «گۈڭگۈرت چىقىدۇ، گۈڭگۈرت بىلەن كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدۇ». كۇچا توغرىسىدىكى خاتىرىدە، «بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەيۋەتلىك تاغلاردىن لاۋىلار ئېقىپ چۈشىدۇ، ... بىمارلار ئۇنى ئىستېمال قىلسا دەرمال ساقىيىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «يانار تاغ» ۋە «ھەيۋەتلىك تاغلار» ئەمەلىيەتتە، هازىرقى شىنجاڭدىكى تىيانشان تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى كۇچانىڭ غەربىي شىمالىدىكى ياپبان دۆلىتى، ئەمەلىيەتتە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ يېرىدۇر①.

غەربكە كۆچكەن شىمالىي تەگرىقۇت قەبىلىرىنىڭ ئىككىنچى مەنزىلى ـــ كانگىيە

كانگىيە هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. «تارىخنامە» نىڭ 123 - جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «كانگىيە پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ 2000 چاقىرىم يىراقلىقتا» دېيىلگەن. پەرغانە ئويمانلىقى هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ شەرقىدە، كانگىيە بولسا پەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ يېرى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي ئەتراپلىرى بولىدۇ. «خەن سۇلالىسى تارىخى» 94 - جىلدنىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» ھەم 70 - جىلد «چېن تاڭ تەزكىرىسى» دە، كانگىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسى تالاس شەھىرى (هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جامبۇل) ھەمدە تالاس دەرياسى ئەتراپلىرى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. هازىر قارايدىغان بول-

ساق تالاس دەرياسى دەل سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، «تارىخنامە» دىكى خاتىرە بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە: «چاش خانلىقى بۇرۇنقى كانگىيە بولۇپ، پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا» دېيىلگەن.

ئۈچىنچى مەنزىل — ئالان (ئائورسى)

مىلادى 91 - يىلى شىمالىي تەڭرىقۇت ئۆز قەۋمىنى باشلاپ شىمالىي موڭغۇل قۇملۇقىدىن چىقىپ كەتكەن. مىلادى 290 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان 200 يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاز. مىلادى 290 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ، غەربنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ھۇنلارنىڭ پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن. ئامېرىكا ئالىمى ۋ. م. مېككوۋېرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان تونۇشتۇرۇشىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> «كېيىنكى 200 يىل ئارىلىقىدا ... بىز بۇ شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەھۋالىدىن تامامەن دېگۇدەك بىخەۋەر ......... مەيلى گىرېك ياكى لاتىن يازغۇچىلىرى بولسۇن، ھۇنلارنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ھېچنەرسە بايان قىلمىغان. ئۇلار پەقەت بىر قېتىم ئەرمىنىيە (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشقى كاپكازنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمى) نىڭ كارولى كېگراناس (تەخمىنەن 290 - يىللىرى) لەشكەرلىرى ئىچىدە ئالانلىق ياللانما ئەسكەرلەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر ھۇن قوشۇنىمۇ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بېرىدىم ئەسىردىن كېيىن (تەخمىنەن مىلادى 356 - يىللىرى) بىز پېرسىيىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ Chionites لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدۇق. بۇ Chionites لار ئېھتىمال ھۇنلار بولسا كېرەك» ②.

ئېلىمىز ئالىمى سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى سېيكېسنىڭ «پېرسىيە تارىخى» 1 - تومىدىكى شاھى شاپۇر توغرىسىدىكى بايانلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

www.uyghurkitap.com



«شاپۇرنىڭ مىلادى 350 ـ يىلدىن 357 ـ يىلغىچە شەرقتە ئۇرۇش
قىلغانلىقى تارىخلاردا ئېنىق يېزىلغان. مېنىڭچە تاجاۋۇز قىلغانلار
ئىچىدە Chionites لار يەنى جاھانغا داڭ كەتكەن ھۇنلار مۇبادەر»③.
مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ھۇنلار دۇن دەرياسىنىڭ
شەرقىدىكى ئالانلارنى مەغلۇب قىلىپ غەرب ئەللىرىنى زىلزىلىگە
كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، بۇ ئەھۋال غەرب تارىخچىلىرىنىڭ دىققىتىنى
قوزغىدى. شۇندىن ئېتىبارەن، ھۇنلارنىڭ غەربتىكى پائالىيەتلىرى
تارىخ بېتىدە ئۈزلۈكسىز خاتىرىلىنىپ كەلدى. ئالانلار ئائورسى
دەپمۇ ئاتىلىپ، نامى كېيىن يەنە ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭ نامى
ئەڭ دەسلەپتە «تارىخنامە، پەرغانە تەزكىرىسى» دە كۆرۈلۈپ
مۇنداق دېيىلگەن:

«ئائورسى كانگىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2000 چاقىرىم كېلىـ
دۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى كانگىيلىكلەر بىلەن ئاساسەن
ئوخشىشىپ كېتىدۇ. 100 مىڭدىن ئارتۇق ئوقياچى چەۋەندازى
بار. دېڭىزغە يېقىن، تىك يار يوق، بۇ كاسپىي دېڭىزدۇر».

«كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» 88 ـ جىلد. «غەربىي رايون تەزكىرىسى»
دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«ئائورسى دۆلىتى ئۆز نامىنى ئالان دۆلىتى دەپ ئۆزگەرتكەن،
ئۇنىڭ تۇرغان زېمىنى كانگىيگە قاراشلىق بولۇپ، تۇپرىقى مۇنـ
بەت، قارىغاي كۆپ، ئوت ـ چۆپى مول. خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئاـ
دەتلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى كانگىيلىكلەر بىلەن ئوخشاش».

« ئۈچ خانلىق قىسسىسى، ۋېي خانلىقى قىسسىسى» 30 ـ جىلد «ئۇۋان سىـ
يانپىلىرى شەرقىي يىلار تەزكىرىسى» دە پېي جۇ بەرگەن ئىزاھتا «ۋېي سۇـ
لالىسى تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق
دېيىلگەن:

«غەربىي شىمالدا ئۇيسۇن، كانگىيە ئەللىرى بار ......
يەنە ئائورسى ـ يەنە بىر نامى ئالان دېگەن بىر ئەلمۇ بار، ئۇـ
لارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، كانگىيلىكلەر بىلەن ئوخشاش. غەربـ
تە رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا كانگىيە بىلەن تۇنۇـ

تىشىدۇ. بۇ ئەلدە يۇلغۇن كۆپ چىقىدۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ مال ـ
چارۋا باقىدۇ، ئىلگىرى كانگىيىگە قارايتتى، هازىر قارىمايدۇ».

بۇلاردىن مەلۇمكى، ئالانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەنۇبىي روسىيە ياپلاقلىرى، دون دەرياسىنىڭ شەرقىي ئەتراپلىرى بولۇپ، «دېڭىزغا يېقىن» دېگىنى دون دەرياسى قويۇلىدىغان ئازوۋ دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، دون دەرياسىنىڭ شەرقىدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئارىسىلىقلىرىغىچە بولغان جايلار ۋە كاپكاز تاغ تىزمىلىرى ئالانلارنىڭ زېمىنى ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى تارىخشۇناس ئامىيانۇس. مارسېلىنۇس (330 — 390) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى — «تارىخ» دېگەن كىتاب (بۇ — ياۋروپا تارىخشۇناسلىرى هۇنلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر خاتىرە قالدۇرغان كىتاب) تا بۇ ھەقتە تېخىمۇ توغرا ۋە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان.

تاناي دەرياسى (هازىرقى دون دەرياسى) ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئالانلار سىزا دەرياسى (هازىرقى دوناي دەرياسى) نىڭ شەرقىدىكى پايانسىز سىتويا دالالىرىدا ياشايدۇ. ئۇ يەردە ئالان تاغلىرى بار، ئالانلارنىڭ نامى شۇنىڭدىن كەلگەن. ئۇلار نۇرغۇنلىغان باشقا ئىرقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ... بويسۇندۇرۇلغان ئىرقلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىمۇ ئالانلار دەپ ئاتاشتى ... ئالان تاغ تىزمىلىرى شەرقتە سوزۇلۇپ، ئاھالىسى زىچ، يېرى كەڭ ئەللەرگىچە ھەتتا ئاسىياغىچە يېتىپ كەلدى ... ئالانلار (ئۆز ئىچىدە يەنە بىر مۇنچە ئىرقلارغا بۆلىنىدۇ) ياۋروپا ۋە ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەگە جايلاشقان، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يىراق جايلاشقان، يەنە كېلىپ پايانسىز ياپلاقلاردا چارۋىچىلىق قىلىدىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن نام بىلەن «ئالانلار» دەپلا ئاتالدى»[5].

هۇنلارنىڭ ئالانلارنى هالاك قىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى توغرىسىدا «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» 102 ـ جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە قىسقا (ئەمما ئېنىقلىق مۇھىم) خاتىرىلەر بار، ئەمما ئائورسى (ئالانلار) بىلەن سوغدىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. تەزكىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

www.uyghurkitap.com



«سوغد دۆلىتى پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، قەدىمدە ئائورسى دېيىلەتتى، يەنە بىر نامى ھۇنناشا. بۇ ئەل چوڭ سازلىقتا مەنسۇپ بولۇپ، كانگىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا، دەي خانلىقىدىن 16 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا. بۇرۇن ھۇنلار ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ دۆلىتىنى ئىگىلىۋالغان. خۇنىخان دەۋرىگە قەدەر ئۈچ ئەۋلاد ئۆتكەن. بۇ ئەلنىڭ سودىگەرلىرى دەسلەپتە كۆپرەك لياڭجۇ دىيارىغا بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار گۇزاڭنى ئىشغال قىلىپ (مىلادى 439 - يىلى) ئىززلىرىنىڭ ئۇ يەردە تۇتۇلۇپ قالغان سودىگەرلىرىنى كۆردى. گاۋزۇڭ (خاقان ۋېنچېڭ تۇباجۇن 452 — 465 - يىللىرى تەختتە ئىدى) نىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە سوغد خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، تۇتۇقتىكى ئادەملىرىنى پۇل - مال تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلىپ پەرمان كۈتتى.»

سوغد دېگىنى ئائورسى (ئالان) ئەمەس، «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» 88 - جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە سوغد بىلەن ئائورسى روشەن ھالدا ئىككى دۆلەت دەپ ئايرىلغان، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دا بولسا، ئىككى دۆلەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن («شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن). سوغد — ھازىرقى سوغدىيانا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىدىكى زەرەفشان دەرياسى ئەتراپلىرى بولۇپ، ئائورسى (ئالان) بىلەن ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق، ئىككىسى بىر جاي ئەمەس ⑥. بەزى ئالىملار (ياۋسۇگۇۋ، چى سىخې) ىنچىكە تەكشۈرمەيلا، ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە سوغد ئېلىدىن ئۆتكەن، دەپ قارى ان، بۇ بىر ئۇقۇشۇلماسلىق ⑦.

ھۇنلارنىڭ ئالانلارنى ھالاك قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي يىللىرى ۋە ئۇنىڭ ونكرېت جەريانلىرى ئېنىق ئەمەس. غەرب ئالىملىرىمۇ بۇ ئۇرۇشنى تەخمىنەن ىلادى 350 - يىللىرى باشلىنىپ، 374 - يىللىرى ئاخىرلاشقان، دېگەن پەرەزنىلا وتتۇرىغا قويالايدۇ. ئۇ چاغلاردا ھۇنلار بىردىنلا دون دەرياسى بويلىرىدا پەيدا ولۇپ، ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشكە باشلىغان. ئامىئاناس بۇ توغرىدا قىسقا قىلىپ مۇن اق يازغان:

«ھۇنلار ئالانلارنىڭ زېمىنىنى ئاياق ئاستى قىلدى. ھۇنلار قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان ئالانلار بىلەن ئىتتى

پاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلدى. هۇنلار بىلەن ئالانلار بىرلەشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايدى»⑧.

ئالانلار مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئالانلار هۇنلارغا بويسۇنغان ۋە هۇنلار بىلەن غەربكە يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى جەنۇبىتىكى كاپكاز تاغلىرىغا قېچىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى غەربكە قاراپ يۈرۈپ، شەرقىي گوتلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەرقىي گوتلارنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن (هازىرقى دون دەرياسىنىڭ غەربىدىن دنېستر دەرياسى ئارىلىقىدا). ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، هۇنلار (ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئالىي هۆكۈمرانى بالېمبىر ئىكەن) داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلادى 374 - يىلى شەرقىي گوتلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن. شەرقىي گوتلار هۇنلارنىڭ هۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، دنېستر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى غەربىي گوتلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن. غەربىي گوتلارنىڭ قارشىلىقى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، بىر قىسمى جەنۇبقا قېچىپ، دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ هۇنلار ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان، شۇنداقلا ياۋروپاغا هۇجۇم قىلىشنىڭ پەردىسىنىمۇ ئاچقان.

## هۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ بىرىنچى مەزگىلى
## (مىلادى 374 — 400 - يىللار)

هۇنلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىشىدىن ئىبارەت «كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ خەۋەر، گوتلار ۋە باشقا قەبىلىلەرگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئىلگىرى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل ئادەملەرنىڭ جاهاننىڭ نامەلۇم جايلىرىدىن گويا شىددەتلىك بوران-چاپقۇندەك باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى تالان - تاراج، ۋەيران قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى»⑧. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن شەرقىي گوتلارنىڭ خانى هىرمانىلىك ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ۋارىسى ۋىسىمىر خەۋپلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا تىرىشىپ، هۇنلار بىلەن بىر قانچە قېتىم قانلىق ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇب بولۇپ،

ۆزى قەتلى قىلىنغان. ھېرمانىلىكنىڭ ئوغلى ھۇنامۇند قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ
ۇنلارغا تەسلىم بولغان. قالغان شەرقىي گوتلار ئاراشئۇس بىلەن سافلىكىس ئىككىيـ
ـنىنىڭ باشلامچىلىقىدا غەربكە قاراپ يۈرۈپ، غەربىي گوتلار رايونىغا (دنېستر
ەرياسىنىڭ غەربىگە) ئۆتۈپ كەتكەن. غەربىي گوتلار ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىنىڭ شەپـ
ىنى سېزدۈيلىپ، دەرھال شەرقىي چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن. لېكىن ئاردـ
ىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا غەربىي گوت قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپى ھۇنلارنىڭ تۇيۇقسىزـ
ۇجۇمىغا ئۇچراپ، ناھايىتى ئېغىر چىقىم تارتقان، سانسىز ھەربىي ئەسلىھەلىرىدىن
ايرىلىپ قالغانلىقتىن، ئىلاجسىز جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، دوناي دەرياسىنىڭ
ىمالىدىكى ترانسىلۋانىيە ئورمانلىقلىرىغا (ھازىرقى رومىنىيە زېمىنى) قېچىپ كەتـ
ـەن غەربىي گوتلاردىن تەخمىنەن 200 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئۆز سەردارى
ولتېخنىنىڭ باشلامچىلىقىدا رىم ئىمپېراتورى ۋالىنسونوسنىڭ ئىجازىتى بىلەن دوناي
ەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا كېلىپ پاناھلانغان. رىم تېررىتورىـ
ىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان بۇ غەربىي گوتلار، كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ يەرلىك ئەمەلـ
ارلىرىنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىـ
ىسىگە چىدىماي، خېلى زور كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. غەربىي گوتلار بالقان
يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھەممىلا يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ،
ۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىلگىرى ھۇنلاردىن مەغلۇب
ولغان ئاراشئۇس بىلەن سافلىكىس باشچىلىقىدىكى قالدۇق شەرقىي گوتلارمۇ شۇ
ەزگىللەردە دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بالقان يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولۇپ،
ېلىس بىلەن ماكېدونىيە قاتارلىق جايلارنى تالان - تاراج قىلغان. يەنە بىر ئاز
اقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇنلار بىلەن ئالانلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىمۇ بۇ يەرـ
ىكى توپىلاڭغا قاتناشقان. لېكىن ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى شۇ مەزگىللەردە
ېخىچە دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئەسلى گوتلارغا قاراشلىق جايلاردا بولغاچقا،
ۇ توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ئاز ئىدى.

رىم ئىمپېرىيىسى گوتلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، شەرق - غەربتىكى
ـىللانغان قىسىملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىمپېراتور ۋالېنتىنىئانۇس لەشكەرلىرىگە
ۆزى باشچىلىق قىلىپ، مىلادى 378 - يىلى گوتلارغا قارشى جەڭ قىلغان. نەتىجىدە
ىم قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئەسكەرلىرى ھالاك
ولغان، ئىمپېراتور ۋالېنتىنىئانۇسمۇ ئۆلتۈرۈلگەن، مۇشۇ قېتىمقى جەڭ رىم ئىمپېرىيـ
ىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تەۋرىتىۋەتكەن. ۋالېنتىنىئانۇس ئۆلگەندىن كېيىن، گوتلار ھۇنلارنىڭ

تەھدىتىنى سېزىپ، داۋاملىق رىم ئىمپېرىيىسىدە قېلىۋەرگەن، ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا مادارى يەتمىگەن. ئەڭ ئاخىرى ئىككى تەرەپ 382 - يىلى مۇرەسسە قىلىشقان، مۇرەسسەدىكى ماددىلار بويىچە، غەربىي گوتلار ۋە شەرقىي گوتلار بىلەن بىللە بالقانغا بېسىپ كىرگەن ئالانلار ۋە ھۇنلار بارونىيە (ھازىرقى ۋېنگىر- دەرياسىنىڭ غەربىي ئەتراپلىرى) شۇنىڭدەك يۇقىرى مورىسىيە (بارونىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبى) ئىككى رايوندا ئولتۇراقلىشىدىغان ۋە ئۇلارغا يەر بېرىلىدىغان بولغان؛ غەربىي گوتلار تۆۋەن مورىسىيەدە (يۇقىرى مورىسىيىنىڭ شەرقىدە) ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي گوتلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى كەم، ئەمما غەربىي گوتلار دائىم پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان.

مىلادى 395 - يىلى رىم ئىمپېرىيىسى شەرق - غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

مىلادى 375 — 400 - يىللىرى ئارىلىقىدا، ھۇنلار ئالانلار بىلەن گوتلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى تېخىچە جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدا، يەنى ئالانلار ۋە شەرقىي گوتلارنىڭ يەرلىرىدە قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى جەنۇبتا كاپكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئەرمىنىيە، مېسوپوتامىيە ۋە سۇرىيىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بېسىپ كىرگەن، لېكىن ھەممىلا يەردىن چېكىندۈرۈلگەن. مىلادى 396 - يىلى، يەنە بىر ئاز قىسىم ھۇنلار دەجلە دەرياسى ۋادىسىدىكى تېسفون شەھىرى (ئىران ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى) گە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قارشىلىققا ئۇچراپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. مىلادى 400 - يىللارغا قەدەر، ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى يەنىلا كارپات تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىدە ئىدى. ئەمما 400 - يىلنىڭ كۈز پەسىللىرىدىن باشلاپ، ھۇنلار تۇنجى قېتىم روملار بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان. ئەيىنى ۋاقىتتا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گانىيە ئىسىملىك بىر سەركەردىسى ئاسىيلىق قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دوناي دەياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ، ھازىرقى رومىنىيە تەۋەسىگە قېچىپ كەتمەكچى بولغان؛ ئەمما بۇ جايىنى شۇ مەزگىللەردە ئۇلدىز باشچىلىقىدىكى ھۇنلار ئىگەللەپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلدىز رىم ئىمپېرىيىسىگە دوستلۇق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن گانىيىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كونستانتىنوپول (ئىستانبۇل) دىكى شەرقىي رىم ئىمپېراتورىغا ئەۋەتىپ بەرگەن[10]. تەخمىنەن شۇ مەزگىللەردە، ھۇنلار غەربكە ئىككىنچى باسقۇچلۇق كۆچۈشنى باشلايدۇ.

## ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئىككىنچى مەزگىلى

(مىلادى 400 — 415 - يىللار)

شۇ مەزگىللەردە، سىزا دەرياسىنىڭ شەرقىدە (ھازىرقى ۋېنگىرىيىنىڭ
ەرقىي قىسمىدا) ئولتۇراقلىشىپ قالغان يېڭى گوتلارنى ئۇلدىزنىڭ قول ئاستىدىكى
ر سۈرۈپ كېتىدۇ، ئۇلار قەبىلە باشلىقى رادىگائىسى باشچىلىقىدا غەربكە قېچىپ
وناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغا كېلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي دوناي دەرياسىدىن
ۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بارونىيە ئۆلكىسىگە بېرىۋالىدۇ. ھۇنلار دىم بەرمەي
وغلىغانلىقتىن، ئۇلار 404 - يىلى ئالپتاغلىرىنىڭ شەرقىي بېشى ئارقىلىق ئىتالىيىگە
ېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن 405 - يىلى فائايسۇرى (ھازىرقى فرانسىيىنىڭ
لورانسا ئەتراپلىرى) دا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇساپ زەربە
ېرىشىگە ئۇچراپ، پۈتۈن قوشۇنى دېگۈدەك ھالاك بولىدۇ. گوتلارنىڭ بۇ قېتىم
ۇنداق قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىغا ئۇلدىز قوشۇنىدىكى ھۇنلارنىڭ گوتلارنى
وغلاپ ئىتالىيىگە كىرىش بىلەنلا قالماي، يەنە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى
ىلەن بىرلىشىپ گوتلارغا ئىككى تەرەپتىن زەربە بەرگەنلىكى سەۋەب بولغان.

رادىگائىسى باشچىلىقىدىكى گوتلارنىڭ بارونىيىگە كىرىشى ۋە ھۇنلارنىڭ
ۇلارنى قوغلاپ كېلىشى ئۇزۇندىن بۇيان شۇ جايدا ياشاپ كېلىۋاتقان ۋانداللار،
ىلگىرى ۋېنگىرىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن كەلگەن رىفۇ ئارلار، شۇنىڭدەك ئىلگىرى
ۇنلار قوغلاپ چىقارغان شەرقىي جەنۇبىي روسىيىدىن كەلگەن ئالانلارنىڭ ھەممىسى
نى تەھدىت ئىچىدە قالدۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار مىلادى 401 - يىلى غەربكە كۆچۈشكە
ەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار دەسلەپىدە لىسىيە ۋە نولىكان ئۆلكىلىرىگە (ھازىرقى شىۋېتسا-
رىيىگە قاراشلىق) بارىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار يەنە بېسىم كۈچىگە ئۇچرىغانلىقتىن
داۋاملىق غەربكە كۆچىدۇ. 406 - يىلى رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ گالليا (ھازىر
فرانسىيىنىڭ زېمىنى) گە كېلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىلەن فرانكلار ئوتتۇرىسىدا
قاتتىق ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ، تالاپەت ئېغىر بولىدۇ، لېكىن قالدۇق قىسىملار فرانكلارنىڭ
تۇساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ گاللىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى بېسىۋالىدۇ،
كېيىن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى غالىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ ئۈچ قەۋم
كىشىلەر يولىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبقا قاراپ يۈرىدۇ، 409 - يىلى پىرېنېي تاغ-
لىرىدىن ئۆتۈپ، ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىغا بارىدۇ ھەم ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا

بۆلۈنۈۋېلىپ، نەتىجىدە ئۈچ كارولLۇق (خانلىق) قۇرىدۇ: رىفۇئارلار يېرىم ئارالنىڭ غەربىي شىمالىدا رىفۇئار كاروللىقىنى؛ ئالانلار ھازىرقى پورتۇ- گالىيە زېمىنىدا ئالان كاروللىقىنى؛ ۋاندال‌لار يېرىم ئارالنىڭ قالغان جايىدا ۋاندال كاروللىقىنى قۇرىدۇ، كېيىن ۋاندال كاروللىقى تەسىر كۈچىنى ئافرىكىغىچە كېڭەيتىدۇ.

ۋاندال‌لار، رىفۇئارلار ۋە ئالانلار گالىيادا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقان ھەمدە ئىسپانىيىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان ئىتالىيە ئالرىك باشچىلىقىدىكى تۆۋەن مۆرسىيىدە تۇرۇپ قالغان غەربىي گوتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، بۇنىڭغىمۇ داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىۋاتقان ھۇنلارنىڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېسىم ئىشلەتكەنلىكى سەۋەب بولغان. ئالرىك غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى رىم شەھىرىگە ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. ئۈچىنچى قېتىمىدا (مىلادى 410 - يىلى) شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، تالان - تاراج قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇقەددەس رىم شانۇ - شەۋكىتىدىن مەھرۇم بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئالرىك داۋاملىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئاياق - ئاستى قىلغان ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئالرىك ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاسارف ۋارىسلىق قىلغان. مىلادى 412 - يىلى، ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ گالىيانىڭ جەنۇبىدىكى نۇر- غۇن جايلارنى ئىشغال قىلغان، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىش- قا كۈچى يەتمەي، مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىمپېراتور ۋالېنتىنىئانۇس III سىڭلىسى ھونورىيانى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ غەربىي گوتلار يەنە پىرېنېي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ۋاندال‌لارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ۋاندال كاروللىقىنىڭ ئىلكىدىن ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تارتىۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قۇرغان غەربىي گوت كاروللىقىنىڭ زېمىنى كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلەر ئىچىدە، ھازىرقى فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىسپانىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارغىچە كېڭىيىدۇ.

ئۇلدىز تەخمىنەن مىلادىنىڭ 408 — 415 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن، ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى ئاياغلاشتى.

## ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئۈچىنچى مەزگىلى
## (تەخمىنەن مىلادى 418 — 422 - يىللىرى)

ئۇلدىز ئۆلگەندىن كېيىن، خېلى يىللار ئارىلىقىدىكى ھۇنلارنىڭ ئىشلىرىدىن غەرب ئالىملىرى خەۋەرسىز قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغلاردا ياۋروپادا يازما ۋەسىقىلەر تامامەن يوق دېيەرلىك ئىدى. تاكى يەنە بىر ھۇن سەركەردىسى ئاتتىللا (Attlia) قۇرغان (ئادەتتە «ئاتتىللا خاندانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان خاندانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىش تارىخىنىڭ يەنە بىر يېڭى سەھىپىسى) ئېچىلدى.

بۇ ھۇن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئىككى خانى ئوقتار بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى رۇگا ئىدى. ئوقتارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز، رۇگا خانلىققا ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ نامى چىقمىغان ئىدى. مىلادى 422 - يىلىدىن 426-يىللىرىغىچە ھۇنلارنىڭ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرىپ، سېلىس، ماكېدونىيىدىن ئىبارەت ئىككى جاينى قاتتىق ئاياق - ئاستى قىلغانلىقى، ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي رىم ئىمپېراتورى تېئودوسىئۇس II ھۇنلارنى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن روگاغا ھەر يىلى 350 قاداق (پوند) ئالتۇن خىراج تۆلەپ تۇرۇش بەدىلىگە ئىمپېرىيە چېگرىسىنى پاراكەندە قىلماسلىققا ماقۇل كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

مىلادى 432 - يىلدىن ئىلگىرى دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ئەڭ يېقىن چېگرىداش جايلاردا نۇرغۇن ئۇششاق قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن مۇستەقىل ھالدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ۋە تۈرلۈك كېلىشىملەرنى تۈزۈشكەن ئىدى. لېكىن 432 - يىلىغا كەلگەندە، رۇگا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە، ئىمپېرىيە زېمىنىغا قېچىپ كىرىۋالغان قاچاق ھۇنلارنى تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇششاق قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۇن خاندانلىقىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى، ئىمپېرىيىنىڭ بۇ قەبىلىلەر بىلەن ئىلگىرى تۈزگەن كېلىشىملەرنى بىكار قىلىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق كېلىشىملەرنى پەقەت ھۇن خاندانلىقى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۈزۈشكىلا بولىدىغانلىقىنى جاكالىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، رۇگا ھۇن خاندانلىقى شۇ مەزگىللەردە دوناي دەرى-

ياسىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلاردا بىرلىككە كەلگەن مۇتلەق نوپۇزنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن [11].

ئىمپېراتور تېئودوسىئۇس ئۇرۇش ۋاسىتىسى بىلەن رۇگانىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسىتىن، بەلكى ھۇن خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن. رىم ئەلچىسى ھۇنلارنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، رۇگا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى جىيەنى — بلېدا ۋە ئاتتىللا ۋارىسلىق قىلغان. سۆھبەت نەتىجىسىدە، رىم ئەلچىسى قاچاق ھۇنلارنى تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىداش ئۇششاق قەبىلىلەر بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىم مەسىلىسىدە يول قويغاندىن باشقا، يەنە ئاتتىللانىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ چاغدا ھۇن خاندانلىقىدا ئىككى خان بولغانلىقى ئۈچۈن، رىمنىڭ ھۇنلارغا تاپشۇرىدىغان يىللىق خىراجىتىمۇ ئىككى ئۈلۈش تاپشۇرۇشقا يەنى ھەر يىلى تۆلەيدىغان 350 قاداق ئالتۇننى 700 قاداققا كۆپەيتىشكە ماقۇل بولغان. شۇندىن كېيىن نەچچە ئون يىللارغىچە رىم تارىخنامىلىرىدا ھۇنلارنىڭ پائالىيىتىگە دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇنداق بولۇشى، شۇ چاغلاردا ھۇنلارنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يات مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

بلېدا بىلەن ئاتتىللا بىرلىكتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۇن خاندانلىقىنىڭ زېمىنى زادى قانچىلىك، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى زادى قانچىلىك دائىرىگە كېڭەيگەن ؟ بۇ ھەقتە ماتېرىيال كەم بولغانلىقتىن، غەرب ئالىملىرىمۇ بۇنى ئانچە بىلمەيدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ھۇن خاندانلىقىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ مەركىزى دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىدا بولۇپ، XIX ئەسىردىكى ئاۋستىرو - ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىگە باراۋەر كېلەتتى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مۇشۇ دائىرىدە ھۇنلار گەرچە ھۆكۈمران مىللەت بولسىمۇ، ئەمما نوپۇسى ئاز ئىدى، يەنە دوناي دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بارونىيىدە تۇرۇشلۇق شەرقىي گوتلار ۋە دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇرۇشلۇق گېپىدلار ھۇن خاندانلىقىغا بويسۇناتتى. بۇندىن باشقا، ھۇن خاندانلىقى ھازىرقى گېرمانىيە دائىرىسىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىمۇ خېلى دەرىجىدە كونترول قىلغان ئىدى، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزىغىچە كېڭەيتكەن ئىدى. كېيىنچە، جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدىكى ھۇنلارمۇ (سانى ۋېنگىرىيىدىكى ھۇنلاردىن خېلى كۆپ) مىلادى 435 — 447 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاتتىللانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدى، ئېھتىمال، شۇ چاغدا رۇس

www.uyghurkitap.com



ياپىلاقلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىقلاردا ياشاۋاتقان سلاۋيانلار ۋە فىنلارمۇ بويسۇنغان بولۇشى مۇمكىن. سلاۋيانلار بەلكىم شۇ چاغلاردا «ھۇنلارنىڭ مالىيى» سۈپىتىدە بىرىنچى قېتىم غەربىي ياۋروپاغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

مىلادى 445 - يىلى بىلېدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتتىللا ھۇن خانداىلىقىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. ئوردا دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تۈز لەڭگىلىكتە (ھازىر ۋېنگىرىيە) ئىدى، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى غەربتە رېيىن دەرياسىنىڭ شەرقى، شەرقتە مەركىزىي ئاسىياغىچە ئىدى. شەرقىي ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۇنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى. مىلادى 447 - يىلى، ئاتتىللا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپول (ھازىرقى ئىستانبۇل) غا قوشۇن تارتىپ كەلگەندە، شەرقىي رىم ئىمپېراتورى تىئودوسىئۇس II سۈلھىي قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ياندۇرقى يىلى ھاقارەتلىك شەرتنامە ئىمزالىغان، شەرتنامىدە ئىمپېرىيە ئاتتىللاغا ھەر يىلى 2100 قاداق ئالتۇن خىراجەت تۆلەش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كونا قەرزنى ئادا قىلىش ھېسابىغا 6000 قاداق ئالتۇن بېرىش بەلگىلەنگەن. سۈلھىدىن كېيىن، ئىمپېرىيە ماكسىمىنۇس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى پاننونىيادا تۇرۇشلۇق ئاتتىللاغا تارتۇق يوللاپ، ھال سوراشقا ئەۋەتكەن.

ئاتتىللا مىلادى 434 - يىلى تەختكە چىققاندىن تارتىپ، 450 - يىلىغىچە، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىنتايىن ياخشى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەچكە، ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىدە ھېچقانداق تەسىر قوزغىمىغان. مىلادى 448 - 449 - يىللىرى ئاتتىللا بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەل بولۇنماي كەلگەن بىر مەسىلە تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتتىللا، ئىمپېراتورى ۋالېنتىنىئانۇس III نىڭ سىڭلىسى ھونورىياغا نىكاھلىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىمپېراتوردىن سىڭلىسىنى بېرىشنى ھەمدە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى زېمىنىنىڭ يېرىمىنى تويلۇق تەرىقىسىدە قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرى پۈتۈنلەي رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاتتىللا ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەن.

ئاتتىللانىڭ تاللىۋالغان ھۇجۇم نىشانى رىم ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى گالليا (بۈگۈنكى فىرانسىيە زېمىنى) بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ ئۆزىنى تاللىمىغان. مىلادى 451 - يىلى ئۇ ھەيۋەتلىك زور قوشۇن (ئېيتىشلارغا قارىغاندا 500 مىڭدىن ئاشىدىكەن) تارتىپ رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ گاللىيانىڭ شىمالىي قىسمىغا

بېسىپ كىرگەن، ھە دېگەندىلا بىر قانچە مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان، مېتتىس شەھىرىنى تەلتۆكۈس بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋەتكەن. گاليانىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي بازىسى ئورلېئانىمۇ قورشىۋالغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، رىم سەركەردىسى ئاتېيئۇس شىمالغا ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، ئاتتىللاغا قارشى كاتالونىيە دالاسىدا (دۇروكورتۇرۇم بىلەن مېتتىس ئىككى شەھەر ئارىلىقىدا) دەھشەتلىك جەڭ ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ ئۇزۇن داۋام قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېغىر چىقىم بولغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنلۈك جەڭدىلا 150 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك جەڭدە، يېڭىش-يېڭىلىش ئېنىق ئايرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتتىللادا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتى بولمىغاچقا، قوشۇننى باشلاپ ۋېنگرىيە چېگرىسى ئىچىگە چېكىنگەن.

مىلادى 452-يىلى، ئاتتىللا رىم ئىمپېرىيىسىگە يەنە ھۇجۇم قوزغىغان. بۇ قېتىم ئۇ ھۇجۇم نىشانىنى گالىياغا ئەمەس، ئىتالىيىگە قاراتقان. ئاتتىللا ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئالدى بىلەن ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى مەركىزىي شەھەر خويلېيا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان، شەھەردىكى ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئاياق-ئاستى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بادۇيا، ۋارونا، مىلان شەھەرلىرى ئارقا-ئارقىدىن مۇنقەرز قىلىنغان ۋە تالان-تاراج قىلىنغان. ئاتتىللا يەنە قوشۇنلىرىغا جەنۇبقا، يەنى توپ-توغرا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى رىمغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىشنى ئويلىغان. بىراق، قوشۇندا ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى تارقاپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ، ئاتتىللاغا بىر قانچە قېتىم قايتارما ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاتتىللا قوشۇنلىرىنى دوناي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ھۇن خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە چېكىندۈرگەن. ئىككىنچى يىلى (مىلادى 453-يىلى) ئۇ ئىچىملىككە بېرىلىپ، يېڭىدىن ئۆيلەنگەن ساھىبجامالغا شەھۋانىي نەپسىنى بەك ئۇرۇۋەتكەنلىكتىن، مەست ياتقان ۋاقتىدا بىردىنلا قان قۇسۇپ ئۆلگەن [12].

ئاتتىللانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا، ھۇن خاندانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەن. بۇنىڭغا ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى ماجىرالار، ئاتتىللانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خاندانلىق قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتە خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن گېرمانلار، گېپىدلار ۋە شەرقىي گوتلار باشلامچىلىق بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن؛ نەتىجىدە ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى كارپات تېغىنىڭ

www.uyghurkitap.com



شەرقىغە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ھۇن خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى مەركىزىي رايونى بولغان ۋېنگرىيە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ غالىب بولغان گېرمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. مىلادى 461 - يىلى، ئاتتىلانىڭ بىر ئوغلى دېڭگىزىك قوشۇنىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەربتە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى قايتىدىن تىكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، 468 - يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچلۈك زەربە بېرىشى بىلەن ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ ئۆلگەن. بۇ، غەرب ئەللىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان ھۇنلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئاخىرقى بىر قېتىملىق خاتىرە. شۇندىن باشلاپ، ھۇنلار ياۋروپانىڭ تارىخ سەھنەسىدىن چۈشۈپ قالغان.

ئىزاھلار:

① شياۋجۈشىڭنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن، پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

② مېڭگو ۋېرن ئەپەندىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1958 - يىلى نەشر قىلغان، جاڭ شۈننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى) نىڭ 6 - بابى «ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار».

③ سېن ئەپەندىنىڭ «ئىران غۇزلىرى ۋە ھۇن غۇزلىرى» 1944 - يىلى 5 - ئايدا «ھەقىقەت ژۇرنىلى» نىڭ 1 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان.

④ ئەسلى ئىزاھى: «ستوپيا يەنى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى ئائورسلار غەربىي ئاسىيا بىلەن شەرقىي ياۋروپانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ياۋروپادىكى قىسمى بولسا كارپات تاغلىرى بىلەن دون دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ... ئالانلار — ستوپيانىڭ بىر تارمىقى».

⑤ چى سىخې قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە «دۇنيا تارىخى ماتېرىياللىرىدىن دەسلەپكى توپلام. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي ياۋروپا» غا قارالسۇن. سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1958 - يىل نەشرى، 31 - 32 - بەتلەر.

⑥ شياۋ جۈشىڭنىڭ ماقالىسىدە بۇ ھەقتىمۇ مۇھاكىمىلەر بار.

⑦ ياۋ سۇڭ ۋۇ «ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ھۇنلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتى» دېگەن ماقالىسىدە (1930 - يىلى بېيجىڭ داشۆ «دۆلەت ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى» 2 - جىلد 3 - سانى) ۋە چى سىخې «ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» ۋە «شىمالىي

خانلىقلار تارىخى» دىكى خاتىرىگە ئىشىنىپ قىلىپ، سوغدى بىلەن ئائورسى (ئالان) نى بىر ئەل دەپ قارىغانلىقتىن، ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە سوغد ئېلىدىن ئۆتكەن دەپ ھېسابلىغان.

⑧ يۇقىرىدا ئېيتىلغان چى سېخىي تەرجىمە قىلغان «دۇنيا تارىخى ماتېرىياللىرىدىن دەسلەپكى توپلام»، 34 ـ بەت.

⑨ ئامىئاناسىنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرى، خەنزۇچە تەرجىمىسى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان «دۇنيا تارىخى ماتېرىياللىرىدىن دەسلەپكى توپلام»، 35 ـ بەت.

⑩ مېكگوۋېرن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» جاڭ شۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى. 7 ـ باب «ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار» ۋە ئاۋىستىرىيە ئالىمى تومىنھارفىننىڭ «ھۇنلار دۇنياسى» دېگەن ئەسىرى (لوندون 1973 ـ يىل نەشرى، ئەسلى ماقالە ئېنگلىزچە يېزىلغان) 2 ـ باب 4 ـ پاراگراپ «ئۇلدىرا» قىسمىغا قارالسۇن.

⑪ مېكگوۋېرننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» جاڭ شۇنىڭ تەرجىمىسى 7 ـ باب «ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھۇنلار» ۋە مىنھارفىننىڭ «ھۇنلار دۇنياسى» 2 ـ باب 6 ـ پاراگراپ «ئوقتار ۋە رۇئا» قىسمىغا قارالسۇن.

⑫ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» تەرجىمە نۇسخىسى 7 ـ باب ۋە «ھۇنلار دۇنياسى» 2 ـ باب 7 ـ پاراگراپ «ئاتتىللا»، 8 ـ پاراگراپ «ئاتتىللا خانلىقى».

ھاۋا ساقى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

كىتابخانىلار سەمىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (پەسىللىك ۋە ئايلىق) نىڭ 1986 - يىللىق توپلاملىرى توپلىنىۋاتىدۇ. پەسىللىك ژۇرنال توپلىمى 3.90 يۈەن، ئايلىق ژۇرنال توپلىمى 3.70 يۈەن. كىتابخانىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە پۇل ئەۋەتىپ سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز.

## 86 - يىل 4 - سانىغا تۈزىتىش

13 - بەت، يۇقىرىدىن 4 - قۇردىكى «پەلسەپە تەتقىقات» دېگەننى «تەتقىقات» دەپ؛

14 - بەت، يۇقىرىدىن 14 - قۇردىكى «مىللەتلەرنىڭ» دېگەننى «پەنلەرنىڭ» دەپ؛

23 - بەت، يۇقىرىدىن 7 - قۇردىكى «ئاقىل(تادىر)» نى«ئامىل (تاردۇ)» دەپ،

27 - بەت، يۇقىرىدىن 2 - قۇردىكى «تايانمايمۇ» دېگەننى «تايانمايمۇ ھەتتا گېگىلگە تايانمايمۇ» دەپ؛

28 - بەت، يۇقىرىدىن 10 - قۇردىكى «لېكىن مۇنداق دېگەنلىك» دېگەننى «لېكىن» دەپ، يۇقىرىدىن 15 - قۇردىكى «قىلمىغان تەقدىردىمۇ» دېگەننى «قىلىش ئەمەس، ھەتتا يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخىدىكى» دەپ، تۆۋەندىن 13 - قۇردىكى «قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇنداق تەلەپ قويۇش» دېگەننى «قىلىشمۇ» دەپ؛

30 - بەت، تۆۋەندىن 4 - قۇردىكى «تەقلىدى» دېگەننى «ئەخلىتى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.





3-، 4-رەسىم: راھىبلارنىڭ رەسىمى (ئۈستىدە خەنزۇ، تۈرك، براھما يېزىقلىرىدىكى بېغىشلىما ۋە تاپىنغۇچىنىڭ ئىسمى بار).

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学




تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 37937)
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ.
(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژورناللارنى تىزىملاش نومۇرى №302
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 58 — 81.

باھاسى: 0.60 يۈەن

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1987 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 22 - سان)

www.uyghurkitap.com